# تارىم



12

1990

www.uyghurkitap.com

# «تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر



رەئىس ئۇمەر داۋامەت سۆزلىمەكتە.




يىغىن زالى.



رەئىس سەھنىدە.



چېن بەيچوڭ سۆزلىمەكتە.



يىغىندىن بىر كۆرۈنۈش.



ـەھەممەت شاۋۇدۇن سۆزلىمەكتە.



تۇنجى قېتىملىق «تارىم مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن بىر قىسىم ئاپتورلار.



رەھىم قاسىم سۆزلىمەكتە.

سۈرەتلەرنى قەييۇم تۇرسۇن، دەريا ھەسەن تارتقان.

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژورنال)

12

1990

40 - يىل نەشرى

www.uyghurkitap.com

# بۇ سانىدا

## ماقالىلەر


ت. داۋامەت ................ «تارىم» ژۇرنىلى نەشىر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى
تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز .................... 4
چىن بەيجۇڭ ................ «تارىم» دا ئەدەبىيات گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلسۇن... 7
م. شاۋۇدۇن ................ ئەدەبىياتىمىزنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى يارىتىش ئۈچۈن
تىرىشايلى ........................................ 9
ر. قاسىم ................ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتايلى. ............ 13
تەشەككۈر ۋە ئۈمىد ........................................ 14
«تارىم» ژۇرنىلى نەشىر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى
داغدۇغىلىق تەبرىكلەندى ........................................ 16
تەبرىك خەتلەر ........................................ 20
تۇنجى نۆۋەتلىك «تارىم مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن ئەسەرلەر... 100
ق. تۇردى ................ «تارىم» دولقۇنى ئۇزۇلمەيدۇ ........................ 21
ئە. تۇردى ................ ئەجدادتىن ئەۋلادقىچە........................ 24
ئا. ئۆمەر ................ «تارىم» نىڭ ئىلھامى بىلەن ........................ 29
پېشقەدەم ئەدىب ياسىن ھاجى خۇدابەردى ۋاپات بولدى... 32
ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ........ 34
تەزىيە تېلېگراممىلىرى........................................ 36


## نەسرىي ئەسەرلەر


ئا. ساۋۇت ................ ئۇيپۇقتا قېتىپ قالغان كۈن (پوۋېست)........................ 53
پ. قادىر ................ بالا مېھرى (ھېكايە) ........................ 113
ئۆ. قادىر ................ كۆز يېشىغا تولغان تەقدىر (ھېكايە) ........................ 116
م. مامۇت ................ ئەقىدە (ھېكايە) ........................ 125


## شېئىرلار


س. ئەزىزى ................ ئۆمۈر قامۇسى ........................ 41
ي. خۇدابەردى ................ ۋەسىيىتىم ........................ 42

س. بازىر ............... «تارىم»، سەن مېنىڭ ئانام ............................ 31
م. راشىدىن ............. ياشلىق يالدامىلىرى ................................. 43
ر. سايىت ............... ئۈزۈن مىسرالار ..................................... 45
ئا. مەخسۇت ............. سۇمبۇل چاچلىق قىزلار چۇش كۆردى......................... 48
م. خېۋىر ............... سۆيگۈ نەزمىلىرى .................................... 50
ئا. خېۋىر ............... ئىسمى ئۇلۇغ كەتكەن قىز (باللادا) ...................... 101
ق. بارات ............... شېئىرلار ......................................... 109
ئە. روزى ............... ياشلىق دېگەن شۇنداق بولاركەن ....................... 132
ئا. ئابدۇلھەق ........... ئۈچ شېئىر ........................................ 133
ئەزىزى ................ شېئىرلار ......................................... 135
ئە. جاپپار .............. ئۈمىد ............................................ 138
غ. غۇپۇر................ ياشىغىن ئانا، ياشىغىن ۋەتەن.......................... 138
ن. جېلىل................ ئۈچ رۇبائىي.......................................... 138


## بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز


شائىر قۇربان بارات ...................................................... 139


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


ھ. قاسىم ............... ئوبرازلىق تەپەككۇر پائالىيىتىدىكى بىلىش جەريانى ۋە
ئوبرازلاشتۇرۇش قانۇنىيىتى ............................................ 141
1990 - يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجە ............................................ 148


مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: يۇقىرىدىكى سۈرەت. تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق رەھبەرلەر مۇكاپاتلانغان ئاپتورلارغا مۇكاپات تارقاتماقتا.

تۆۋەندىكى سۈرەت: يىغىندىن كېيىن رەئىس تۆمۈر داۋامەت قەييۇم تۇردى، مەھەممەت زۇنۇن، مەھەممەت شاۋۇدۇن قاتارلىق يولداشلار بىلەن سۈرەتكە چۈشتى.

* *

بۇ ساندىكى قىستۇرما رەسىم ۋە ھۆسنىخەتلەرنى مەھەممەت ئايۇپ، ئابدۇسالاملار ئىشلىگەن.

# «تارىم»نىڭ 40 يىللىقىغا مۇبارەك

## «تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

**تۆمۈر داۋامەت**

يولداشلار، دوستلار!

بىز بۈگۈن بۇ يەردە يازغۇچىلار، شائىرلار، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى، ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى، ئەدەبىياتنى سۆيگۈچىلەر، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا قىزغىن كۆڭۈل بۆلگۈچىلەرنىڭ ۋەكىللىرى جەم بولۇپ، «تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەۋاتىمىز. بۇ بىزنىڭ ئەدەبىيات ساھەمىزدىكى چوڭ بىر خۇشاللىنارلىق ئىش، ئۇيغۇر خەلقىنىڭلا ئەمەس، بەلكى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىكى بىر خۇشاللىنارلىق ئىش. بۇ پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ بىر غەلىبىسى. مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن «تارىم» ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا ھارماي ـ تالماي تۆھپە قوشۇپ كېلىۋاتقان بارلىق ئەدىبلەر، مۇھەررىرلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، سىلەرگە سالام يوللايمەن!

«تارىم» ژۇرنىلى 40 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيىمىزنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى ۋە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلىرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئىمكانىنىڭ بارىچە چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلقىمىزنى مول، ساغلام مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلىدى؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تۆھپە قوشتى؛ پېشقەدەملەر، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشلار ۋە ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىدىن تەركىب تاپقان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قوشۇنىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە زورىيىشىدا تەشكىللىگۈچىلىك رول ئوينىدى؛ پارتىيىمىزنىڭ توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ چەكسىز ئەۋزەللىكلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولمىسا، يېڭى جۇڭگومۇ بولمايتتى»، «جۇڭگونى پەقەت سوتسىيالىزملا قۇتقۇزالايدۇ» دېگەن ھەقىقەتنىڭ كىشىلەر قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ چېچەكلىشى، مېۋە بېرىشىگە تۈرتكە بولدى؛ كۆپلىگەن مەزمۇنى ساغلام، بەدىئىيلىكى يۇقىرى ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى نامايان قىلدى ۋە ئۇنى ئېلىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە ۋە ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىگە تونۇشتۇردى؛ سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، كوممۇنىستىك ئىدىيە، ئەخلاق-پەزىلەتلەرنى مەدھىيىلەپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ ـ ئىتتىپاق ۋەزىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى

ۋە راۋاجلىنىشىنى، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇمۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «تارىم» 40 يىلدىن بۇيان بەزىدە ئەگرى-توقاي يول باسقان بولسىمۇ، ئەمما چوڭ نىشاندىن ئاداشماي، شىنجاڭدىكى ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ تۇغۇندىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز ئورنى ۋە سالاھىيىتىگە لايىق تۆھپە يارىتىپ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلدى.

نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ۋەزىيىتىگە ئوخشاشلا چوڭ ياخشى، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىنىڭ ۋەزىيىتىمۇ چوڭ ياخشى. ھەرمىللەت خەلقى ۋە ھەرمىللەت ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرى ئىجىل-ئىناق. خەلقنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى ياخشى ۋە كۈندىن-كۈنگە ياخشىلانماقتا. پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر-مىللەت خەلقى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، تۈزەش، ياخشىلاش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەۋاتىدۇ، قوش مەدەنىيەت يارىتىش يولىدا باتۇرلارچە ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئۇلۇغ تارىخىي جەرياندا ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتى ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. خەلق ئاممىسى ساغلام، مول مەزمۇنلۇق مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا موھتاج، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ئۆزلىرىنى يېڭى غايىگە ئىنتىلىشكە ئۈندەيدىغان، ئالغا ئىلگىرىلىشكە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدىغان تېخىمۇ كۆپ نادىر ئەسەرلەرگە موھتاج. ئېسىل مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش — پۈتۈن پارتىيە، پۈتكۈل جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە كۆز تىكىۋاتقان مۇھىم مەسىلە، شۇنداقلا مەدەنىيەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا قويۇلغان جىددىي ۋەزىپە. ئەدەبىيات-سەنئەت مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. شۇڭا مەن كەڭ ئەدەبىيات خادىملىرىنىڭ، ئەدەبىي ژۇرنال تەھرىرلىرىنىڭ ئۆز زىممىسىدىكى مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئوبدان ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تارىخ يۈكلىگەن مۇقەددەس بۇرچنى يەكدىللىق بىلەن ئادا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

نۆۋەتتە ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ماركسىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسىنى ۋە ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنى توغرىلاپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى بىلەن بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. بىر قولدا تۈزەش-تەرتىپكە سېلىشنى، بىر قولدا ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ساغلام، مول ۋە رەڭدار مەنىۋى مەھسۇلاتلار ئارقىلىق مەدەنىيەت بازارلىرىنى ۋە ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى ھەممە كىشىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنى، مەنىۋى بوشلۇقنى ئىگىلەش كېرەك. ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە خەلققە ئىلھام بېرىشتىكى ئىجابىي رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشى، ئەمەلىيەتكە، رېئاللىققا يۈزلىنىشى، سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى كۆپرەك يېزىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى

www.uyghurkitap.com

كۈچەيتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى تىكلەش، ھەرمىللەت خەلقى قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەرنى كۆپرەك يېزىشى كېرەك. ئەدەبىيات تەشكىلاتلىرى، ئەدەبىي ژۇرناللار ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشتە، ئەدەبىي ئوبزورچىلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بىز ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئىجادىيەت يۆنىلىشىنى توغرىلاپ، ئىجادىيەت ئىدىيىسىنى جانلاندۇرۇپ، جانلىق، روھلۇق ۋە ئىناق ئىجادىيەت مۇھىتى يارىتىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشتە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئېسىل مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى، چەت ئەللەرنىڭ پايدىلىق ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىش، ئەسەرلەردە ساغلام مەزمۇننى روشەن ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان يۈكسەك بەدىئىيلىكنىڭ بولۇشىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشتە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش كېرەك. ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنىدىكىلەر ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈش، بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلەش، بىر ـ بىرىنى يۆلەش، بىر ـ بىرىدىن ئۆگىنىش، ھەممەيلەن بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىدىغان كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش، بارلىق پرىنسىپسىز تالاش ـ تارتىشلارنى قەتئىي توختىتىش كېرەك.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ: پارتىيە ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشتا، «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز گۈللەندۈرۈپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلۇغ خەلقىمىزگە، ئۇلۇغ دەۋرىمىزگە مۇناسىپ كېلىدىغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى ۋە رول ئېلىش سەنئىتى نەتىجىلىرىنى يارىتىش شارائىتىغا ئىگە بولۇشىغا ياردەم بېرىشى لازىم» دەپ كۆرسەتتى. شۇڭا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى، ھەممە ساھە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ قىيىنچىلىقلىرى ۋە مۇۋاپىق تەلەپلىرىنى پائال ھەل قىلىپ بېرىشى كېرەك.

ئاخىرىدا، مەن «تارىم» نىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، نۇقسانلارنى تۈگىتىپ، نەتىجىلەرنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى پۈتۈن مەملىكەتكە، پۈتۈن دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش، دۇنياۋى شۆھرەتكە ئېرىشتۈرۈش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

كۆپچىلىكنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئىجادىيىتىگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن!

كۆپچىلىككە رەھمەت.

# «تارىم» دا ئەدەبىيات گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلسۇن

چېن بەيجۇڭ

مۇقىم راۋاجلىنىش، ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلەش كەيپىياتى قويۇقلىشىۋاتقان، ئەدەبىيات ساھەسىدە بىر قېتىملىق تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق يېڭى بۇرۇلۇش، يېڭى گۈللىنىش بولۇۋاتقان ۋەزىيەتتە، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونى مول ھوسۇل مەنزىرىسىگە چۆمگەن ئالتۇن كۈز پەسلىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 40 يىللىقىنى بىرلىكتە تەبرىكلىمەكتىمىز. مەن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى ۋە قېرىنداش ئەدەبىي ژۇرناللارغا ۋەكالىتەن «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، شۇنىڭدەك بۇرۇن ۋە ھازىر مۇشۇ گۈلزارغا كۆيۈپ-پىشىپ ئەجىر سىڭدۈرگەن ھەم ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقان باغۋەنلەردىن سەممىي ھال سورايمەن!

«تارىم» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەڭ بالدۇر نەشر قىلىنغان، تەسىرى بىر قەدەر چوڭ ئەدەبىي ژۇرنال، ھەم مەملىكەت بويىچە قېرىنداش مىللەتلەر يېزىقىدا ئەڭ بالدۇر نەشر قىلىنغان ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ بىرى. ئۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە دۇنياغا كەلگەن. «تارىم» ژۇرنىلى 40 يىلدىن بۇيان ۋەتىنىمىزنىڭ جاپا-مۇشەققەتلەر بىلەن ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، بارا-بارا ئۆسۈپ پىشىپ يېتىلدى. ئۇ سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشتا پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىپلا قالماي، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھىم ئەدەبىي ژۇرنال بولۇش سۈپىتى بىلەن شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن بىرلىكتە كۈرەش قىلىۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېڭى تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھەر مىللەت قەھرىمانلىرىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە ئالاھىدە تۆھپە قوشتى. ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر يازغۇچى-شائىرلىرى تۇنجى قەدىمىنى «تارىم» دىن باشلىدى ۋە «تارىم» ئارقىلىق مەملىكەتكە يۈزلەندى، شۇنداقلا بىر تۈركۈم تالانتلىق ياش قەلەم ئىگىلىرىمۇ «تارىم» ئارقىلىق كۆز ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى-سىرتىدا تونۇلۇپ، جامائەتنىڭ دىققىتىنى تارتتى. بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، «تارىم» باشتىن-ئاياغ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، يېڭىلىق يارىتىش، جەسۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەش روھى بويىچە ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىدى. سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋرنىڭ يېڭى قىياپىتى، يېڭى تۇرمۇش، يېڭى ئادەملەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئېسىل ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، كىتابخانلارنى ساغلام، پايدىلىق مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت ئاپتورلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى مۇكاپاتلاش ۋە باشقا مۇكاپاتلاشلاردا مۇكاپاتلاندى. مەملىكەت بويىچە ساپ ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ تىراژى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنلەپ كەتكەن مەزگىلدە «تارىم» ژۇرنىلى ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، خېلى يۇقىرى تارقىتىلىش نىسبىتىنى ساقلاپ،

www.uyghurkitap.com

ھەر مىللەت ئاپتورلىرى ئارىسىدا كەڭ تەسىر پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى نەتىجىسى ۋە تەجرىبىلىرى يەكۈنلەشكە ئەرزىيدۇ، شۇنداقلا قېرىنداش ژۇرناللارنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ.

نەتىجە ئۆتمۈشكە مەنسۇپ، ئەلۋەتتە. يېڭى دەۋر، يېڭى تۇرمۇش، يېڭى مۇشتىرىلار ئوبيېكتى ژۇرنالغا يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى قويىدۇ. «تارىم» نىڭ دەۋر ئۆز زىممىسىگە يۈكلىگەن ۋەزىپىنى تېخىمۇ ئاڭلىق تونۇپ، ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان تىرىشىش نىشانىسىنى بەلگىلەپ، شىنجاڭ تۇپرىقىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، غەربىي دىيارنىڭ ئىسلاھات دەۋرىدىكى رەڭگارەڭ رېئال تۇرمۇشىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ روھىي قىياپىتى ۋە يېڭىچە مىللىي مۇناسىۋىتى، مىللىي پسىخولوگىيىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ژۇرنالنى تېخىمۇ روشەن دەۋر پۇرىقى ۋە دەۋر روھىغا، تېخىمۇ كۈچلۈك مىللىي رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە دەۋر تەرەققىياتى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، كەلگۈسىگە، مەملىكەتكە، دۇنياغا يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلىپ، تېخىمۇ زور ئىجادىي ئەھمىيەتكە ئىگە يۇقىرى سۈپەتلىك ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئېلان قىلىپ ۋە كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەت كىتابخانلىرىغا ۋاقتىدا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇشقا ئاكتىپ كۈچ چىقىرىپ، ئېلىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات خەزىنىسىنى بېيىتىشنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ژۇرنال ھەر مىللەت ئاپتورلىرى بىلەن تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ قويۇق ئالاقە باغلىشى، يېڭى تالانت ئىگىلىرىنى تېخىمۇ زور كۈچ بىلەن بايقىشى ۋە يۆلىشى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ ئىلغار ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى ۋە ژۇرنال باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى تېخىمۇ كەڭ نەزەر ۋە جاسارەت بىلەن ئۆگىنىپ ھەم قوبۇل قىلىپ، ژۇرنالنى بارغانسېرى ياخشى چىقىرىشى لازىم.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىگە قاراشلىق يەتتە قېرىنداش ژۇرنال بوران-چاپقۇنلارنى بىرلىكتە باشتىن كەچۈرۈپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ ئالغا بېسىپ، بىر-بىرىدىن ئۆگىنىدىغان ۋە بىر-بىرىگە ھەمكارلىشىدىغان ئېسىل مۇناسىۋەتنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. بۇنىڭدىن كېيىن قېرىنداش ژۇرناللار ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، ۋاقتى-ۋاقتىدا ئۆزئارا ئۇچۇر، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، يېڭى تالانت ئىگىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تونۇشتۇرۇشنى دائىملىق تۈزۈمگە ئايلاندۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىياتچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق، دوستلۇقنى مۇستەھكەملەش، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات ئىشلىرىنى ئۆستۈرۈش يولىدا ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

كېلەر يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، 1992-يىلى يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى. بۇ تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئىككى بايرامنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، «تارىم» ۋە باشقا ژۇرناللار بالدۇرراق ھەرىكەتكە كېلىپ، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنى ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئۆگىنىش، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، قىزغىن ئىجاد قىلىش دولقۇنىنى قوزغاپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى گۈللىنىشى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى لازىم.

# ئەدەبىياتىمىزنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشايلى

مەھەممەت شاۋزدۇن

يولداشلار، دوستلار!

بۈگۈن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ تويى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك يېڭى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ تويى. بۇ توي جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغانلىقىغا 41 يىل تولغان، پايتەختىمىز بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 11-نۆۋەتلىك ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنى غەلىبىلىك ئاياغلاشقان قۇتلۇق كۈنلەردە ئۆتكۈزۈلمەكتە. مەن تويىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغان بارلىق يولداشلارنى ھەممىدە سىلەر ئارقىلىق «تارىم» ئەدەبىيات گۈلزارىنىڭ رەڭگارەڭ گۈل-چېچەكلەرگە تولۇپ، بارغانسېرى گۈللەپ ياشناپ بۈگۈنكىدەك كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك چىرايلىق گۈل-گۈلىستان بولۇشىغا تىرىشىپ ئەجىر سىڭدۈرگەن، تۆھپە قوشقان، كۆڭۈل بۆلگەن، غەمخورلۇق قىلغان، يار-يۆلەكتە بولغان بارلىق يازغۇچى-شائىرلار، مۇھەررىرلەر، ئەدەبىي تەرجىمانلار، مەتبەئە خادىملىرى، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ھەم رەھبەرلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن!

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 40 يىللىقىغا تەنتەنە قىلىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، «تارىم» ژۇرنىلىدا ئۈچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن نىمشېھىت ئارمىيە داموللا، زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇكېرىم خوجا، پەتتارجان مۇھەممىدى، ئەھمەد زىيائى، ياسىن خۇدابەردى قاتارلىق ھۆرمەتلىك پېشۋالىرىمىزنى چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن سەمىمىي ياد ئېتىمىز.

«تارىم» ژۇرنىلى «شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى» دېگەن نام بىلەن 1951-يىلى 8-ئايدا دۇنياغا كەلدى. ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى بىلەن ئۆلكىلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە نەشر قىلىنغان بۇ ژۇرنال ئۆزى مەيدانغا كەلگەن كۈندىن باشلاپلا ئەدەبىيات-سەنئەتنى ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ياڭراق سىگنالىنى چالدى. شۇ چاغدىن باشلاپ نۇرغۇنلىغان يازغۇچى-شائىرلار ژۇرنالنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، تولۇپ تاشقان ئىجادىيەت قىزغىنلىقى بىلەن قوللىرىغا قەلەم ئېلىپ، مۇشۇ ژۇرنالنى بازا قىلغان ھالدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئازاد زامانىنى، يېڭى تۇرمۇشنى، پارتىيىنى قىزغىن كۈيلەيدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ياراتتى. بۇ ژۇرنالنىڭ دەسلەپكى سانلىرىغا بېسىلغان شائىر ئەلقەم ئەختەمنىڭ «تاڭ ئاتقاندا»، شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ «كۈكچەنداڭ ھەققىدە قەسىدە»، شائىر ئابلىز نازىرىنىڭ «خۇۋاگىخې دولقۇنى»، شائىر نىمشېھىتنىڭ «ئالدىدا» قاتارلىق شېئىرلىرىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسى، ئازاد زامانغا، كومپارتىيىگە بولغان قايناق مۇھەببىتى ئىپا-

دىلەندى. «تارىم» ئۆز سەھىپىسىدە مۇشۇنداق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، دەۋرنىڭ كۈيچىسى ۋە جارچىسى بولدى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى، ئازادە مۇنبىرى، ياخشى مەكتىپى ۋە ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانى بولدى.

سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە گۈللىنىشى ئۇنىڭ 40 يىللىق مۇساپىنى ــ ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتتۈپ، بۈگۈنكى غايەت زور تەرەققىياتقا ئېرىششى تارىم بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتلىك.

«تارىم» 40 يىللىق ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەينىكى، بىز بۇ ئەينەك ئارقىلىق ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھەر خىل ھالىتىنى ۋە مەنزىرىسىنى كۆرىمىز. بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى مەنزىرە بىزنى ئاجايىپ ئىلھاملاندۇردى ۋە خۇرسەن قىلدى.

دەر ھەقىقەت، بۇ ئون يىل ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاجايىپ گۈللەنگەن گۈزەل يېڭى دەۋرىنى ئاچتى. بۇ يېڭى دەۋردىن باشلاپ، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئۇزاققىچە داۋام قىلغان «سول» چىللىق بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ رولى توغرىسىدىكى تار چۈشەنچىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىدىيە جەھەتتە زور ئازادلىققا ئېرىشتى، ئىجادىيەت جەھەتتە زور ئەركىنلىككە ئىگە بولدى. شۇڭا بۇ يېڭى دەۋردە ئەدەبىي ئەسەرلەر سان جەھەتتىن مىسلىسىز كۆپىيىپلا قالماي، ئىدىيىۋىلىك، بەدىئىيلىك جەھەتتە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلدى. مەزمۇن، ژانىر، شەكىل، ئۇسلۇب جەھەتلەردە كۆپ خىللاشقان گۈللەپ ياشناش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى، يېڭى ئەدەبىيات ئەمەلىيىتى يېڭى ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈردى. شۇ نەتىجىدە جۇشقۇن، يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە كۆپلىگەن تالانت ئىگىلىرى مەزمۇت قەدەم، يېپيېڭى قىياپەت ۋە جاسارەت بىلەن ئىجادىيەت مەيدانىغا گۈرسۈلدەپ كىرىپ كېلىپ، ئىجادىيەت مەيدانىدا ئۆزلىرىنىڭ كارامىتىنى كۆرسەتتى ... مانا مۇشۇلار «تارىم» نىڭ سەھىپىلىرىگە يېڭى قان، ئۇنىڭغا يېڭى قىياپەت، يېڭى سەۋىيە، يۇقىرى سۈپەت، مول ھوسۇل ئاتا قىلدى.

1979 - يىلدىن بۇيانقى ئون يىل ئىچىدە «تارىم» نىڭ سەھىپىلىرىدە 7000 دىن ئارتۇق شېئىر - نەزمە، 650 تىن ئارتۇق ھېكايە، ئاخبارات ئەدەبىياتى، نەسىر، 53 پوۋېست، 61 داستان، كۆپلىگەن نەزەرىيىۋى ئىلمىي ماقالىلەر، ئوبزورلار ئېلان قىلىندى. يولداشلار، بۇ ئاز سان ئەمەس. بىز ئىنچىكىلەپ سېلىشتۇرىدىغان بولساق، بۇ ئون يىل داۋامىدا ئېلان قىلىنغان پوۋېستلار ئون يىلدىن ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان پوۋېستلاردىن نەچچە ئون ھەسسە، ھېكايىلەرنىڭ ئۈچ ھەسسىگە يېقىن كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈمىز. بۇپاكىت، بۇئەمەلىيەت!

ئاپتورلار قوشۇنىغا كەلسەك، ھازىر «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ئاپتورلىرى كۆپىيىپ 2500 ئەتراپىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر كۆزگە كۆرۈنگەن تايانچ ئاپتورلار 300 ئەتراپىدا، بۇ ھەقىقەتەن زور قوشۇن.

سان سۈپەتنى بەلگىلەيدۇ. 1981 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرىنىڭ 30 يىلدىن بۇيانقى مۇنەۋۋەر ئە-

شەرلىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ئەسەر-
لەردىن 68 ى تاللىنىپ مۇكاپاتلاندى. بۇ ئومۇمىي مۇكاپاتلانغان 75 پارچە ئەسەرنىڭ
90 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئون يىل داۋامىدا ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە بىرنەچچە قېتىم ئېلىپ
بېرىلغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاش پائالىيەتلىرىدە «تارىم» دا
ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەردىن مۇكاپاتلانغانلىرى تېخىمۇ كۆپ بولدى، بۇلار
بىزنىڭ ئېپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. بۇلتۇر يېقىنقى
دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاشتا مۇكاپاتلانغان
ئەسەر تېخىمۇ كۆپ بولدى. شۇ قېتىم جەمئىي باھالاپ مۇكاپاتلانغان ئەسەر 60 بولۇپ،
بۇنىڭ ئىچىدىكى 19 ئۇيغۇر ئاپتورنىڭ ئەسىرىدىن تولىسى «تارىم» دا ئېلان قىلىنغان
ئەسەرلەر. «تارىم» مۇشۇنداق ئېسىل مەنىۋى گۆھەرلەرنى خەلققە، جەمئىيەتكە تەقدىم
قىلالىغانلىقى ئۈچۈن ماختىنىشقا ھەقلىق.

دېمەك، «تارىم» 40 يىلدىن بۇيان باغۋەن، مەكتەپ، ماھىر تەشكىلاتچى بولۇپ،
خىلمۇ خىل گۈل - چېچەكلەر ۋە نوتا - مايسىلارنى كۆيۈنۈپ پەرۋىش قىلىپ، ھەر-
خىل ئېسىل مېۋىلەرنى يېتىلدۈرۈپ، سىنچى بولۇپ كۆپلىگەن تالانت ئىگىلىرىنى بايقاپ،
ئۇلارنى يېتەكلەپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، خەلقىمىزگە ئېسىل مەنىۋى مەئىشەتلەرنى تەقدىم قىلىپ،
مەنىۋى بايلىقىمىزنىڭ كۆپىيىشىگە، مەنىۋى تۇرمۇشىمىزنىڭ بېيىشىغا، قىسقىسى، ئاپتونوم
رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا مول تۆھپە قوشتى. «تارىم» ژۇرنىلى مەدە-
نىيەت قۇرۇلۇشىمىزنىڭ تۆھپىكارى بولۇشقا مۇناسىپ، شۇڭا «تارىم» ژۇرنىلىمىز جۇڭگو
ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەمئىيىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى شۆبە
جەمئىيىتى تەرىپىدىن يېقىندا مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو ھازىرقى
زامان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى باھالاپ مۇكاپاتلاشتا «باغۋەن» مۇكاپاتىغا
ئېرىشتى!

يولداشلار، دوستلار:

بىز «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەۋاتقىنىمىزدا «تارىم» نىڭ، جۈملىدىن
سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە،
پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە غەلى-
بىلىرىگە قىزغىن تەنتەنە قىلماي تۇرالمايمىز. شۇنداقلا ئەدەبىياتىمىزنىڭ 40 يىللىق
مۇساپىسى، مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەسلەپ ئىلھاملانغان ۋە ھاياجانلانغان ۋاقتىمىزدا، ئەدەبى-
ياتىمىزنىڭ بۈگۈنى ۋە كەلگۈسىگە نەزەر سالماي تۇرالمايمىز.

يولداشلار، دوستلار:

پارتىيىمىز نۆۋەتتە ھەر مىللەت ئاپتورلىرىدىن تۈت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ
تۇرۇش شەرتى ئاستىدا ئەدەبىي ئىجادىيەتنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈشنى تەلەپ قىلماقتا.
ھەممىمىزگە روشەنكى، بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز سىياسىي يۆنىلىشىنىڭ بىردەك-
لىكى ۋە مەزمۇنى، شەكلى، ئۇسلۇبى، ئېقىملىرىنىڭ كۆپ خىل بولۇشى بىرلىكتە كەلتۈ-

www.uyghurkitap.com

رولگەن سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت. بىزنىڭ ئاپتورلىرىمىز ئۇزاقتىن بۇيان، بولۇپمۇ يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى ۋە ئىچىلىش - سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەر خىل جاپا - مۇشەققەتنى يېڭىپ ئىرىشىپ ئىجاد قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشى ۋە گۈللەپ ياشنىشىغا ئاكتىپ تۆھپە قوشۇپ كەلدى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى ئىجادكارلىرىمىزنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بىز ئىجادكارلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇ ياخشى ئەنئەنە ۋە ئېسىل روھنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ئىجادىيەتتە تېخىمۇ كارامەتنى كۆرسىتىپ، دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن، ئامما ئالقىشلايدىغان تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى دادىل ئىجاد قىلىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرۈش، دەۋر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بىز ئەدىبلەرنىڭ شەرەپلىك بۇرچىمىز ۋە ۋەزىپىمىز. بىز ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش يولىدا بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا، كىشىلەرنى جاسارەت بىلەن ئىشلەش، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ پائال ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈشكە، كىشىلەردە ئەخلاق، مۇھەببەت يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق بولغان ھەر خىل ئەسەرلەرنى يارىتىشقا تىرىشىشىمىز لازىم. بۇ بىزنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت ئىشلىرىمىزنىڭ ئاساسىي مۇقامى. بىز يولداشلارنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئاساسىي مۇقامنى پۇختا ئىگىلەپ، ھەرقايسى سەپلەردىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر، دەۋر روھى كۈچلۈك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىشىنى، ئەسەرلەرنى تېما، مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇب جەھەتتىن تېخىمۇ رەڭدار، تېخىمۇ كۆپ خىل قىلىش يولىدا داۋاملىق ئىزدىنىشىنى، ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى يارىتىشقا پىداكارلىق كۆرسىتىشى ۋە تۆھپە قوشۇشىنى چىن قەلبىمىزدىن سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

يولداشلار:

بىزنى ئەدەبىياتىمىزنىڭ يۇقىرى پەللىسى چاقىرماقتا، بىزنى ئەدەبىياتىمىزنىڭ يۈكسەك تەرەققىياتى، پارلاق كەلگۈسى كۈتمەكتە. ۋەزىپە مۇشكۈل ۋە شەرەپلىك. «تارىم» ژۇرنىلى قولىدىن كېلىشىچە بارلىق ئىمكانىيەتنى ھازىرلاپ، بۇ مۇشكۈل ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا بەل باغلىغان ئەزىمەتلىرىمىز ۋە ئىجادكارلىرىمىز ئۈچۈن جان - دىلى بىلەن خىزمەت قىلىپ، ئۇلار ئۈچۈن مۇلازىمەت ئورنى، كەڭ سەھنە - مەيدان، كۆۋرۈك، بالداق، شوتا بولۇشقا ھەر قاچان تەييار.

# خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتايلى!

رەخىم قاسىم

يولداشلار!

بىز بۈگۈن بۇ يەردە «تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا تەنتەنە قىلىۋاتىمىز. مەن ئالدى بىلەن بارلىق يازغۇچى، شائىرلار، ئەدەبىي تەھرىر ۋە ئەدەبىي تەرجىمانلار نامىدىن «تارىم» ژۇرنىلىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن!

«تارىم» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئازادلىقتىن كېيىن تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان بىردىنبىر ئەدەبىي ژۇرنال. ئۇ ئۆزىنىڭ 40 يىللىق مۇساپىسىدە سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى، شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشكە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

«تارىم» ژۇرنىلى ئۆز ئەتراپىغا يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئاپتورلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسى ۋە ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشتە ئالاھىدە رول ئوينىدى. «تارىم» ژۇرنىلى بىر باشلامچى بولۇش سۈپىتى بىلەن كېيىنكى يىللاردا ئاپتونوم رايونىمىزدا تۈرلۈك ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس يارىتىپ بەردى. بىز «تارىم» ژۇرنىلى قولغا كەلتۈرگەن بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى چىن قەلبىمىزدىن ئالقىشلايمىز.

ھازىر ئېلىمىز خەلقى يولداش جاڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ئېلىمىزنى باي ۋە قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلماقتا. بىز ئەدىبلەر مانا بۇ ئۇتلۇق كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇۋاتىمىز، ئېلىمىز خەلقى قولغا كەلتۈرۈۋاتقان غەلىبىلەرنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلىشىمىز كېرەك.

بىز ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ھەم جاپالىق، ھەم شەرەپلىك خىزمەت دەيمىز. ئۇنىڭ جاپالىقلىقى شۇ يەردىكى، ئۇ ھەربىر يازغۇچىدىن كەمتەرلىك بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىشنى، جەمئىيەتنى ۋە ئۇنىڭدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى ئۈزلۈكسىز كۆزىتىشنى، مانا شۇ ئاساستا داۋاملىق ئىزدىنىشنى، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىجادىيەت بىلەن دادىل شۇغۇللىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەربىر يازغۇچىنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىش بەدىلىگە كەلگەن جاپالىق ئەقلىي ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا ئۇ ئىنتايىن شەرەپلىك خىزمەت. چۈنكى، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەنە شۇ مىللەتنىڭ، ئەنە شۇ خەلقنىڭ مەنىۋى خەزىنىسىگە قوشۇلىدىغان بايلىق. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر ناۋائىينىڭ: «ئالەمدە ئەبەدىي ياشاش مۇمكىن ئەمەس، لېكىن ياخشى نام قالدۇرۇش سائادەتتۇر» دېگەن مەشھۇر سۆزى بار. بۇ يەردىكى ياخشى نام قالدۇرۇش دېگەنلىك كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن تۆھپە قالدۇرۇش، دېگەندىن ئىبارەت. بىز يازغان ھەربىر ياخشى ئەسەر بۈگۈن ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى كېلىچەك ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلىدۇ. كېلىچەك ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ

ئالدىنقى شەرتى يەنىلا بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلىش. بۇ ھەقتە مەلۇم بىر يازغۇچى: بۈگۈن ئۈچۈن كېرەك بولمىغان ئەدىبنىڭ كېلىچەك ئۈچۈنمۇ كېرىكى يوق، دەپ توغرا ئېيتقان. بىز بۈگۈنكى پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، خەلقىمىزنىڭ يېڭى دۇنيا قۇرۇش يولىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان رېئال كۈرىشىنى توغرا، جانلىق ۋە ئۆز ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرسەك، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتساق، ئەنە شۇ چاغدا بىز «يازغۇچى — ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى» دېگەن نامغا لايىق ئىش قىلغان بولىمىز.

بۈگۈن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەۋاتقاندا، بىز بارلىق ئەدىبلەر بىردەك ھەرىكەتكە كېلىپ، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئەدەبىياتىمىزنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى!

# تەشەككۈر ۋە ئۈمىد

«تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغان 40 يىلدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، قېرىنداش ئىدارە، تەشكىلاتلار، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە ھەر مىللەت ئاممىسى، ئاپتورلىرى، كىتابخانلىرىنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە سەمىمىي ياردىمىگە ئىگە بولۇپ كەلدى. ھەممەيلەن «تارىم» نى خۇددى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسرىدى؛ ئۇنى مېھرىبان باغۋەندەك كۆيۈنۈپ پەرۋىش قىلدى؛ «تارىم» كۆلگەندە ھەممەيلەن ئۇنىڭ كۈلكىسىگە جور بولدى؛ «تارىم» قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا ھەممەيلەن ياردەم قولىنى سوزدى. شۇڭلاشقا «تارىم» كۈندىن - كۈنگە راۋاج تېپىپ، گۈللەپ ياشناپ، مېۋىسى مول ۋە شېرىن باغقا، خۇش بۇي گۈللەرگە تولغان گۈلشەنگە ئايلىنالىدى. «تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى تەبرىكلىنىۋاتقان كۈنلەردە، نۇرغۇن رەھبەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى؛ نۇرغۇن ئورۇنلار قىزغىن تەبرىك، سەمىمىي تىلەكلەرگە تولغان تەبرىك تېلېگراممىلىرى، تەبرىك خەتلىرىنى ئەۋەتتى ھەمدە لەۋھە، خاتىرە بۇيۇملىرىنى تەقدىم قىلدى. بىز بۇلارغا سەمىمىي تەشەككۈر بىلدۈرىمىز، شۇنداقلا ھەممەيلەننىڭ بۇندىن كېيىنمۇ «تارىم» نى بۇرۇنقىدەكلا، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك قوللىشىنى، «تارىم» غا ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بىزمۇ يولداشلارنىڭ تىلەك ۋە ئۈمىدلىرىنى يەردە قويماي، دەۋر روھى جۇش ئۇرۇپ تۇرىدىغان نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئېلان قىلىپ، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى سەۋىيە يارىتىپ، ئۇنى پۈتۈن مەملىكەتكە، پۈتۈن دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش يولىدا ھارماي - تالماي تىرىشىمىز.

«تارىم» تەھرىر بۆلۈمى

### «تارىم» نىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەپ بېغىشلىما يېزىپ بەرگەن شەخسلەر، تەبرىك تېلېگراممىسى، تەبرىك خەت ئەۋەتكەن، لەۋھە، خاتىرە بويۇمى تەقدىم قىلغان ئورۇنلارنىڭ ئىسىملىكى

بېغىشلىما يېزىپ بەرگەن رەھبەرلەر:

سەيپىدىن ئەزىزى، ئىسمائىل ئەمەت، سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت، جانابىل، ھامىدىن نىياز، بادەي، فېڭ داجېن، ئۇلاتايېۋ، ئىسمائىل مەخسۇت.

بۇلاردىن باشقا ليۇ شياۋۇ، ۋاڭ يۇخۇ قاتارلىق پېشقەدەم يازغۇچىلارمۇ بېغىشلىما يېزىپ ئەۋەتتى.

ۋاڭ مېڭ، ئەكبەر غۇلام تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

تەبرىك تېلېگرامما، تەبرىك خەت ئەۋەتكەن، لەۋھە، خاتىرە بويۇم تەقدىم قىلغان ئورۇنلار مۇنۇلار:

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى مىللەتلەر ئەدەبىياتى باشقارمىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى كومىتېتى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى كومىتېتى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى، شىنخۇا باسما زاۋۇتى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يازغۇچىلار جەمئىيىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، بورتالا ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، قىزىلسۇ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى، شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، شىنجاڭ سىفەن داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، شىخەنزە ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرى تەھرىرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى؛

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ گۇاڭشى، شىزاڭ، ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ شۆبىلىرى؛

«خەلق ئەدەبىياتى»، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى»، «شوغىلا»، «جۇڭگو غەربىي دىيار ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ قىرغىز ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ خۇيزۇ ئەدەبىياتى»، «ئىلى دەرياسى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «يېڭى قاشتېشى»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «دۇنيا ئەدەبىياتى»، «بۇلاق»، «چولپان»، «بوستان» (كورلا)، «بوستان» (بىڭتۈەن)، «قۇمۇل ئەدەبىياتى»، «تۇرپان»، «شىنجاڭ ئاياللىرى»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «ئەدەبىي تەرجىملەر» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈملىرى؛

«ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى»، «خەلق ئارمىيىسى گېزىتى»، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتى، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» تەھرىر بۆلۈملىرى.

www.turkitap.com

# «تارىم» ژۇرنىلى نەشىر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى داغدۇغىلىق تەبرىكلەندى

ئازادلىق باھارى بىلەن تەڭ دېگۈدەك تۆرەلگەن «تارىم» ئۆزىنىڭ خاسىيەتلىك 40 باھارىنى باشتىن كەچۈرۈپ، تازا قىرانلىق دەۋرگە قەدەم قويۇپ، زامانىمىز ئەدەبىياتىدا يېڭى ۋە نۇرلۇق سەھىپە ئاچتى. ئۇ 1951-يىل 8-ئايدا، خەلقىمىز سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە قەد كۆتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك يېڭى ھاياتقا يۈزلىنىۋاتقان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغان تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ شىنجاڭدىكى ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ تۇغۇندىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇشۇ زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭلا ئەمەس، بەلكى شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىدىمۇ ئۈنۈملۈك تۇپراق بولدى. «تارىم» 40 يىلدىن بۇيان يېڭى دەۋرىمىزنىڭ ئاكتىپ كۈيچىسى، ئەدىبلەرنى تەربىيىلەيدىغان مەكتەپ، كەڭ ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەدەبىيات تەرەققىياتىنى، ئەدەبىيات ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزىدىغان سىگنال ۋە كۆۋرۈك، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ مەشھۇر ئەدىبلىرىنى، مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان ئاق كۆڭۈل ئەلچى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى بىرقەدەر كەڭ، سىستېمىلىق تونۇشتۇرىدىغان بەلەن سورۇن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نامايەندە ۋە ئەينەك بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچى ۋە ۋەزىپىسىنى يەكدىللىق بىلەن تىرىشىپ ئادا قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى، شۇنداقلا كۆپ مىللەتلىك شىنجاڭ ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشكە، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، شىنجاڭدا قوش مەدەنىيەت يارىتىشقا ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. «تارىم» نىڭ 40 يىلدىن بۇيانقى مانا شۇ تۆھپىلىرىنى ئەسلەش، تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىپ، تېخىمۇ مول ۋە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە پۇختا ئاساس يارىتىش ئۈچۈن، «تارىم» ژۇرنىلى نەشىر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى بىر قاتار پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلۈپ داغدۇغىلىق تەبرىكلەندى.

10-ئاينىڭ 8-كۈنى ئۈرۈمچىدىكى «خەلق تىياتىرى» دا داغدۇغىلىق تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ئۈرۈمچىدىكى يازغۇچىلار، شائىرلار، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى، ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى، ئەدەبىياتنى سۆيگۈچىلەر، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا قىزغىن كۆڭۈل بۆلگۈ-

چىلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن 1000 دىن ئارتۇق كىشى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ماھنۇر قاسىم، ئابدۇرېھىم لېتىپ، قۇربانئەلى ئوسپان، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم روزى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن قەييۇم تۇردى، مەھەممەت زۇنۇن، ئاۋۇت توختى، ئەنسەرىدىن مۇسا، ھاكىم جاپپار، ئەمەت تۇردى، نۇرمەھەممەت دۆلەتى، سەيپۇل يۇسۇپ، ئىمىن ئەخمىدى، ئوبۇل ئىسلام، چېن بەيجۇڭ، ئابلىز نازىرى، ئەلقەم ئەختەم، ساخە قاتارلىقلار قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى بادەي، باش كاتىپى قاسىم ھىمىت ئالاھىدە تېلېفون بېرىپ، يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشىغا قىزغىن تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

يىغىندا ئالدى بىلەن جوڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى مەھەممەت شاۋۇدۇن «ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى سەۋىيىسىنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشايلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. ئۇ «تارىم» نىڭ 40 يىلدىن بۇيانقى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەسلەپ كېلىپ مۇنداق دېدى: پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى «10 يىل ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاجايىپ گۈللەنگەن گۈزەل يېڭى دەۋرىنى ئاچتى. بۇ يېڭى دەۋردىن باشلاپ، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئۇزاقچە داۋام قىلغان «سول» چىللىق بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ رولى توغرىسىدىكى تار چۈشەنچىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىدىيە جەھەتتە زور ئازادلىققا ئېرىشتى، ئىجادىيەت جەھەتتە زور ئەركىنلىككە ئىگە بولدى. شۇڭا بۇ يېڭى دەۋردە ئەدەبىي ئەسەرلەر سان جەھەتتىن مىسلىسىز كۆپىيىپلا قالماي، ئىدىيىۋىلىك، بەدىئىيلىك جەھەتتە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلدى، مەزمۇن، ژانىر، شەكىل، ئۇسلۇب جەھەتلەردە كۆپ خىللاشقان گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى...»

يولداش مەھەممەت شاۋۇدۇن ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇندىن كېيىنكى تەرەققىياتى ھەققىدە توختالغىنىدا مۇنداق دېدى: «پارتىيىمىز نۆۋەتتە ھەر مىللەت ئاپتورلىرىدىن تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا ئەدەبىي ئىجادىيەتنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈشنى تەلەپ قىلماقتا... بىز ئىجادكارلارنىڭ ئىجادچانلىق روھىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ، ئىجادىيەتتە تېخىمۇ كارامىتىنى كۆرسىتىپ، دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن، ئامما ئالقىشلايدىغان تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى دادىل ئىجاد قىلىشنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز... بىزنى ئەدەبىياتىمىزنىڭ يۇقىرى پەللىسى چاقىرماقتا، ئەدەبىياتىمىزنىڭ يۈكسەك تەرەققىياتى، پارلاق كەلگۈسى كۈتمەكتە. ۋەزىپە مۈشكۈل ۋە شەرەپلىك. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا بەل باغلىغان ئەزىمەتلىرىمىز ۋە ئىجادكارلىرىمىز ئۈچۈن جان - دىلى بىلەن خىزمەت قىلىپ ئۇلار ئۈچۈن مۇلازىمەت ئورنى، كەڭ سەھنە، مەيدان، كۆۋرۈك، بالداق، شوتا بولۇشقا «تارىم» ھەرقاچان تەييار.»

ئارقىدىنلا يولداش چېن بەيجۇڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچى-

www.uyghurkitap.com

لەر بىرلەشمىسىگە، يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە، قېرىنداش ئەدەبىي ژۇرناللار تەھرىر بۆلۈملىرىگە ۋەكالىتەن «تارىم» دا ئەدەبىيات گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلسۇن» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «تارىم» ژۇرنىلى 40 يىلدىن بۇيان سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشتا پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىپلا قالماي، بەلكى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھىم ئەدەبىي ژۇرنال بولۇش سۈپىتى بىلەن شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن بىرلىكتە كۈرەش قىلىۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېڭى تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھەر مىللەت قەھرىمانلىرىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ئىشلىرىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئالاھىدە تۆھپە قوشتى. بولۇپمۇ 3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان، باشتىن - ئاياغ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، يېڭىلىق يارىتىش، جەسۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەش روھى بويىچە ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىدى. سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋرنىڭ يېڭى قىياپىتى، يېڭى تۇرمۇش، يېڭى ئادەملەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئېسىل ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، كىتابخانلارنى ساغلام، پايدىلىق مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت ئاپتورلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى مۇكاپاتلاش ۋە باشقا مۇكاپاتلاشلاردا مۇكاپاتلاندى.»

ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «كېلەر يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، 1992 - يىلى ماۋ زېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق» ى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى، بۇ تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئىككى بايرامنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، «تارىم» ۋە باشقا ژۇرناللار بالدۇرراق ھەرىكەتكە كېلىپ، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئۆگىنىش، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش، قىزغىن ئىجاد قىلىش دولقۇنىنى قوزغاپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى گۈللىنىشى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت يارىتىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى لازىم.»

يىغىندا يولداش تۆمۈر داۋامەت گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ «تارىم» نىڭ 40 يىلدىن بۇيانقى نەتىجە، تۆھپىلىرىگە يۇقىرى باھا بەرگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «نۆۋەتتە ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىنى ۋە ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى توغرىلاپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى بىلەن بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. بىر قولدا تۈزەش، تەرتىپكە سېلىشنى، بىر قولدا ئەدەبىيات - سەنئەتنى

گۈللەندۈرۈشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ساغلام، مول ۋە رەڭدار مەنىۋى مەھسۇلاتلار ئارقىلىق مەدەنىيەت بازارلىرىنى ۋە ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى ھەممە كىشىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنى، مەنىۋى بوشلۇقىنى ئىگىلەش كېرەك. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە خەلقنى ئىلھام بېرىشتىكى ئىجابىي رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشى، ئەمەلىيەتكە، رېئاللىققا يۈزلىنىشى، سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى كۆپرەك يېزىشى، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەرنى كۆپرەك يېزىشى كېرەك.»

يولداش تۆمۈر داۋامەت تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشتە، ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش كېرەك. ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىدىكىلەر ئارىسىدا بىر بىرىگە كۆيۈنۈش، بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەش، بىر - بىرىنى يۆلەش، بىر - بىرىدىن ئۆگىنىش، ھەممىلەن بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىدىغان كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش، بارلىق پرىنسىپسىز تالاش - تارتىشلارنى تۈگىتىش كېرەك.»

يولداش تۆمۈر داۋامەت: «ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئەدەبىيات - سەنئەتكە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى، ھەممە ساھە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ قىيىنچىلىقلىرى ۋە مۇۋاپىق تەلەپلىرىنى پائال ھەل قىلىپ بېرىشى كېرەك» دەپ ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسەتتى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندا، يىغىن قاتناشچىلىرى ھاياجان بىلەن ئۇزاققىچە ئالقىش ياڭراتتى.

يازغۇچىلار، تەھرىرلەر، ئەدەبىي تەرجىمانلارنىڭ ۋەكىلى رەخىم قاسىمۇ يىغىندا سۆز قىلدى.

ئارقىدىن تۇنجى نۆۋەتلىك «تارىم مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرىغا مۇكاپات تارقىتىلدى، «تارىم» تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن، «تارىم» تەھرىر ھەيئىتىگە قاتناشقان 60 دىن ئارتۇق يولداشقا شەرەپ گۇۋاھنامىسى ۋە خاتىرە بۇيۇمى تارقىتىلدى.

13 - ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن «بوغدا» مېھمانخانىسىدا «تارىم» نىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن سۆھبەت ۋە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىنغا 400 دىن ئارتۇق ئەدەبىيات - سەنئەت خادىمى ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر قاتناشتى. يىغىندا يولداشلار «تارىم» نىڭ 40 يىلدىن بۇيانقى نەتىجىلىرىنى مەدھىيىلىدى، ئۇنىڭدىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرىنى بىلدۈردى، شائىرلار «تارىم» غا بېغىشلانغان شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلدى، ناخشىچىلار جۇشقۇن ناخشىلارنى ياڭراتتى، ئۇسسۇلچىلار قارلىغاچتەك جەۋلان قىلىپ كۆڭۈللەرنى يايراتتى. يىغىن دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق، شاد - خۇراملىق كەيپىياتىغا چۆمدى.

ئۆز مۇخبىرىمىز

# تەبرىك خەتلەر

«تارىم» تەھرىر بۆلۈمىگە:

«تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا تەنتەنە قىلىنىۋاتقان خاسىيەتلىك پەيتتە، بىز خۇددى ئۇزۇمزار شەھەر تۇرپاننىڭ تومۇز ئاپتىپىدەك قىزغىن ھېسسىياتىمىز بىلەن «تارىم» نىڭ 40 يىللىق مەرىكىسىنى تەبرىكلەيمىز.

«تارىم» 40 يىلدىن بۇيان سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىپ ياشنىشىغا غايەت زور تۆھپە قوشتى.

«تارىم» كەڭ ئاپتورلارنى تەربىيىلەپ يېتەكلەيدىغان بىر ياخشى مەكتەپ بولۇپلا قالماي، بەلكى يېڭى دەۋردە مەيدانغا كەلگەن يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ ئۈلگىسى، مەدەتكارى ۋە يېتەكچىسى بولدى.

بىز «تارىم» نىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ياخشى ئەنئەنىنى ئاكتىپ جارى قىلدۇرۇپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، كەمتەر، ئېھتىياتچان ۋە جۈرئەتلىك بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا يېڭى تۆھپىلەر قوشۇشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

«تۇرپان» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.

–

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە:

«تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز! «تارىم» نىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا قوشقان تۆھپىلىرىگە ۋە ئوبلاستىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىگە بەرگەن ياردەملىرىگە تەشەككۈر بىلدۈرىمىز.

بورتالا ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى.

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە:

بىز «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 40 يىللىق نەتىجىلىرىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!

«تارىم» ئېكىنزارىدا ساپان سۆرەپ ئۆتكەن مەرھۇم پېشىۋالارنى ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيمىز.

«تارىم» ئېكىنچىلىرىگە يېڭى ئۇتۇقلار تىلەيمىز!

ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرى تەھرىرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى.




قەييۇم تۇردى

# «تارىم» دولقۇنى ئۈزۈلمەيدۇ

— «تارىم» نىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

1

مەن «تارىم» بىلەن 50 - يىللارنىڭ بېشىدا شىنجاڭ شۆيۈەنىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا تونۇشتۇم ۋە ئۇنىڭ بىلەن تېزلا سىرداش بولۇپ قالدىم.

كىشىلەر شىنجاڭنى «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» دېيىشىدۇ. بۇنىڭ شۇنداقلىقىدا گەپ يوق، مېنىڭچە، ئۇنىڭغا يەنە شائىر، يازغۇچىلىرى، قوشاق - چۆچەكچىلىرى، ھەزىل - چاقچاقچىلىرى، ماقال - تەمسىلچىلىرى خۇددى يۇلتۇزلاردەك جىق ماكان، دېگەن سۆزنى قوشۇشقا بولىدۇ. تەڭرىتاغ باغرىدا، كۇئېنلۇن، پامىر ئېتەكلىرىدە، تارىم ۋادىسىدا، تەكلىماكان قىرغاقلىرىدىكى بوستانلىقلاردا ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك مەدەنىيەت تارىخىدا مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان ئاجايىپ داڭدار خەلق قوشاقچىلىرى، چۆچەكچىلىرى، لەتىپىچىلىرى ھەمدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، ناۋائى، سەككاكى، لۇتپى، زەلىلى، نىزارى، مۇسا سايرامى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپكە ئوخشاش نەچچە يۈزلىگەن مەشھۇر ئالىم، مۇتەپەككۇر، شائىر، يازغۇچىلارنى ياراتتى. ئۇلار خۇددى ئۈزۈلمەس تارىم دەرياسى دولقۇنىدەك، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۇلىنىپ ئۆركەشلەپ ئېقىپ، بۈگۈنكى گۈزەل مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئاجايىپ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى، جىلۋىلەندۈردى، كامال تاپقۇزدى.

ئەلۋەتتە، بىز گۈزەل، مول، رەڭگارەڭ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قىممەتلىك ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشقا، ئۇنىڭ ئۆلمەس مېۋە - دۇردانىلىرىدىن بەھرىلىنىشكە، پەخىرلىنىشكە ھەقلىق، بۇ بىزنىڭ شەرەپلىك مىللىي بۇرچىمىز.

بىراق، بۇ مىللىي مەدەنىيەت ھامان ئۆتمۈشكە، ئۆتمۈشتىكى ئەقىلدارلىرىمىزنىڭ ئاڭ ئېقىمىغا ھەمدە ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئىجتىمائىيەتنى تونۇش، بىلىش دائىرىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، رېئال قىممىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ يۈكسىلىۋاتقان ئېڭى، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىمىلىك مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىغا جاۋاب بېرەلمەيتتى، تەلىپى، تەشنالىقىنى قاندۇرالمايتتى، قايتا گۈللىنىشكە، يېڭىلىنىشقا تەقەززا ئىدى.

ئاڭ جىلۋىسى ۋە يېڭى مەدەنىيەتكە تەلپۈنۈش تەقەززاسى «تارىم» نى دۇنياغا كەلتۈردى.

www.uyghurkitap.com

«تارىم» ئەڭ دەسلەپكى سانلىرىدىن باشلاپلا ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچى، جەلپ قىلىش كۈچى، يورۇتۇش، نۇرلاندۇرۇش كۈچىنى تېزلا نامايان قىلدى، ۋەتەن بىلەن تەقدىرداش، خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ ئىلگىرىلەپ، تەڭ گۈللىنىپ - مۇكەممەللىشىپ، بۈگۈنكى كۈندە مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئىجادكارلارنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش، بەيگىگە چۈشۈش مەيدانى، ئۆگىنىش، ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش، ئالاقە باغلاش ئورنى ۋە رەڭگارەڭ گۈللەرنى تەكشى ئېچىلدۇرىدىغان گۈلزارى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى، ئالقىشقا سازاۋەر بولدى. مەيلى تېما، مەزمۇن، تۈر ۋە كۆلەم جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئىستېتىكىلىق قىممەت، شەكىل گۈزەللىكى، رەڭدارلىقى جەھەتتىن بولسۇن ۋە مەيلى ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ سان - سۈپىتى، كىتابخانلىرىنىڭ زوق - ھەۋەسلىنىشى جەھەتتىن بولسۇن، تارىختىكى ئەڭ يارقىن، پارلاق ۋە ئۈمىدۋارلىققا تولغان گەۋدىلىك بىر گۈللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى، يېڭى دەۋر سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىسمى جىسمىغا لايىق يول ئاچقۇچىسى، بايراقدارى بولۇپ قالدى، ھەممىمىزنىڭ سىرداش دوستى، ئۈمىدى بولۇپ قالدى.

مانا بۇ بىزنىڭ «تارىم» نىڭ 40 يىللىقى!

2

مېنىڭ «تارىم» بىلەن ئايرىلماس دوست بولۇپ قالغىنىمغا ئاز كەم 40 يىل بولاي دېدى، بۇ 40 يىل مابەينىدە مەن ئۇنىڭدىن ئىنسان قەلبى ۋە بىر ئەدەبىيات زوقىنى موھتاج بولغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى -گۈزەللىك تۇيغۇسى، ئىستېتىك زوق، بەدىئىي لەززەت، تەپەككۇر نۇرى، تۇرمۇشنىڭ سىرى، ھاياتنىڭ مەنىسى، تىل ئىشلىتىش سەنئىتى، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە بىلىم ئۆگەندىم؛ ئەدەبىيات بىلەن خەلق، ئەدەبىيات بىلەن دەۋر، يازغۇچى بىلەن تۇرمۇش، ئىجادىيەت قىزغىنلىقى بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈم، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەمدە سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدە ماھىيىتى، تۈپ ۋەزىپىسى، بۇرچى قاتارلىق جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىلەردە چۈشىنىش، ئىزدىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم.

ناۋادا مەن كېيىنكى چاغلاردا ئانچە - مۇنچە بىر نەرسە يازىدىغان يازغۇچىلار قاتارىغا قېتىلىپ قالدىم دېسەم، تەبىئىيكى، بۇ يولنىڭ مەكتىپى، يېتەكچىسى، ئىلھامچىسى «تارىم» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مۇشۇ مەندە مەن 50 - يىللارنى ئەسكە ئالدىم. ئۇ چاغدا «تارىم» نىڭ سەھىپىسى مۇدھىش فېئودالىزمغا، فېئودال خۇراپاتلىققا، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىككە ئوت ئاچىدىغان، ئازادلىق تېڭىغا، يېڭى زامان، يېڭى تۇرمۇشقا تەنتەنە قىلىدىغان، كومپارتىيىگە، ئۈمىدلىك ئەتىگە، پارلاق كەلگۈسىگە تەلپۈنىدىغان يالقۇنلۇق ھېسسىيات بىلەن يېزىلغان شېئىر، داستانلار، ھېكايىلەر، دراممىلار ۋە قىزغىنلىققا تولغان ئەدەبىي مۇلاھىزىلەر، ئوبزورلار بىلەن تولغانىدى. زۇنۇن قادىرى، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابلىز نازىرى، تۇرغۇن ئالماس، ئىمىن تۇرسۇن، نىمشېھىت ئارمىيە داموللام، ئابدۇكېرىم خوجا، رەھمە-

ئۇللا جارى، ئەيسا يۈسۈپ، تۇردى سامساق، ئەرشىدىن تاتلىق، غېنىزات غەيۇرانى قاتارلىق پېشقەدەملىرىمىزنىڭ ئىجادكارلىق روھىي - جاسارىتى تازا ئۇرغۇغانىدى، ئۇلار سەپنىڭ ئالدىدا يول ئېچىپ كېتىۋاتاتتى.

مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇكى، خەلق ئاممىسىنىڭ، ئالدى بىلەن ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەرنىڭ قايىنام تاشقىنلىق ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىنى ئەكس ئەتتۇرۇش، ئۇلارنىڭ يېڭى دەۋر، يېڭى تۇرمۇشنى تونۇشىغا ياردەم بېرىش، ئىلھاملاندۇرۇش، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئەينى چاغدىكى بىۋاستە رېئاللىق ئىچىگە قويۇپ، ئەدەبىيات بىلەن ۋەتەننىڭ، ئەدەبىيات بىلەن خەلقنىڭ تەقدىرىنى بىرلەشتۇرۇش — 50 - يىللاردىكى «تارىم» نىڭ ئەڭ گەۋدىلىك تۆھپىسى ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن قالتىس جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئۆگىنىش، تاللىۋېلىش پۇرسىتى، ئىلھام ۋە ئەيىنەك ئىدى.

قىزىق، مېنىڭ ئەدەبىي ھاياتىمدىكى مۇنداق كىچىككىنە بىر ئىش زادى يادىمدىن چىقمايدۇ: ياشلىقنىڭ جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ھەۋەسلىرى مېنى ئەڭ دەسلەپ لىرىك ھېسسىيات قايىنمى - شېئىرىيەت دېڭىزىغا تارتقانلىقى ھېلىمۇ ئېسىمدە. تۇنجى شېئىرىمنىڭ «تارىم» دا ئېلان قىلىنغانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن قانچە كېچە، قانچە كۈندۈزنى بىتاقەت بولۇپ ئۆتكۈزگەنلىكىمنى بىلمەيمەن، بىراق كىم بىلىدۇ، تۇنجى شېئىرىم ئېلان قىلىنىش بىلەن تەڭلا، مېنىڭ «شائىر» لىق ھاياتىمنىڭ بىراقلا ئاياغلىشىدىغانلىقىنى!

ياشلىق ھەۋىسىنىڭ چېكى بولمايدۇ، لېكىن ياشلىقتىكى تاللىۋېلىشتا زۆرۈر بولغىنى ئۆزىنى دەڭسەپ كۆرۈش ۋە ئۆزىنى بىلىشتىن ئىبارەت. ماڭا ماركسنىڭ «تارىخ ئۆزىنى ئۆزى ئىزدەپ يۈرگەن ئىنساننىڭ پائالىيىتىدىن ئىبارەت»، تولستوينىڭ «مېنىڭ كەسپىم بۇغداي تېرىش ئەمەس، دۇنياغا ئەقىل تېرىش»، شېكىسپىرنىڭ «ئەخمەق بىلەرمەن بولغىچە زېرەك ئەخمەق بولغان تۈزۈك» دېگەن چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلىرى قاتتىق تەسىر قىلدى. مەندىن شائىر چىقمايدىغانلىقىنى سەزدىم. ئۈمىدۋارلىق، ئىشەنچ، تىرىشچانلىق گەرچە ئىنساننى مەقسەتكە، غايىگە يەتكۈزىدىغان پولات قانات، ئالتۇن كۆۋرۈك بولسىمۇ، لېكىن ھەر ھالدا ئۆزىنىڭ نېمىگە دېتى، ئىقتىدارى، خېمىرتۇرۇچى يېتىدىغان - يەتمەيدىغانلىقىنى بالدۇرراق پەرەز قىلالماسلىقمۇ بىر بەختسىزلىك. شېئىرنى شائىر يازسۇن دېدىم - دە، ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئىجادكارىغا ئەمەس، ئوقۇپ لەززەتلەنگۈچىسىگە مەنسۇپ دەپ ھېسابلىدىم. توغرا قىپتىمەن.

شۇ ۋەجىدىن يەنە «تارىم» مېنىڭ ئايرىلماس سىرداش دوستۇم، ئىلھامچىم بولۇپ قېلىۋەردى.

3

ئەدەبىيات ئىجادىيىتى مۇرەككەپ، شەرەپلىك، جاپالىق ئەمگەك، ئالاھىدە مەنىگە ئىگە تەپەككۇر پائالىيىتى. چوڭقۇر مەنىدىن ئېيتقاندا، مېنىڭچە، بەدىئىي ئەدەبىيات تارىخى بىر خىل پسىخولوگىيە ئىلمى، ئادەمنىڭ روھىنى تەتقىق قىلىدىغان روھنىڭ تارىخىدۇر، مەيلى قايسى مەنىدىن ئېيتمايلى، ئەدەبىيات — ئالاھىدە سەنئەت، سەنئەتنىڭ

جېنى ۋە سېھرىي كۈچى ھېسسىياتتا، ھېسسىيات بولمىسا سەنئەت بولمايدۇ. بالزاك «ئەدەبىي ئەسەر ئۆتكەن ئىشلارنىڭ يىلنامىسى ياكى خاتىرىسى ئەمەس، بەلكى ئۇ ھازىر ياشاۋاتقان، كۈرەش قىلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ قاينام تاشقىنلىق ئۆزگىرىش بىلەن تولغان رېئال ھاياتىنىڭ سەنئەت بۇيۇمىغا ئايلىنىشى»، شۇڭا «روھىي دۇنيا يەنە باشقا بىر روھىي دۇنيانىڭ ھېسسىياتىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى تولۇقلىشى، ئاندىن تېخىمۇ مول ھېسسىياتنى باشقىلارغا بېرىشى كېرەك» دەيدۇ. دېمەك، ھەقىقىي ھېسسىياتقا، تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولمىغان بەدىئىي ئەسەرنىڭ يۈكسەك سەنئەت بۇيۇمىغا، كىشىلەرنى جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشكە ئىلھاملاندۇرىدىغان مەنىۋى ئوزۇققا ئايلىنىشى مۇمكىن ئەمەس.

بەدىئىي ئەسەردە كىشىگە ئېستېتىك زوق بېرىدىغىنى يېڭىلىقتۇر. بۇ — تېما، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئەسەرنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈلگەن پىكىر - ھېسسىيات يېڭى بولۇش دېگەنلىكتۇر. ھەممە يەردە گۈزەللىك بولىدۇ. توغرا دۇنيا قاراش ۋە ھەق - ناھەق قارىشى ئاساسىدا تىكلەنگەن مۇھەببەت ۋە نەپرەت — تۇرمۇش گۈزەللىكى، روھىي دۇنيا گۈزەللىكى ۋە شەكىل گۈزەللىكىنى نۇرلاندۇرۇشنىڭ چىقىش يولى، ئاساسى.

بىزنىڭ «تارىم» ئۆزىنىڭ 40 يىللىق ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ قانۇنىيىتىگە ئەمەل ۋە ھۆرمەت قىلىپ، پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقىدا ئۆز ئاپتورلىرى قوشۇنىنى توغرا نىشانغا، بەدىئىي ئىجادىيەتتە مىسلىسىز كەڭلىك، چوڭقۇرلۇققا، دەۋر روھىنى نۇرلاندۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈشكە، پۈتكۈل ئەدەبىياتنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلاش - يۈكسەلدۈرۈشكە قاراپ يېتەكلىمەكتە، تۆھپە قوشماقتا، بۇ بىزنى چوڭقۇر ئۈمىد، ئىشەنچكە ئىگە قىلدى.

«تارىم» نىڭ ئەتىسى پارلاق، «تارىم» دولقۇنى ئۈزۈلمەيدۇ!

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئەخەت تۇردى

## ئەجدادتىن ئەۋلادقىچە

ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەش، بەزىدە كىشىگە زوق بېغىشلايدۇ، روھىنى ئۇرغۇتىدۇ، ئادەمنى ئۈمىدۋار، جاسارەتلىك قىلىپ قويىدۇ.

مەن «تارىم» ژۇرنىلىدا تۇنجى ھېكايەم ئېلان قىلىنغان ۋاقىتتا، ئۆزۈمنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە شۇ ژۇرنالدا ئىشلەپ قېلىشىمنى خىيالىمغا زادىلا كەلتۈرمىگەنىدىم. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇ يەردە ئىشلەشنى خالىمىغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئۇ يەرنىڭ مېنىڭ نەزەرىمدىكى ئورنىنىڭ ئۇلۇغ ۋە يۈكسەكلىكىدىن ئىدى؛

«تارىم» ژۇرنىلى مېنى ئەدەبىيات سېپىگە باشلاپ كىرگەن تۇنجى يول باشلىغۇچىم بولدى. مەندىكى ھەۋەس - ئىشتىياق ئۇنىڭ ئاشۇ رەڭگارەڭ سەھىپىلىرىنى ۋاراقلاشتىن پەيدا بولغان. مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدىلا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ئەڭ ئاكتىپ مۇشتىرىسى ئىدىم، ئۇنىڭ ھەربىر يېڭى سانىنى خۇددى يىراق يەرگە كەتكەن ئاتا - ئانامنى كۈتكەندەك تەلمۈرۈپ كۈتەتتىم ۋە كەلگەن ھامان كېچە - كېچىلەپ ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن چوڭقۇر ئىلھام ئالاتتىم، يېڭى - يېڭى تەسىراتلارغا چۆمەتتىم. مەن ئاتاقلىق يازغۇچى گوركىي، لۇشۈن ۋە چېخوۋلار بىلەن بىرىنچى قېتىم «تارىم» نىڭ سەھىپىلىرى ئارقىلىق تونۇشقان. ھېلىمۇ ئېسىمدە، گوركىينىڭ مەشھۇر ھېكايىسى — «ماكار چۇدرا» شۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغاندا، بىز ئۈچ ھەۋەسكار ساۋاقداش كەچتە قارا چىراغنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، بۇ ھېكايىنى ئوقۇپ مۇھاكىمە قىلىشقانىدۇق. ھېكايىدا مۇنداق بىر ئاساسىي ۋەقە بايان قىلىنغانىدى: جاھانكەشتى ئوغرى ماكار چۇدرا ئۆزىگە گاۋرىللا ئىسىملىك بىر ئادەمنى ياللاپ ئوغرىلىق قىلىدۇ. ئۇلار بىرلىكتە ئوغرىلىغان ماللىرىنى سېتىپ پۇلغا ئايلاندۇرىدۇ. شۇ چاغدا گاۋرىللانىڭ نىيىتى بۇزۇلىدۇ ۋە ئۇخلاپ ياتقان ماكارنى ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇپ، ھەممە پۇلنى ئېلىپ قاچىدۇ. لېكىن كېتىۋېتىپ ۋىجدانى ئازابلىنىدۇ. پۇشايمان يەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئارقىغا قايتىپ كېلىپ، پۇلنى يەنە ماكار چۇدراغا بېرىدۇ. لېكىن بۇ چاغدا ماكار چۇدرا غەزەپ بىلەن گاۋرىللانىڭ يۈزىگە بىرنى تۈكۈرىدۇ - دە، ھەممە پۇلنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىپ، دېڭىز تەرەپكە قاراپ كېتىدۇ...

بىز بۇ ھېكايىنى قايتا - قايتا ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئۆزىمىزچە تەھلىل قىلدۇق، باھا بەردۇق ۋە ماكار چۇدرا ئوبرازى توغرىسىدا گوركىيغا غايىبانە سوئاللارنى قويدۇق: ماكار چۇدرادەك جاھان كېزىپ يۈرىدىغان بىر ئوغرى قانداقمۇ خەلقنىڭ ۋەكىلى بولالايدۇ؟ ئۇ ئۆزىمۇ بىر ئوغرى تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ئوغرىلىغان پۇلنىڭ ھەممىسىنى گاۋرىللاغا تاشلاپ بېرىپ كېتىدۇ؟...

بۇ سوئاللارغا ئىچىمىزدىكى پاكار بويلۇق، قارامۇتۇق بىر ساۋاقدىشىمىز ئۆزىچە مۇنداق جاۋاب بەردى: گوركىيمۇ ئوغرىلىق قىلغان، شۇڭا ئۇ ئوغرىلارغا ھېسداشلىق قىلىپ يېزىپتۇ!

بۇ، تەھلىللىرىمىز، ئەلۋەتتە، ئۆزىمىزگە ئوخشاشلا ناھايىتى ساددا ۋە گۆدەك ئىدى. بىز ئۇ چاغلاردا ئۇلۇغ يازغۇچى گوركىينىڭ ماكار چۇدرا ئوبرازىنى قانداقتۇر ئوغرىغا ھېسداشلىق قىلىش ياكى ئاشۇنداق بىر ئوغرىنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ماكار چۇدرانىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىنسانىي گۈزەللىكنى مەدھىيىلەپ يازغانلىقىنى چۈشەنمەيتتۇق. شۇنداق بولسىمۇ، بىزنىڭ شۇ چاغدىكى ئۆگىنىشكە بولغان قىزىقىشىمىز، ساددا مۇھاكىمىلىرىمىز بىزنى «تارىم» ژۇرنىلىدىن ئىبارەت ئاشۇ مۇنبەر ئارقىلىق ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ قايناق مۇھىتى ئىچىگە باشلاپ كىردى. بىز دەسلەپكى قىزىقىش ۋە ھەۋەستىن ئاستا - ئاستا تەقلىدىي مەشىق باسقۇچىغا قەدەم قويدۇق...

مەن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆزۈم ئۈچۈن يېتەكچى بولغان، ئۇستاز ۋە باغۋەنلىك رولىنى ئوينىغان ئاشۇ ژۇرنالنىڭ تەھرىر خادىمى بولۇپ قالدىم، بۇ چاغدىكى ھېسسىيات

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋە تەسىراتلار، ئەلۋەتتە، بۇرۇنقىدىن پەرقلىنىدۇ، لېكىن بىرلا نۇقتا پەرقلەنمەيدۇ، ئۇ بولسىمۇ «تارىم» ژۇرنىلىغا بولغان ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت! مەن ئەنە شۇ ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت بىلەن «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە يىگىرمە نەچچە يىل ئىشتىياق بىلەن ئىشلىدىم. بۇ جەرياندا، «تارىم» ژۇرنىلى ماڭا يەنە ئوخشاشلا ئۇستاز ھەم يېتەكچى بولدى. مەن ئۇنىڭدىن نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگەندىم، نەزەر دائىرەم كېڭەيدى، ئىدىيەۋى سەۋىيەم ئۆستى. ئۇزاق مەزگىل شۇغۇللانغان جاپالىق نازۇك ۋە شەرەپلىك تەھرىرلىك خىزمىتى مېنى خىزمەتتە پۇختا، تەلەپچان، ئىجادىيەتتە غايىلىك، ئەستايىدىل قىلىپ تەربىيىلىدى. ئەگەر مەن ھازىر خىزمەتتە ۋە ئىجادىيەتتە ئاز - تولا نەتىجە قازاندىم دېسەم، بۇ نەتىجە ئالدى بىلەن «تارىم» ژۇرنىلىغا مەنسۇپ! چۈنكى «تارىم» ژۇرنىلى مەن مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپلا كىرگەن ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ئەمەلىي قاينىمى بولدى. مېنىڭ جەمئىيەتكە قويغان تۇنجى قەدىمىمۇ، ھايات توغرىسىدىكى تۇنجى چۈشەنچىلىرىممۇ، ئىجادىيەت ئۈستىدىكى تۇنجى ئىزدىنىشلىرىممۇ دەل ئاشۇ يەردىن باشلانغان. شۇڭا مېنىڭ خىزمەت ۋە ئىجادىيەت يولىدىكى ھەرقانداق قەدىمىم «تارىم» ژۇرنىلىدىن ئايرىلالمايدۇ.

«تارىم» ژۇرنىلى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تۇغۇندا ژۇرنال بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى «تارىم» ژۇرنىلىنى دەۋر قىلغان ھالدا 40 يىلدىن بۇيان ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئۇنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشى تېز، كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى. «تارىم» ژۇرنىلى 1982 - يىلىنىڭ بېشىدا تۇرپاندا ئاچقان شېئىرىيەت مۇھاكىمە يىغىنىدىن تارتىپ 1987 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قارامايدا ئاچقان سانائەت تېمىسىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنىغا قەدەر بولغان بەش يىل جەريانىدا، يەرلىك ئورۇنلار بىلەن بىرلىشىپ، ھەر خىل تېما، ژانىر ھەم ئاجىز ھالقىلار بويىچە ھەر خىل شەكىلدىكى كەسپىي يىغىنلارنى ئېچىپ، ئىجادىيەتكە ئىلھام بەردى، ئىجادىيەتتە دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلدى ۋە ئىجادىيەتتىكى ئۇتۇقلارنى ۋاقتى - ۋاقتىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنىمۇ ۋاقتى - ۋاقتىدا مۇزاكىرە قىلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئۆستۈرۈش ۋە گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاۋانگارتى بولدى، مەسىلەن، 1983 - يىلى قەشقەردە ئېچىلغان يېزا تېمىسىدىكى ھېكايە ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى جايلاردىن كەلگەن يازغۇچىلارنى تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ تۈرتكىسى بىلەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقان يېزىلارغا يۈزلىنىشكە، يېزىلاردىكى يېڭى ئىش، يېڭى ئادەملەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە چاقىرغان بولسا، 1986 - يىلى ئاقسۇدا ئېچىلغان پوۋېست ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ياش ۋە ئاجىز ژانىر ھېسابلانغان پوۋېست ئىجادىيىتىگە ئىلھام بېرىش، يېڭى تارىخىي دەۋردە يازغۇچىلىرىمىزنى دەۋرىمىزنى پوۋېست ژانىرى بىلەن تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ يارقىن ئىپادىلەشكە سەپەرۋەر قىلدى. 1988 - يىلى 5 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان شېئىرىيەت مۇھاكىمە يىغىنى بولسا، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە يۈز بەرگەن يېڭى

ھادىسىلەرنى، شېئىرىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاقىدار بولغان رېئال مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ، شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت ئىدىيىسىنى جانلاندۇردى ۋە بىر تۈركۈم ئۈمىدلىك ياشلارنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش يولىدا جاپالىق ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

قىسقىسى، «تارىم» ژۇرنىلى يېڭى دەۋرنىڭ كۆيۈچىسى، تەشۋىقاتچىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېتەكچىسى، ھىمايىچىسى ۋە شەپقەتچىسى بولدى. مەن مۇشۇلارنى ئەسلىگەندە، شۇ ژۇرنالنىڭ تەرەققىياتىغا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشالىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ناھايىتى شەرەپلىك، بەختلىك ھېس قىلىمەن، يىگىرمە نەچچە يىل شۇ يەردە «نامسىز قەھرىمان» بولۇپ ئىشلىگەنلىكىمدىن پەخىرلىنىمەن!

دەرۋەقە، تەھرىرلىك تولىمۇ جاپالىق، ئۇششاق ۋە ئىنچىكە خىزمەت. تەھرىردە مەلۇم دەرىجىدە يۇقىرى ئاڭ - سەۋىيە، سىياسىي سەزگۈرلۈك ھەم كەسپىي ئىقتىدار بولغاندىن سىرت، تەھرىر يەنە جەزمەن ئاكتىپ ئىجتىمائىي پائالىيەتچى بولۇشى، خۇددى «تۇغۇت دوختۇرى» غا ئوخشاش ياخشى مەسلىھەتچى بولۇشى، «تەم تەڭشىگۈچى»، «بېزىگۈچى» بولۇشى ھەم ئۆتكۈر سىنچى بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندا، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ۋە كىتابخانلارنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ؛ تېما تاللاش، ياخشى ئەسەر يارىتىشتا ئاپتورغا ئوبدان مەسلىھەتچى بولالايدۇ؛ ھەربىر سان ژۇرنالنىڭ رەڭدار، سۈپەتلىك بولۇشى ئۈچۈن تەم تەڭشىيەلەيدۇ؛ ئەسەرلەرنى ئوبدان، پۇختا، ئەستايىدىل تەھرىرلەپ پىششىقلاش ئارقىلىق بېزىيەلەيدۇ؛ يۈزلىگەن ئاپتور ئىچىدىن ئۈمىدلىك، ئىقتىدارلىق ياشلارنى بايقاپ، «ياخشى ئارغىماق، ئۇچقۇر تۇلپار» لارنى ئايرىپ چىقالايدۇ... لېكىن بەزى كىشىلەر تەھرىرلىكنىڭ ئەنە شۇنداق مۇھىم، ئىنچىكە، جاپالىق ھەم شەرەپلىك خىزمەت ئىكەنلىكىنى كۆرمىدى. بەلكى ئۇنى قانداقتۇر، تەھرىر دېمەك قۇمۇر قايچا، پولات مېتىر، بىر قۇتا سىياھ، بىر قۇتا شىلىم ۋە بىر قەلەم دېمەكتۇر، ئۇ سىزىدۇ، ئۆچۈرىدۇ، كېسىدۇ، چاپلايدۇ، دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە، تەھرىرلىك ناھايىتىمۇ ئالىيجاناب، خالىس ۋە ھالال خىزمەت، ئۇنى جانلىق ئۆتكۈزگۈچ، ستېرېئولۇق ئاڭ دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ھەقتە لۇشۈن ئەپەندى: «بىر ياخشى تەھرىر ھەم مۇشتىرىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ئارزۇ - ئىستىكىنى ۋە بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى بىلەلەيدۇ، ھەم ئاپتورنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئاپتورنىڭ سىردىشى ۋە ئەسەرنىڭ شەپقەتچىسى بولالايدۇ!» دېگەنىدى. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، تەھرىردە چوقۇم بارلىقىنى خەلققە بېغىشلايدىغان ئالىيجاناب روھ بولۇشى، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەيدىغان يۈكسەك جاسارەت بولۇشى، تەھرىرلىك كەسپىي بىلەن بىللە ھەرخىل پەننىي بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان مۇستەھكەم ئىرادە بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا، ئۇ خەلققە مەنىۋى ئوزۇق بېرىدىغان، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىدىغان ژۇرنالنى ئوبدان چىقىرىدۇ ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ھەسسە قوشالايدۇ، يىگىرمە نەچچە يىللىق خىزمەت تەجرىبەمدىن قارىغاندا، ژۇرنالنى ياخشى چىقىرىشتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل ئالدى بىلەن پارتىيە تەشكىلىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، ئاندىن باش مۇھەررىرنىڭ تەشكىللەش ۋە ئىلمىي باشقۇرۇش ماھارىتى، ئۇن-

دىن قالسا، ژۇرنالنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى، ئالاھىدىلىكى، تەھرىرلەرنىڭ سۈپىتىنى داۋاملىق، ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ تۇرۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

«تارىم» ژۇرنىلى 40 يىلدىن بۇيان، خۇددى ئۆزىگە ئىسمىداش تارىم دەرياسىدەك، بىر يەرلەردە يوقىلىپ، يەنە بىر يەرلەردە پەيدا بولۇپ، گاھ ئۆركەشلەپ، گاھ پەسىيىپ، نۇرغۇنلىغان ئەگرى - توقاي ھەم شانلىق مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مىسلىسىز تۆھپە قوشتى. ئۇنىڭ ئىلگىرىلەش يولىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرى قالدى، بىرمۇنچە پېشقەدەم يول باشلىغۇچىلىرىمىز، مۇنەۋۋەر تەھرىرلىرىمىز ئۆزىنىڭ قان - تەرى، ھالال ئەجرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۇ گۈلزارىنى سۇغاردى، كۆكلەتتى، پەرۋىش قىلدى... «تارىم» ژۇرنىلى ئەنە شۇ ئەجدادلارنىڭ، پېشقەدەم باغۋەنلەرنىڭ ئىجادكارلىق بىلەن ئەستايىدىل ئىشلىشى نەتىجىسىدە، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۆتۈپ، بۈگۈنكى گۈللەنگەن قىرانلىق يېشىغا كەلدى. بىز بۈگۈن ژۇرنالنىڭ 40 يىللىق شانلىق مەرىكىسىنى قىلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، ئۇنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن، ئاجىزلىقتىن قۇدرەت تاپقۇزغان ئەجدادلارنى ئەسكە ئالماي تۇرالمايمىز، ئۇلارنىڭ ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتكەنلىرىگە چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن تەزىيە بىلدۈرىمىز، ئارىمىزدا ھايات ياشاۋاتقانلىرىغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!

مەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۆشۈكى، كۆرەك مۇنبىرى بولغان «تارىم» ژۇرنىلىنى خۇددى ئەجدادلار بىزگە پاك ۋە ھالال ئەجرى بىلەن تاپشۇرۇپ بەرگەندەك، بىزمۇ ئەۋلادتىن ئەۋلادلارغا خۇددى كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرگەن ماھىرلاردەك، قولمۇ قول تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈش ۋە گۈللەندۈرۈش، مەڭگۈ ئۈزۈلدۈرمەي راۋان ئاقتۇرۇش ئۈچۈن، ھەممىمىزنىڭ ئورتاق تىرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

ئاخىرىدا، مەرھۇم پېشقەدەم شائىرىمىز ئەھمەد زىيائىنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 300- سانى چىقىش مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان «تارىمغا خىتاب» ناملىق شېئىرىنىڭ تۆۋەندىكى كۇپلېتى بىلەن ماقالەمنى تاماملايمەن:

ئۈمىدىمىز شۇ: مەڭگۈ ئۈزۈلمەي
ئاقسۇن دولقۇنلاپ بۇ ئىككى دەريا!
ئۇ ئېچىلدۇرغان گۈل - چېچەكلەردىن
تولسۇن خۇش ھىدقا مەنىۋى دۇنيا!

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

# «تارىم» نىڭ ئىلھامى بىلەن...

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتنىشىپ ئولتۇرۇپ، بالىلىق ۋاقتىمدىكى مۇنداق بىر ئىشنى ئەسلەپ قالدىم: 1953 - يىلى ئىلى مەكتەپنىڭ (ھازىرقى 3 - تولۇقسىز ئوتتۇرا) بەشىنچى سىنىپىدا ئوقۇۋاتاتتىم. بىر كۈنى ساۋاقدىشىم ھەسەنجان قۇربان «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» (ھازىرقى «تارىم») نىڭ يېڭى بىر سانىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا: «ساۋاقداشلار، قاراڭلار، مېنىڭ شېئىرىم بېسىلىپتۇ ... ‹ۋەتەن ئىشقىدا› دېگەن شېئىرىم...» دېدى. بىز دەررىدە ئۇنى ئورىۋېلىپ، ژۇرنالنى قولمۇ قول كۆرۈشكە باشلىدۇق. بۇ بىز ئۈچۈن ئاجايىپ بىر يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى. بىز ھەسەنجانغا «بۇ شېئىرنى قاچان يازغانتىڭ، قاچان ئەۋەتكەن؟...» دېگەندەك سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتۇق. شۇدەم ھەسەنجان بىزنىڭ ئالدىمىزدا غايەۋى ئوبرازغا — كاتتا بىر ئادەمگە ئايلانغانىدى. مۇئەللىملەرمۇ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆز ئوقۇغۇچىسىدىن پەخىرلەنگەن ھالدا ھەسەنجاننى تەبرىكلەشتى. بولۇپمۇ ئۇستازىمىز شائىر تاجىدىن قادىرى ھەممىدىن بەك خۇشال بولغانىدى. ئۇ ھەسەنجاننىڭ قولىنى خېلىغىچە قويۇپ بەرمەي: «بۇ ياخشى ئىشنىڭ باشلىنىشى. تىرىشقىن، تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە ئىنتىل» دېگەنىدى. بۇ ھاياجانلىق مىنۇتلار ھەسەنجان بىلەن بىللە شېئىر يېزىپ يۈرگەن بىر قانچىمىزنىڭ قەلبىدە يېڭى ھېس ئويغاتتى. بىز شېئىرلىرىمىز قاچانمۇ «تارىم» غا بېسىلىپ چىقار دېيىشىپ، شېرىن خىياللارغا چۆمەتتۇق. بىزمۇ ھەسەنجاننى دوراپ ھەر خىل شېئىرلارنى يېزىپ، «تارىم» غا ئەۋەتىپ باقتۇق، لېكىن ئەۋەتكەن شېئىرلىرىمىز زادىلا بېسىلمىدى. بىر مەزگىل، شېئىرىمىزنى باسمايدىكەن، دەپ ئۈمىدسىزلىنىپ يۈردۇق. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ شېئىرىيەتكە مەسئۇل مۇھەررىرى، ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋدىن ھەسەنجانغا بىر پارچە خەت كېلىپ قالدى. تېيىپجان ئېلىيېۋ ھەسەنجانغا يازغان خېتىدە، شېئىر يېزىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شېئىرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش، ئەڭ ياخشى شېئىرلارنى، خەلق قوشاقلىرىنى كۆپرەك ئوقۇش، قايتا - قايتا مەشىق قىلىش، ئېلان قىلىشقا ئالدىراپ كەتمەسلىك، كۆپرەك باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئېلىش توغرىسىدا پايدىلىق مەسلىھەتلەرنى بەرگەنىدى. بۇ مەسلىھەتلەر بىزگە ياخشى بىر دەرس بولدى. مەن ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ، 1956 - يىلى كۈزدە ئۈرۈمچىگە — شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كەلدىم، ئەدەبىيات ھەققىدىكى بىلىمىمنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئىجادىيەت قارىشىمدىمۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. مەن ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇلاپ كەلگەن «تارىم» ژۇرنىلى ۋە ئۇنىڭ تەھرىرلىرى بىلەن تو-

www.uyghurkitap.com

ئۇشتۇم. مەن ھەر قېتىم بىرەر يېڭى شېئىر يېزىپ «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە كىرگىنىمدە، ئۇلار ماڭا ئىنتايىن قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى، ماڭا ئىلھام بېرەتتى. شېئىرلىرىمدىكى نۇقسانلارنى ئەستايىدىل كۆرسىتىپ بېرىپ، مېنى ياخشى شېئىر يېزىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. شۇ چاغدا ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغان مۇنداق بىر ئىش زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ:

1957 - يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، مەن يېڭىدىن يازغان «باھار ناخشىسى» دېگەن شېئىرىمنى ئېلىپ، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ شېئىرىيەت گۇرۇپپىسىغا كىردىم. ئىشخانىدا ئاتاقلىق شائىر ئابلەي روزى ئۆزى يالغۇز بېشىنى كۆتۈرمەي ماقالە كۆرۈپ ئولتۇراتتى. مەن ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلۈۋەتمەي دەپ بىر پەس ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ تۇردۇم. ئۇ بىر چاغدا بېشىنى كۆتۈرۈپ مېنى كۆردى - دە، «ھە، كىرگىن، ئولتۇر» دەپ يېنىدىكى ئورۇندۇقنى ئالدىمغا سۈرۈپ قويدى، مەن تارتىنىپراق ئولتۇردۇم - دە، شېئىرىمنى ئۇنىڭغا سۇندۇم. ئۇ شېئىرىمنى بىر قۇر كۆزدىن كۆچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا: ياخشى، بۇ شېئىرىڭ خېلى شېئىرغا ئوخشاپتۇ، بولۇپمۇ ئالدىنقى ئىككى كۇپلېت شېئىرىڭ خېلى جايىدا، دەپ مۇنۇ كۇپلېتلارنى ئۈنلۈك ئوقۇدى:

پۈركۈلۈپ دەل - دەرەخلەر يېشىل تونغا،
رەڭمۇ رەڭ چېچەك ئاتتى گۈزەل باغلار.
ئاستىدا چېكىم - چېكىم پاياندازلار،
نۇرلىنىپ چىراي ئاچتى ئېگىز تاغلار.

تاشقىنداپ جىرالاردىن ئۈنچە چېچىپ،
كۈمۈشتەك تاغ سۇلىرى ئېقىپ كەلدى،
يېقىملىق نەغمە بىلەن ئۇچار قۇشلار
يايرىشىپ قاناتلىرىن قېقىپ كەلدى...

شائىر شېئىرىمنى بىر خىل رىتىم بىلەن يېقىملىق ئوقۇۋاتقاندا مېنىڭ بېشىم كۆككە يېتىپ، ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدىم...

كۆپ ئۆتمەي «باھار ناخشىسى» دېگەن شېئىرىم «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. بۇ مېنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىغا بېسىلغان تۇنجى ئەسىرىم ئىدى. شۇنىدىن كېيىن «تارىم» ژۇرنىلىدا كۆپلىگەن شېئىرلىرىم، باللادا، داستانلىرىم، ماقالىلىرىم ئېلان قىلىندى. مېنىڭ «ئۆمۈر چېچەكلىرى»، «دەريا ۋە بۇلاق» توپلىمىغا ۋە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان توپلىمىغا كىرگەن شېئىرلىرىمنىڭ تولىسى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېلىپ بېرىلغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە مۇكاپاتلانغان «شاقىراتما»، «دەريا ۋە بۇلاق» دېگەن شېئىرلىرىممۇ «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان.

«تارىم» ژۇرنىلى مېنىڭ ئىجادىيىتىمگە قانات بەردى، «تارىم» ژۇرنىلى مېنى ئىجادىيەت سېپىگە قوشتى، «تارىم» مېنىڭ يېقىن دوستۇم ھەم سىردىشىم. مەن «تارىم» نى كۆز قارىچۇقۇمدەك ئاسرايمەن. مەن «تارىم» ژۇرنىلىدا ئۇزۇن يىل جاپالىق ئىشلەپ، مىڭلاپ ئاپتورلارنى قاتارغا قوشقان، ھەر خىل ژانىردىكى ياخشى ۋە بىرقەدەر ياخشى ئەسەرلەرنى يورۇقلۇققا چىقىرىپ، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى بېيىتىشقا تۆھپە قوش-

قان ئاتاقلىق شائىرىمىز مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيېۋنى، ئابلەي روزىنى، ئا. خوجىنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمەن. «تارىم» ژۇرنىلىغا قان - تەرىنى سىڭدۇرۇپ، خەلقىنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر بولغان ئابلىز نازىرى، ئەلقەم ئەختەم، مۇھەممەت رەھىم، ئەرشىدىن تاتلىق، ر. جارى، تۇردى سامساق، رەخىم قاسىم، ئابلىمىت سادىق، جاپپار ئەمەت، مەھەممەت شاۋۇدۇن قاتارلىق يولداشلارغا چىن قەلبىمدىن تەشەككۈر بىلدۈرىمەن.

بىز تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى بارلىق ئەدىبلەر ۋە ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى «تارىم» ژۇرنىلىنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ، ئۇنى يازغۇچى - شائىرلارنى تەربىيىلەيدىغان مەكتەپكە، ياش تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان مۇنبەت زېمىنغا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم. «تارىم» ئىجادىيەت ئېقىمى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، مەڭگۈ دولقۇنلاپ ئاقسۇن!

س. بازىر

## «تارىم»، سەن مېنىڭ ئانام

بىز ئېمىپ چوڭ بولدۇق ئاپئاق سۈتۈڭنى،    بارچە گۈل ئېچىلغاچ نازۇك چىمەنسەن،
ئەي «تارىم»، باغرى ئوت مېھرىبان ئانا.    خۇش بۇيىسەن، رەڭدارسەن، رەڭلىرىڭ قېنىق.
مىنگۈزۈپ سەنئەتنىڭ شوخ تۇلپارىغا،    كۆرسەتتىڭ بىزلەرگە ھايات يولىنى،
بولدۇڭ سەن قەلەمكەش دوستلارغا پانا.    كۆرسەتتىڭ گۈل بىلەن تىكەننى ئېنىق.

ياڭراتتىڭ ھۆر زامان كۈيىنى ياڭراق،    «تارىم»، سەن سېھىرلىك بىر ئەينەك گويا،
مېھرىڭنى تەڭ كۆردى ھەر دىل، ھەر مىللەت.    سىينەڭدە ھەر زەررە ئاچىدۇ چىراي.
كۈيلىدىڭ نۇر كەبى ئىزگۈلۈكلەرنى،    ھېكمەت ۋە مەنەلەر بىھېساب سەندە،
سۆكۈلدى رەزىللىك، سۆكۈلدى ئىللەت.    ئوقۇيمەن مەن سېنى، ئوقۇيمەن قانماي.

# پېشقەدەم ئەدىب ياسىن ھاجى خۇدابەردى ۋاپات بولدى

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پەخرىي رەئىسى، «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە تونۇلغان جامائەت ئەربابى، پېشقەدەم ئەدىب ياسىن ھاجى خۇدابەردى كېسەل بولۇپ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 1990 - يىلى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى سائەت 22 دىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە ئۈرۈمچىدە بەختكە قارشى ۋاپات بولدى. شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ بىر قابىلىيەتلىك يېتەكچىسى، تەشكىللاتچىسى، مېھرىبان پەرۋىشكارىدىن، قىزغىن ئىجادكارىدىن ئايرىلدى. ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ ۋاپاتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتى ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش بولدى.

پېشقەدەم ئەدىب ياسىن ھاجى خۇدابەردى بۇ يىل 73 ياشتا ئىدى. ئۇ 1917 - يىلى ئاتۇشتا تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1944 - يىلى خەلقنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش، بەختىيار ھايات يارىتىشقا نىيەت باغلاپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زوراۋانلىقى، ياۋۇزلۇقىنى پاش قىلغان، خەلقنىڭ دەرد - ئەلەملىرىنى، ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. 1950 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان. شۇنىڭدىن تارتىپ 1966 - يىلىغىچە ئىلىدا چىقىدىغان «يېڭى يول» گېزىتى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، غۇلجا شەھىرىنىڭ باشلىقى، ئىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى، ئۆلكىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مائاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

جامائەت ئەربابى ۋە پېشقەدەم ئەدىب ياسىن ھاجى خۇدابەردى شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇنى تەشكىللەشكە زور تۆھپە قوشقان. پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى ۋە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان. ئۆزىمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن پائال شۇغۇللىنىپ، پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈيلەيدىغان، ھەر مىللەت خەلقنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدىكى ئاجايىپ باتۇرلۇقلىرىنى مەزمۇن قىلغان نۇرغۇن ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ «ھايات ساداسى»، «بىز باسقان ئىزلار» قاتارلىق توپلاملىرى

ئەدەبىياتىمىزنىڭ سەھىپىسىدىن پەخىرلىك ئورۇن ئالدۇ.

ياسىن ھاجى خۇدابەردى پارتىيىنى ۋە سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيەتتى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايتتى، ھەقىقەتتە چىڭ تۇراتتى. ئۇچۇق - يورۇق، كەمتەر، سەممىي ئىدى. ھەممە ئىشتا ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتاتتى. ئۇ پارتىيىمىزنىڭ ياخشى كادىرى، خەلقىمىزنىڭ ياخشى پەرزەنتى ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلانغانىدى.

ياسىن ھاجى خۇدابەردى كېسەل بولۇپ قالغان مەزگىلدە، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ئېنماۋ دوختۇرخانىغا بېرىپ يوقلىغانىدى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جېن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن شى جۈكشۈن، ئافېي ئاۋاڭجىنمېي، سەيپىدىن ئەزىزى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن ياڭ جىڭرېن، ۋاڭ ئېنماۋ، ئىسمائىل ئەمەت ۋە پارتىيە تارىخىنى يېزىش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دېڭ لىچۈن قاتارلىق يولداشلار بېيجىڭدىن تېلېفون بېرىپ تەزىيە بىلدۈردى، گۈلچەمبىرەك تەقدىم قىلدى ۋە ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورىدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىسمائىل ئەمەت، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ بېيجىڭدا خىزمەتتە بولۇۋاتقان مۇئاۋىن مۇدىرى زاھىر ساۋدانوۋ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا خىزمەتتە بولۇۋاتقان شۇجىسى جاڭ گۇيتىڭ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ھەمدە سوۋېت قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ سېكرېتارى ق. تۇرسۇنقۇلوۋ، ئەدەبىي مەسلىھەتچىسى شايىم شاۋايېۋ قاتارلىق 20 نەچچە شەخس ۋە ئورۇن تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. يولداش ئىسمائىل ئەمەتنىڭ تېلېگراممىسىدا ياسىن ھاجى خۇدابەردىگە يۇقىرى باھا بېرىلىپ مۇنداق دېيىلدى: «ئۇ پارتىيىمىزنىڭ ئىشلىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىياتى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى. ئۇنىڭ ھاياتى ئۇنىڭ پارتىيىنىڭ ياخشى كادىرى، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى.»

9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ جەسىتى بىلەن ۋىدالىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ۋىدالىشىش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، ئاپتونوم رايون رەئىسى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن جانابىل، بادەي، خەلچەم ئىسلام ھەمدە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى، ئۈرۈمچى رايونىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ۋە ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى دوست - بۇرادەرلىرىدىن بولۇپ 1000 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ جەسىتى 1990 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۈلانباي ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا قويۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

ياسىن ھاجى خۇدابەردى 1917 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىدە تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 30 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىدە گىمنازىيىدە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىرلىك سەپ سىياسىتىنىڭ تەسىرىدە ئىلغارلىقنى تەشەببۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئالتايغا پالانغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە سۈيدۈڭدە پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ سىياسىي رەھبىرى، سۈيدۈڭ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كاتىپى، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى سۈيدۈڭ شۆبىسىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى سۈيدۈڭ ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولغان. ئۇ يەنە شۇ جەرياندا كۆپ قېتىم ماقالە يېزىپ ۋە نۇتۇق سۆزلەپ، ۋەتەن بىرلىكىنى ھەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەشكە، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىغا تۆھپە قوشقان. 1950 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1966 - يىلغا قەدەر ئىلى ۋىلايەتلىك «يېڭى يول» گېزىتى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، غۇلجا شەھەر باشلىقى، ئىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باش كاتىپى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلوق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى بولغان، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. 1980 - يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئىتى بولغان. 1989 - يىلدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پەخرىي رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ياسىن ھاجى خۇدابەردى ئازادلىقتىن كېيىن كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلانغان.

ياسىن ھاجى خۇدابەردى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە يېقىندىن ئەگىشىپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان، ئۇ ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە يەرلىك خەلق ھاكىمىيەتلىرىنى قۇرۇش، خەلق ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، جاپالىق ئەجرە سىڭدۈرگەن. پارتىيىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش يولىدا ئالاھىدە كۈچ چىقارغان. 60 - يىللاردا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن چاغلىرىدا، ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەر ۋە ئېغىر تەبىئىي ئاپەتنىڭ بېسىمىغا تىز پۈكمەي، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە تىرىشىپ

ئۇنىڭ ئۇلۇغ خىزمەت ئىشلىگەن، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا ئېغىر سىياسىي زىيانكەشلىككە
ۋە ھەر خىل تۆھمەتلەرگە ئۇچرىغان چاغلىرىدىمۇ پارتىيىگە بولغان ئىشەنچىسىنى، كوم -
مۇنىزمغا بولغان ئېتىقادىنى سۇسلاشتۇرمىغان.

ياسىن ھاجى خۇدابەردى پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئاپتونوم
رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا ماھىرلىق
بىلەن يېتەكچىلىك قىلىپ، پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت
قىلدۇرۇش يۆنىلىشى ۋە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس - بەستە
سايراش فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى -
نىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى،
شۇنىڭدەك مەدەنىيەت قوشۇنىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان، ئۇ يەنە كۆزگە
كۆرۈنگەن ئەدىب بولۇپ، پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ھەر مىل -
لەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدىكى قاي -
نام - تاشقىنلىق ھاياتىنى كۈيلەيدىغان نۇرغۇن ياخشى ئەسەرلەرنى يازغان.

ياسىن ھاجى خۇدابەردى پارتىيىنى ۋە سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيەتتى، ۋەتەننىڭ
بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايتتى. ئۇ ھەقىقەتەن چىڭ
تۇراتتى، ھەممە ئىشتا ئومۇمىيلىقنى، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتاتتى، ئاممىنىڭ
ھالىغا يېتەتتى. ئامما ئارىسىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمى -
يەت بېرەتتى. ئۇچ - ئۇق - يورۇق، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، قاتتىق تىلەپچان،
كەمتەر، سەممىي، راستچىل ۋە كۆيۈمچان ئىدى، پاكلىق قۇرۇلۇشنى ھەر دائىم
تەكىتلەيتتى، چىرىكلىشىش ھادىسىلىرىدىن قاتتىق نەپرەتلىنەتتى. پەرزەنتلىرىگە
ئەخلاقلىق بولۇش، تىرىشىپ ئۆگىنىش، ئاددىي - ساددا ياشاش توغرىسىدا زېرىكمەي
تەربىيە بېرەتتى، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى ياش تالانت ئىگىلىرىنى قىزغىن قوللايتتى
ۋە ئۇلارغا مەدەت بېرەتتى، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ پارتىيىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر كادىرى، خەلقىنىڭ ياخشى
پەرزەنتى ئىدى، ئۇنىڭ ھاياتى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا
بېغىشلانغان ھايات، ئۇنىڭ ۋاپاتى بىز ئۈچۈن غايەت زور يوقىتىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ
ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى ئۇنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## تەزىيە تېلېگراممىلىرى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئارقىلىق ياسىن ھاجى خۇدابەردىنى دەپنە قىلىش ھەيئىتىگە:

ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ چەكسىز قايغۇردۇم. ئۇ بۇرۇنلا باتۇرلۇق بىلەن «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» غا قاتناشقانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەمۇرىي ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئورۇنلىرىدا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىدى ھەمدە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن قىزغىن شۇغۇللاندى. ئۇ پارتىيىمىزنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىياتى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى. ئۇنىڭ ھاياتى ئۇنىڭ پارتىيىنىڭ ياخشى كادىرى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسى ئۈچۈن بىر چوڭ يوقىتىش. ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا مېنىڭ سەمىمىي ھال سورايدىغانلىقىمنى يەتكۈزۈپ قويۇشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئىسمايىل ئەھمەت، بېيجىڭ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ياسىن ھاجى خۇدابەردىنى دەپنە قىلىش ھەيئىتىگە:

مەن ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىدىن سەمىمىي ھال سورايمەن.

ساۋدانوۋ، بېيجىڭ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ياسىن ھاجى خۇدابەردىنى دەپنە قىلىش ھەيئىتىگە:

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پەخرىي رەئىسى يولداش ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ بەختكە قارشى ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. بىز قاتتىق قايغۇرىمىز ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىدىن سەمىمىي ھال سورايمىز، بىزگە ۋەكالىتەن گۈلچەمبىرەك تەقدىم قىلىشىڭلارنى ھاۋالە قىلىمىز.

جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قەييۇم تۇردىغا:

يولداش ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ چوڭقۇر قايغۇردۇم. مەن ئۇنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرىمەن ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىدىن

سەمىمىي ھال سورايمەن. دەرھاللا پارتگۇرۇپپىنىڭ، ھەيئەت رىياسىتىنىڭ جىددىي يىغىنىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى، دەپنە ھەيئىتىنىڭ ئىسىملىكىنى تۇرغۇزۇشلارنى، ئۇنىڭغا تەئەللۇق بەزى چوڭ ئىشلار ھەققىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومدىن ۋاقتىدا يوليورۇق سورىشىشلارنى ئۈمىد قىلىمەن. باش كاتىپنىڭ ھەرقايسى جەمئىيەت، بۆلۈملەر بىلەن كونكرېت ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىپ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى، مەن بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ تۇرۇشلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

جاڭ گۇيىڭ، ئاقسۇ.

شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە:

ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ بەختكە قارشى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق، قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرىمىز.

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە:

پېشقەدەم يازغۇچى يولداش ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تاپتۇق، مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر قايغۇ بىلدۈرىمىز ھەمدە ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىدىن سەمىمىي ھال سورايمىز.

ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم

ئىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە

1990 - يىل 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ياسىن ھاجى خۇدابەردىنى دەپنە قىلىش ھەيئىتىگە:

بۈگۈن يولداش ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ بەختكە قارشى ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ چوڭقۇر قايغۇردۇق. بىز ئۇنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرىمىز ھەمدە ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىدىن سەمىمىي ھال سورايمىز.

شىنجاڭنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە:

ئاتاقلىق يازغۇچى ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. بىز بۇنىڭغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرىمىز ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىدىن سەمىمىي ھال سورايمىز.

ئىلى قازاق ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە:

پېشقەدەم يازغۇچى يولداش ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تاپتۇق. مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر قايغۇ بىلدۈرىمىز ھەمدە مەرھۇمنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىدىن سەممىي ھال سورايمىز.

ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى: غوپۇر
ئىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى: مەھەممەتجان
1990 - يىل 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە:

ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسى ئۈچۈن بىر يوقىتىش. بىز قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرىمىز ۋە ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىدىن سەممىي ھال سورايمىز.

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى
قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە:

پەخرىي رەئىس ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ بەختكە قارشى ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. بىز قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرىمىز. بۇ يولداشنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا قوشقان زور تۆھپىلىرى ئۆلمەيدۇ.

قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە:

ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق قايغۇردۇق. بىز ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمىز. ياسىن ھاجى خۇدابەردى مەڭگۈ ھايات.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە:

ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ بەختكە قارشى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق، بىز چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمىز ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىدىن سەممىي ھال سورايمىز.

ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى
ئالتاي مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
ئالتاي ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە:

ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پەخرىي رەئىسى ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ بەختكە قارشى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسى ئۈچۈن بىر چوڭ يوقىتىش. بىز ئوبلاستىمىزدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرىگە ۋەكالىتەن قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرىمىز ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورايمىز.

بورتالا ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى
بورتالا ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە:

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پەخرىي رەئىسى ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتۇق. چوڭقۇر قايغۇرىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى
خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت - مائارىپ باشقارمىسى

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە:

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پەخرىي رەئىسى ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ كېسەللىك سەۋەبى بىلەن قازا تاپقانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. بىز چوڭقۇر قايغۇردۇق ۋە ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈرىمىز.

شىخەنزە شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە:

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىدىن پەخرىي رەئىس ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. قورغاس ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەرمىللەت خەلقى قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرىمىز ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىدىن سەممىي ھال سورايمىز.

قورغاس ناھىيىلىك پارتكوم
قورغاس ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى

www.uyghurkitap.com

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە:

تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ بەختسىزلىككە قارشى ۋاپات بولغانلىقىغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرىمىز، ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىدىن سەممىي ھال سورايمىز.

كۈيتۇڭ شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى
كۈيتۇڭ شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەشكىلىي ئالاقە باشقارمىسىغا:

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پەخرىي رەئىسى ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتۇق، قاراماي شەھىرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بۇنىڭغا چوڭقۇر قايغۇ بىلدۈرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىدىن سەممىي ھال سورايدۇ.

قاراماي شەھىرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە:

پېشقەدەم ئۇيغۇر يازغۇچىسى ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن قايغۇردۇق. ئۇنىڭ ۋاپاتى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئۈچۈن زور يوقىتىش. بىز بايىنغۇلىندىكى بارلىق قەلەمكەشلەرگە ۋەكالىتەن ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن سەممىي ھال سورايمىز.

كورلا، «بوستان» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئارقىلىق قەييۇم تۇردىغا:

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پەخرىي رەئىسى، پېشقەدەم يازغۇچى ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر قايغۇ بىلدۈرىمىز ھەمدە ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ۋە يېقىنلىرىغا سەممىي تەزىيە بىلدۈرىمىز.

قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ سېكرېتارى ق. تۇرسۇنقۇلوۋ.
قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەدەبىي مەسلىھەتچىسى ش. شاۋايېۋ.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە:

يولداش ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تېپىپ ئىنتايىن قايغۇردۇق. بىز مەرھۇمنىڭ يۇرتداشلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى نامىدىن مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمىز ھەمدە ئۇنىڭ مۇسىبەت ئازابىنى چېكىۋاتقان ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىدىن سەممىي ھال سورايمىز.

ئاتۇش شەھەرلىك ئازاق يېزىسىدىن: ئابلەت زوردۇن، قۇربان مامۇت.

سەيپىدىن ئەزىزى

## ئۆمۈر قامۇسى

(تۇغۇلغىنىمنىڭ 75 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

چارەك كەم بىر ئەسىر ياشىدىم مانا،
ئۆمرۈمنىڭ قىسمىسى بىر قامۇس گويا.
شۇ قامۇس بەتلىرى، قىسمى، بابلىرى
لەق ئۇرغان بىر دېڭىز، بىپايان دۇنيا.

شۇ دېڭىز باغرىدا غۇلاچلاپ ئۈزدۈم،
ئوڭۇشلۇق بولمىدى ئۈزۈشۈم بىراق.
گايىدا دولقۇنلار ئىرغىتىپ مېنى،
دولقۇندىن دولقۇنغا تاشلىدى يىراق.

ۋە لېكىن دولقۇنلار ئىچرە تاۋلاندىم،
ئۈزۈشنى ئۆگەندىم دولقۇنلار يېرىپ.
ئۆگەندىم دېڭىزنىڭ سۈزۈك يۈزىدە
نىشانغا يەتكىچە قالمىدىم ھېرىپ.

ھەر سەھەر زارىقىپ تەلمۈرۈپ كۈنگە،
كۈنچىقىش تەرەپكە قارىدىم ھامان؛
قاتمۇ قات بۇلۇتلار كۆزۈمنى توسۇپ،
كۆرسەتمەي روھىمنى قىينىدى يامان.

ئاخىرى بۇلۇتلار كۆكسىنى تىلىپ،
كۆرۈندى نۇر چېچىپ قۇدرەتلىك قۇياش،
قۇياشقا تەلمۈرگەن چاپاكەش ئىنسان
دەس تۇرۇپ ئاتلاندى، بولمىدى ياۋاش.

شۇ قۇياش نۇرىغا شۇڭغۇدۇم مەنمۇ،
گويا بىر لاچىندەك پەلەككە ئۇچتۇم.
سامانى ئايلىنىپ قىلدىم شوخ پەرۋاز،
خانتەڭرى باغرىنى بىمالال قۇچتۇم.

ھۆسنىگە تولۇشماي ئېچىلغان چالا
قار گۈلى كۆرۈندى يېرىم كۈلكىدە.
دېسەم مەن: سۈنۈقمۇ كۆڭلۈڭ، ئەي گۈلۈم،
دېدى ئۇ: زۇلمەت يار پۈتۈن ئۆلكىگە.

مەن دېدىم: كۆڭلۈڭنى مالال قىلمىغىن،
تەۋرىدى ئېلى ھەم ئالتاي تامانىم.
بۇ دۇلقۇن، بۇ جەسۇر كۈرەش باشلىنىش؛
كۈلىدۇ ئەتىلا تەكلىماكانىم.

سامانى تاج قىلغان بوغدا چوققىسى
ئەتراپقا تىكىلىپ نەزەر سالاتتى.
تەلمۈرۈپ ھەر ياققا ئارمانلار بىلەن
ئاھ ئۇرۇپ ئەلەمدە نەپەس ئالاتتى.

ئالەمنى تەۋرەتكەن چاقماق نۇرىدا
كۈنچىقىش تەرەپتىن كېلەتتى ئەنقار.
شۇ چاقماق ئاۋازى قوزغىدى ئەلنى،
ئەنقارغا قوشۇلدى تۈمەنمىڭ شۇڭقار.

مەنمۇ شۇ ھەيۋەتلىك دولقۇن سېپىگە
قوشۇلدۇم، قولۇمدا مىلتىق ھەم قەلەم.
قوزغالدى ئەل - يۇرتۇم ھۆررا كۆتۈرۈپ،
قاپلىدى جاھاننى قىپقىزىل ئەلەم.

ئەگىشىپ مەردانە قىزىل ئەلەمگە،
پالۋانلار باشلىدى ھەيۋەتلىك يۈرۈش،
ھەر جەڭدە قازاندى شەرەپلىك ئۇتۇق،
بايراقدار باشپاناھ بولغاچقا ئۈرۈش.

زىندانلار، كىشەنلەر قىلىندى پاچاق،
قەددىنى كۆتۈردى جاپاكەش ئىنسان.
قەددىنى كۆتۈردى يوقسۇللار تامام،
قەددىنى كۆتۈردى مىڭ يىللىق ئارمان.

سۇ ئىچتى، نۇر ئىچتى شەرق تېگىدىن
بىر ئۆمۈر چاڭقىغان دىلىم ئارزۇسى.
مەرھابا دېدىمەن ئاپتاپلىق كۈنگە،
ئالتۇندا يېزىلدى ئۆمرۈم قامۇسى.

ياسىن خۇدابەردى

## ۋەسىيىتىم

ئەجەل يېتىپ ئۆلسەم ئەگەر مېنى قويۇڭلار
شۇ سۆيۈملۈك دىيارىمنىڭ كەڭ دالاسىغا.
ئەڭ شەپقەتلىك ۋەتەن ئەبەد تۇرغاي باغرىمدا،
خۇشال كېتەي مەرھۇم يارۇدوست ئاراسىغا.

ئۆلگىنىمگە ئۆكۈنمەيمەن، بەرھەقتۇر ئۆلۈم،
بويسۇنماسقا ئىلاجىم يوق بۇ بىر قىسمەتكە.
ئەمما دىلدا نۇرغۇن يۈكسەك ئارمانلىرىم بار،
ئۇ ئىگىدۇر قۇياش كەبى ئېسىل خىسلەتكە.

كۆپرەك خىزمەت قىلالمىدىم، ئانا يەر ساڭا،
قەرزىم تېخى تۈگىمىگەن ئالدىڭدا، خەلقىم.
ئىشقا ئاشماي قالدى تالاي ياخشى ئويلىرىم،
كەچۈرەرسەن ساڭا سادىق ئوغلۇڭنى بەلكىم.

ياخشى كۈنلەر ئالدىمىزدا كەلمەكتە كۈلۈپ،
ئىنسان ئەقلى راسا تولغان ئاجايىپ زامان.
ئاسمان بىلەن زېمىنىمىز قۇچاقلاشماقتا،
مەن كېتىمەن، ئەمما دىلدا قالدۇ ئارمان.

ياخشى كۈنلەر ئالدىمىزدا كەلمەكتە كۈلۈپ،
قاناتلىنىپ پەرۋاز قىلار قاناتسىز ئىنسان.
تەڭشىلىدۇ ئاخىر بىر كۈن بۇ تەڭسىز دۇنيا،
كۆرەلمەيمەن، ئەمما دىلدا قالدۇ ئارمان.

ئارمان بىلەن كەتسەممۇ گەر ئەپسۇسلانمايمەن
مېنىڭ ئۈچۈن شۇ كۈنلەرنى قۇتلايدۇ ئەۋلات.
پۈركىنىدۇ گۈل - چىمەنگە ئانا تۇپرىقىم،
كۈنگە ئوخشاش نۇرلىنىدۇ زېمىندا ھايات.

ئەجەل يېتىپ ئۆلسەم ئەگەر قويۇڭلار مېنى،
شۇ سۆيۈملۈك ۋەتىنىمنىڭ كەڭ دالاسىغا.
قويغايسىلەر تۈڭلۈك ئېچىپ قەبرەم ئۈستىدىن،
قۇلاق سالاي ۋەتىنىمنىڭ شاد ساداسىغا.

ۋەسىيىتىم، ئايرىلماڭلار ئەۋلادلار توپتىن،
ئايرىلغاننى بۆرە يەيدۇ نەپ ئېپ پۇرسەتتىن.
نۇرلۇق يولغا يېتەكلەيدۇ ئىناقلىق بىزنى،
كۈچ ئۆملۈكتە، ئۇنىشاندۇر، يېڭىش نۇسرەتتىن.

تائەبەتكە ئايرىلماستىن ئىناق ئۆتۈڭلار،
كۆزۈم يۇمۇق، پۈتۈم سۇنۇق ياتاي خاتىرجەم.
سىلەر ئېيتقان ئىتتىپاقلىق زەپەر مارشىدىن
ھۇزۇرلىناي، لەززەتلىنەي باقىيدا ھەردەم.

1990 - يىل 17 - ماي 2 - دوختۇرخاندا يېزىلدى.

مۇھەممەتجان راشىدىن

## ياشلىق يالدامىلىرى

ئۇنتۇلغان ئىزاھلار

بەرمەيتىمەن، ئويلىسام، ئىزاھ
ئىزلىرىمنىڭ ئىللەتلىرىدىن.
ئەسلەپ شۇڭا ئۇنتۇلغانلارنى،
باشلاپ قالدىم گەپنى نېرىدىن.

غالىب كەپتۇ ياشلىقتا مەندىن
ئۆمرۈمدىكى تالاي سەۋەنلىك،
ئۆزۈم تۇرۇپ كۆرۈمەن كىمدىن،
ياكى قىلاي كىمگە ئۆكتەملىك؟

باشقا ئالدىم باشلىغانلارنى،
شەكلەنمىدىم ساقنى كور دېسە.
ئويلانمىدىم: ئورغاقتا تام سوق،
كەتمەن بىلەن ئورما ئور دېسە.

بىرى دېسە: قەنتتە زەھەر بار،
يىغىپتىمەن يايغان ئېتەكنى.
تالاي يىللاپ كەپتۇ ياشلىقىم،
شۇلار بىلەن ماختاپ كېپەكنى.

بولدى بىرى قۇياشقا چىقماق،
مەن جابدۇندۇم ئۇلاردىن ئاۋۋال.
كۆيەمدۇق، يا كۆيدۈرەمدۇق، دەپ
باقماپتىمەن قويۇپ بىر سوئال.

ئەل كۆتۈرسە چۇقانغا بىر قول،
كۆتۈردىم مەن ئىككى قولۇمنى.

ئادالەتكە مىزان دەپتىمەن
تەنتەكلىكتە ماڭغان يولۇمنى.

گۆدەكلىككە ئارتتىم بىرىنى
ياشلىقتىنمۇ كۆردۈم تالاينى،
يۈرمەس ئىدىم شۇلار بولمىسا
شۇ كەمگىچە قالاپ قوراينى.

قىلمىغىنىم قالماپتۇ يەنە
ياشانساممۇ ياش بولغۇم كېلىپ
بېشىم گويا ئوت كەتكەن دالا،
يۈردۈم يەنە جان قويغۇم كېلىپ.

ئەمدى بىلدىم: يارىتىلغانكەن
ئەقىل قېنى تومۇرۇمدا كەم؛
خېمىرىمدا خۇرۇچ كەم بولغان،
يېگۈدەك نان تونۇرۇمدا كەم!

ساۋاقلارنى ئىزاھ ئېتمەن،
ساقلانغاي، دەپ كېيىنمدىكىلەر.
ئىچ - باغرىمىدىن ئۆردۈم ئەستەر
قالمىغاي، دەپ قەلبىمدىكىلەر.

چۈنكى بۈندىن بىز كەتكەن بىلەن
يوللار، يەنە يولۇچىلار بار.
سەپىرىمدە ئاگاھ قىلمىساڭ
ھالىڭ بېشىدا قونغۇچىلار بار.

www.uyghurkitap.com

## ئىچۇك

سەن دالالەت ئەيلىگەن مەنزىلگە مەن ماڭماي ئىچۇك؟
سەن ئەقىل شامىدا يول كۆرسەتمەسەڭ، قايماي ئىچۇك؟
يەرگە نۇر چۇشسە قۇياشتىن، ماڭا نۇر سەندىن كېلۇر،
بولمىسا بىر كۇلكەسەندىن، تۇندە مەن قالماي ئىچۇك؟
ئالما قاقتى باغقا كىرگەنلەر چىقىپ شاختىن تامام،
ئالمىدەك هۆسنۇڭ ئاداشتۇرسا، ئېتەك يايماي ئىچۇك؟
مېنى ئايلاندۇرساتەڭرىم گەر قازان قەۋمىگە بىر،
ئوت سېنىڭدىن بولمىسا، مىڭ يىلدىمۇ قايناي ئىچۇك؟
سەن تۇپەيلى مەن ئىشىك ئالدىڭنى بىر جەننەت دېدىم،
قۇل، دېسەڭ قۇل بوپ هۇزۇرىڭدا ئوتۇن يارماي ئىچۇك؟
قىزغىنارمەن يەتتە ئىقلىمدىن سېنى شەيتان تۇگۇل،
ئازدۇرار بولسا بىراۋ، شۇئان قىلىچ ئالماي ئىچۇك؟
ئايلىنىپ كۆڭلۇم ئېگىزدە هەر سائەت پايلاقتىدۇر،
قايدا بارساڭ، مەن سېنى ئەگىپ شۇئان بارماي ئىچۇك؟
سەن ئۇچۇن ئەهدىمنى بىر - بىر ئاڭلىغان تۇرسا ئېلىم،
چۆلگە كىرسەڭمۇ سېنىڭ كەينىڭدە ئات سالماي ئىچۇك؟
بولغىچە بەگ زاتى بولغان ياخشىدۇر سەنچۇن گاداي،
يەتكىچە ۋەسلىڭگە دىلبەر، يىغلىماي ئويناي ئىچۇك؟
يوق تۇرۇپ ئالەمدە سەندىن ئۆزگە هېچ ئامەت ماڭا،
مەن يەنە سەنسىز سائادەتنى بۇگۇن ئويلاي ئىچۇك؟

## دېدىك

كۇندە ئون رەت مەن سېنى سۆيسەممۇ، سۆيمەيسەن، دېدىك،
كۇلگە ئايلانسام كۆيۇپ ئىشقىڭدا، كۆيمەيسەن، دېدىك.
ناخشا ئېيتسام كۇن چىقىپ تا كەچكىچە بىر سەن ئۇچۇن
ئەكسىچە، تارتتىڭ سوراققا: كىمنى كۇيلەيسەن، دېدىك.
يوق مېنىڭ يول تۇتقىنىم شۇكەمگىچە رايىڭغا زىت،
تۆۋد دەيمەن، ئېيتقىنىمغا ئەسلا كۆنمەيسەن، دېدىك.
بۇ جاهاندا يارغا قۇل هېچكىم مېنىڭدەك بولمىغاي،
قارغىدىڭ ئەمما مېنى: دوزاخقا كىرگەيسەن، دېدىك.

بىلمىدىڭ «لەببەي» لىرىمنى ھەر ئۈنۈڭنى ئاڭلىسام،
بولمىدىڭ رازى يەنە ئالدىمدا ئۈنمەيسەن، دېدىڭ.
مەن ۋىسال تاپتۇق، دېسەم، قوشتۇڭ ئۆزۈڭ شۈبھە ئاڭا،
قىلغىنىم تەزدىم تۇرۇپ، قەدرىمنى بىلمەيسەن، دېدىڭ.
بەرمىدىڭ ئەسلا ئارام كۆنلەپ كۆرۈنگەندىن مېنى،
بىر مېنىڭدىن باشقىغا ھەر جايدا كۈلمەيسەن، دېدىڭ.
كۆندە تىل، كۆنلەش، گۇمان ھەم... شۇمۇ سۆيگۈ بولدىمۇ،
ئاغرىسام ئەملەشتە يوق، ئەكسىچە، ئۆلگەيسەن، دېدىڭ.
سەن تۇرۇپ يادىمغا بىر كەلگەيمۇ ئۇ ئاشنا دېگەن،
قالمىدى بۆھتانلىرىڭ: ئاشناڭچە كۆرمەيسەن، دېدىڭ.
بۇ يۈرەكنى بىر يېرىپ كۆرسەتكىلى بولماس ئىكەن،
يۈز قەسەم ئىچسەم يەنە يالغانىنى سۆزلەيسەن، دېدىڭ.

### ئاخىرقى دىدار

...

خۇش گۈلۈم، مەشەدە ئايرىلدۇق ئەمدى،
ئاخىرقى ئاخشام بۇ، ئاخىرقى دىدار.
كەل يېقىن، يىغلىماي، سۆيۈپ قوي مېنى،
ئاخىرقى ئۆتەك بۇ، ئاخىرقى گۈلزار.

خۇش گۈلۈم، مەشەدە ئايرىلدۇق ئەمدى،
يولۇمغا ئارتۇقچە بولما ئىنتىزار،
كېتەردە كۆڭلۈمنى بىلدۈرۈپ كېتەي؛
مەن ھەرگىز سېنىڭدىن ئەمەسمەن بىزار.

روزى سايىت

## ئۆزۈن مىسرالار

### جامائەتكە بىر سۆز

بىزگە لازىمدۇر ئەمىنلىك، دىلكۇشادلىق ھەر قاچان،
بولسا خاتىرجەم كۆڭۈل يار كۈلكە ـ شادلىق ھەر قاچان.
ئەل مۇقىملىقنى تىلەيدۇ، بىئارامىلىقتىن بىزار،
دىلئارام چايناپ يېگەن نان ـ لوقما تاتلىق ھەر قاچان.
گەر مۇقىمسىزلىق يولىنى ئەتمىسەك، چەك قويمىساق
قايتىباشتىن يۈرتقا يۈزلەنگەي كاساتلىق ھەر قاچان.
بىر زاماندا قانچە دىشۋار تارتىمىدۇق، قىينالمىدۇق،
كۆندە ھەمراھ بولدى يوقسۇزلۇق، لاكاتلىق① ھەر قاچان...

① لاكات — ماغدۇرسىز، بوشاڭ، قۇۋۋەتسىز مەنىسىدە.

www.uyghurkitap.com



ھەي، ئۇ ھالنى ئەقلى بارلار كۆرمىگەي مۇتلەق راۋا،
توق - باياشاتلىقنى ئىستەر بۇ ھاياتلىق ھەر قاچان.
تەس ئېرىشكەن تىنچ - ئاسايىش ياخشى كۈننى قوغدىماق،
قالغۇسى ئۇر - ئۇرغا «پىتنە، غەلۋە» ئاتلىق ھەر قاچان.
ئەي يارانلار، يازغىنىم ئەلنىڭ غېمى — ئەرنىڭ غېمى،
غەم ئەمەس لازىم مۇقىملىق - دىلكۇشادلىق ھەر قاچان!

### سەن ساداقەت كۆزلىگىن

ئەيلىسەم ئىزھار مۇھەببەت ئاي جامالىڭغا قاراپ،
جادۇ كۆز، ئۇچۇرما قاش، توم زۇلپى، خالىڭغا قاراپ.
داغى ھەسرەت ئۇپقۇنىغا چۆكتى ئىشقىم بىمۇراد،
كۆڭلى - كۆكسۈڭنى چۈشەندىم، ئېست، ئۇۋالىڭغا قاراپ.
دەپ ئىدىڭ باشتا: ئۆمۈرلۈك يار - دىلدارىڭ بولاي
ئەمدى ئېيتتىڭ: جىلۋە قىلغان ئاقچا - مالىڭغا قاراپ...
دەپ ئىدىڭ باشتا: چىراينى ئىچكىلى بولماس چىلاپ
ئەمدى دەيسەن: ماڭا سۆز قىل ئەپتى - ھالىڭغا قاراپ...
مەن دېسەم: يار تاللىماقنىڭ شەرتى چىن سۆيگۈ ۋاپا...
سەن دېدىڭ: شەرت راستلىنار، ماغدۇر - ئامالىڭغا قاراپ...
ئاي جامالىغا ئىشەنگەن ئەي جانان، كۆڭلى سۇيۇق،
چېكمەن ئەپسۇس، قەدەم قويغان زاۋالىڭغا قاراپ.
ئاخىرى ھەسرەت - نادامەت ئىلكىگە ئالغاي سېنى،
ئۆلچىسەڭ بەختىڭنى گەر ئاچقان شۇ پالىڭغا قاراپ.
پال دېگەننى پالچى ئاچسۇن، سەن ساداقەت كۆزلىگىن،
سەنمۇ كۆل، روزى، ۋاپادار جۈپ - ھالالىڭغا قاراپ.

### سەھرا كۈيى

ئۆسكىنىم سەھرا يېرى ھەم ماڭغىنىم سەھرا يولى،
سۆيگىنىم سەھرا بېغى، قىسقانلىرىم سەھرا گۈلى.
ھەمدەمىم، دىل بەرگىنىم سەھرا قىزى، سەھرا ئۆزى،
چالغىنىم مېھرۇ - ۋاپا سازى، ساداقەت مەرغۇلى.
مەن شۇ سەھرادا يېتىلدىم مەرد بولۇپ، ئىشچان بولۇپ،
مەردلىكىم، ئىشچانلىقىم، تۆھپەممۇ سەھرا مەھسۇلى.
سىز ئۇنى ھەرگىز دېمەڭ، ئادەملىرى مۆمىن، ياۋاش،

غايىسى ئاددىي، ئۇلار ئاشنىڭ قۇلى، ناننىڭ قۇلى...
ياق، بۇگۈن سەھرا ئەھلى سىز ئويلىغاندىن باشقىچە،
يېڭى بىر دۇنيانى بار قىلدى شۇ «مۆمىن» لەر قولى.
ئوي - تەپەككۇردا قېلىشماس ھېچقاچان سىزدىن ئۇلار،
غايىسى «كۆكتات يېرىنى ئايلىنىپ» يۈرمەس غۇلى.①
مەيلى سىز قانداق قاراڭ سەھرا ئېىسىل، سەھرا گۈزەل،
شۇ گۈزەللىك ئىشقىدا سايرايدۇ لەۋزىم بۇلبۇلى.
ئانىجان سەھرا مەئىشەت كانى جەننەتتىن نىشان،
مەن ئۇنىڭ ئوغلى — ۋاپادار، تاڭشۇرۇلغان دۇلدۇلى.

## بىر كۆرۈپ

سۆيگۈگە سۆيگۈمنى چاتتىم بىر كۆرۈپ،
باغرىغا باغ-رىمنى ياقتىم بىر كۆرۈپ.
ئوقچۇدى تارىم سۆيىمەك سۆيگۈ - ئىشق،
شوخلىنىپ قوينىدا ئاقتىم بىر كۆرۈپ.
قوينىدا ئاقتىم ھۇزۇرىدىن يايرىدىم،
پاھ، ھۇزۇر قەنتىنى چاقتىم بىر كۆرۈپ.
چاچتا ئاق، بەستىمدە ياشلىق غەيرىتى،
ئوتقا جان - جىسمىمنى ئاتتىم بىر كۆرۈپ.
سۆيگۈ ئاتلىق يار، قانات بەردى ماڭا،
پاھ، ئۇچۇپ پەرۋازمۇ تاپتىم بىر كۆرۈپ.
كۆيدۈرۈپ، گاھ سۆيدۈرۈپ، گاھ كولدۇرۇپ،
تۇتتى گۈل، كۆكسۈمگە تاقتىم بىر كۆرۈپ.
دېمىگىن: سۆيگۈ ياراشمايدۇ ساڭا،
ئەكسىچە، ياشلىققا قايتتىم بىر كۆرۈپ.
سۆيگۈ ئاتلىق ئۇنىدىگەچ شوخ نەزمىگە،
سۆيگۈگە خاس نەزمە قاتتىم بىر كۆرۈپ.

## ناخشىچىغا

چىقىپ ئېكرانىغا ھەر نۆۋەت ئۆزۈڭنى ئاشكار قىلساڭ،
قولۇڭنى كۆكرىكىڭ ئۈزرە قويۇپ دىلنى شىكار قىلساڭ.
ئىپار تارقايدۇ ھەر ئۆيگە دېمىڭدىن شۇ ھامان، دىلبەر،
ھۇزۇرىدىن جان كولەر ياڭراق كۈيۈڭنى يادىكار قىلساڭ.
مېنى «ئايدىن سورايمەن» دەپ بىكار دىشۋارچىلىق تارتما،
قېشىڭدا دائىما بىللە بولاي ناخشاڭغا يار قىلساڭ.
ئەگەر ئېيتساڭ مۇقام ھەمدەم بولاي مەرغۇلدا، مەشرەپتە،
چاۋاك تەھسىنلىرىم ياغسۇنكى سورۇننى باھار قىلساڭ.
ناۋا قىل، توختىماي كۈيلە مېنىڭ بەختىمنى، بەختىڭنى،
يۈزۈڭدىن ئاپتاپ ياغسۇن بۇ ھالنى ئىپتىخار قىلساڭ.
گۈزەل مەزگىللىرى كەلدى بۇدەم سەنئەت چىمەنىنىڭ،
تولۇق ئىمكانى بار ئۆزنى سۆيۈپ، سەتلىكنى خار قىلساڭ.

① غۇلى — زادى، ھەرگىز دېگەن مەنىدە.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

## تاشلىدىم

سەن كىرىۋەر قىلما تەكلىپ مەن قاۋاقنى تاشلىدىم،
سەن ئىچىۋەر زورلىماستىن، مەن هاراقنى تاشلىدىم.
كەلسەڭلا، دوستلۇق ئۈچۈن هېچبولمىسا بىر كاسە ئىچ؟....
دەل شۇ دوستلۇقچۇن يەكۈنلەپ مەن ساۋاقنى، تاشلىدىم.
لەۋگە بىر تەگكۈز، كىرەك يوق ئىچمىسەڭ، دەۋەرمىگىن،
تارت قىشمىدىن كاسە ئاتلىق سەت ئاۋاقنى، تاشلىدىم.
بولسا كۆڭلۈڭ بەك يىرىم لەۋزىمنى بەردە قويدى، دەپ،
بوپتۇ، كەلتۈر شەربىتى بار جام - ئاياقنى، تاشلىدىم.
كەتتى ياشلىق، ئەمدى شاشلىق مەيلىگە چەك قويغۇلۇق،
چەكتىن ئاشقان ئىشتا كۆردۈم كۆپ چاتاقنى، تاشلىدىم.
يوق ئىكەن سورۇنلۇقى، دەپ كۈلكە قىلساڭ ئىختىيار،
تاشلىدىم سورۇننى، «سورۇنكەش» سىياقنى تاشلىدىم.
ئەسلە، بىز ئىچكەن هاراق سۇ بولسا چۆل كۆكلەر ئىدى،
ئەمما، تەن تۇپراقىغا نە بىر قىياقنى تاشلىدىم؟!
چوڭ ئەمەس كەيپىڭ خۇمارى هېچقاچان ئۈزدىن، ئاداش
قىستىما ئىچ دەپ قىزىلنى، ئىچمە ئاقنى....تاشلىدىم!
قىلمىدىم ناز، يا قەسەمخوردەك قەسەممۇ قىلمىدىم.
ئويلىغاچ ئالدىمغا تاشلاپ بۆك - تۇماقنى، تاشلىدىم،
ئەمدى ئۆلپەت رويخېتىدىن روزى — مەزكۇرنى ئۆچەر،
ئىستىمە مەست كوچىسىدىن مەن قالاقنى، تاشلىدىم!

ئابدۇكېرىم مەخسۇت

## سۇمبۇل چاچلىق قىزلار چۇش كۆرەر

### ئارزۇلار ئويغاق

تۈن كېچە،
بىر تاتلىق ئۇيقۇدا هايات،
تولۇن ئاي سېپىدۇ گەلۋەك نۇرىنى.
ئۈستەل ئۈستىدە چىكىلداپ سائەت،
توختىماي باسىدۇ ئۆمۈر يولىنى.

بەخت ئىلكىدە كۆرەر تاتلىق چۈش،
هايات ئىشقى بىلەن ياشىغان هەرجان.
ئاي نۇرى تاۋلىنار ياپراقلار ئارا،
گۈزەللىك دۇنياسىدەك تاۋلىنار بوستان.

مەن كىرپىك قاقماستىن بازاڭ ئاستىدا،
گۈزەل تاڭ كۈيىگە سالىمەن قۇلاق.
مىسالى گۈدەكتەك ئۇخلايدۇ هايات،
ئارزۇلار يۈرىدۇ يېنىمدا ئويغاق.

قىزلار

سۇمبۇل چاچلىق قىزلار چۇش كۆرەر،
ئاي ئويناپدۇ قوچاقلىرىدا.
ئىنتىزارلىق گۈلخانى يانار،
كۆڭۈل ئۆيى ئوچاقلىرىدا.

قەلەمقاشلىق قىزلار چۇش كۆرەر،
قۇلىقىغا قىسىپ گۈللەرنى.
يار يولىغا كۆز تىكىپ بەزەن،
كېزەر تەنھا چەكسىز چۆللەرنى.

شەھلا كۆزلۈك قىزلار چۇش كۆرەر،
يازنىڭ ئايدىڭ كېچىلىرىدە.
بەرنا يىگىت شوخ ناخشا كۈيلەر،
ئانا سەھرا كوچىلىرىدا.

ئانار يۈزلۈك قىزلار چۇش كۆرەر،
ۋىسال قۇچار بۇلاق بويىدا.
يارى كېلەر گۈلدەستە ئېلىپ،
ئەزىزانە سەھرا يولىدا.

لېۋى ناۋات قىزلار چۇش كۆرەر،
ئۇي پەيزىنى چۇشىدە سۇرەر.
بەرنا يىگىت تۇتۇپ قولىنى،
ۋىسال تېپىپ باغلاردا يۈرەر.

دۇنيا ئوقۇلمىغان كىتاب

مەن دۇنياغا كۆز ئاچتىم يىغلاپ،
يىقىلىپ قوپتۇم بۇندا نەچچە رەت.
ئارزۇ ۋەسۋەسىدە ئۆتتى كۈنلىرىم،
بىر ئىزدا يۈرسەمەن قىر ئاشماي پەقەت.

ئېپ كەتتى بالىلىق، ئېسىل ياشلىقنى،
دۇنيا قىزىقچىلىقى تۇيىدۇرماي ماڭا.
دۇنيانىڭ كارلىرى مېنى قىلدى بەند،
ساقال سىيپاپ باقىمەن ئاڭا.

دۇنيا مېنى يېتەكلەپ كەلدى،
خىياللار بوستانىغا، ئارزۇ غارىغا.
دۇنيا سەھنىسىدە بىر ئارتىس بولدۇم،
قول ئۇردۇم بىلمەستىن سۆيگۈ تارىغا.

غەزەللەر

كۆلمىگەي ئاشىق يۈرەك بىر نەپەس دىلدارسىز،
بىل ئۇنىڭ ئۆمرى خازان شول ۋاپادار يارسىز.
روھى، جىسمىنى پەقىرنىڭ ئىزدەك جۇنۇن سەھراسىدىن،
تاپمىغاي بوستان ئارا گۈلسۇرۇخنى خارسىز.
ئالدۇرۇپ قويدۇم كۆڭۈلنى بىر تەبەسسۇم دامىغا،
لەۋلىرىنىڭ جامىدىن مەي سۇندى ئۇ ئەغيارسىز.
سۆيگۈسىز ئىنسانىنى ھېچ تاپمىدىم، كېزىپ جاھان،
بولمىغاي بۇلبۇل دېمى ئالەم ئارا گۈلزارسىز.

## تەگسىز ئويلار

1

ئۆتكەن كۈنلەر، ئۇ گۈزەل دەملەر،
ۋۇجۇدۇمنى ئەيلىگەن ماكان.
ئالا يېشىل پەمزەك مىسالى،
ئالقىنىمدا تۇراتتى جاھان.

ۋۇجۇدۇمدىن كۈنلەرنى ئەمەس،
كۈنلەر بەرگەن گۈللەرنى تاپتىم.
ۋاھ ھەسرىتا بۈگۈن سولتۇيۇپ،
مەن سارغايغان گۈللۈكتە ياتتىم.

2

خەير ئەمدى سېرىق ياپراقلار،
قەلبىمدىكى مەيۈس ھاياجان.
يۇلتۇز كەبى كۆچكەن سۆيگۈلەر،
ئاق چايشاپتا جانلىنار ھەريان.

ئاق يۈزلەردە قىپقىزىل شەپەق،
كىرپىكلەردە يالتىرار شەبنەم.
ماھرۇق قارلار باغرىدا ئۇخلار،
يېشىل تونلۇق ئۇ زىبا سەنەم.

3

شاۋقۇنلىغان شاش دەريا مىسال،
ھېسلىرىمغا ماكان ئىزدەيمەن.
ئارزۇلاردىن ياراتتىم دەريا،
دەيمەن بەزەن دىلنى بەزلەيمەن.

ئىلھاملارنىڭ تاتلىق كۈلۈشى،
بوستانلاردا مېنى ئويناتتى.
كېلىچەكنىڭ يالقۇنلۇق ئىشقى،
ۋۇجۇدۇمدا تاڭنى ئويغاتتى.

4

سەن خۇشبۇي باھار گۈلشەن،
ئىپار ھىدىڭ دىماغلىرىمدا.
بويلىرىمغا چىرمىشىپ ھەرئان،
ۋۇجۇدۇڭغا تېپىپ كۈچ - دەرمان.
ھەشقىپىچەك كەبى كۈلسەن،
مېنىڭ ئىللىق قۇچاقلىرىمدا.

5

ئەللىكىنچى داۋاننىڭ بېلىدە تۇرۇپ،
قاراپ باقتىم باسقان يولۇمغا.
قان كۆردۈم، تەر كۆردۈم، گۈل كۆردۈم،
لېكىن نېمە تۇتقۇزدۇم خەلقىم قولىغا.
كۈنلىرىم كېمىنىڭدۇر كۈنىگە ئوخشاش،
تۈنلىرىم كېمىنىڭدۇر تۈنىگە ئوخشاش.
مەيلى سېغىنىدىم، كۆيۈپ سۆيگۈنىڭ،
كۆز ياشلىرىم كېمىنىڭدۇر ئۆمرىگە تۇتاش.

مەھەممەت خېۋىر

## سۆيگۈ نەزمىلىرى

سۆيۈشكەندە

1

لەۋلىرىڭ ئىستىكى لېۋىمدە جارى،
گويائى ئىككى ئوت ئۇچراشتى بۇدەم.
ئۇنتۇلدى كائىنات، ئۇنتۇلدى بارى،
بارلىقى لەززەتلەر بۇندا مۇجەسسەم.
ھەيرانمەن، ئۇنتۇلدى ۋاقىت دېگەنمۇ،
قانمىدىم، يەنىلا سۆيمىگەندەكمەن.

هەيرانمەن، نىگارىم ئاتەش يىگەنمۇ،
هەيرانمەن چوغ تۇرۇپ كۆيمىگەندەكمەن.

ياق، سۆيدۇم، سۆيۈلدۇم ھەممە سۆيۈندۇم،
سۆيۈشتە يوق ئىكەن قانائەت دېگەن.
لاۋىلار، ئاتەشلەر ئىچرە كۆمۈلدۇم،
سەندە جەم، مەندە جەم ھارارەت دېگەن.

لەززەتقۇ بەك تولا، لەززەتلەر تولا،
سۆيۈشنى لەززەتكە شاھىمكىن دەيمەن.
سۆيگەندە لەززەتنىڭ بارى ئۇنتۇلار،
سۆيۈشنى قىممەتكە شاھىمكىن دەيمەن.

2

سۆيگۈ ئوت، سۆيگۈ تاڭ، سۆيگۈ پاتقۇچى،
ئىختىيار يېتىمدۇ لەۋدە قىيامغا.
سۆيگۈ قۇت، سۆيگۈ ئاڭ، سۆيگۈ تارتقۇچى،
ياشلىرىڭ ئۆرۈلەر سۆيسەڭ قىيانغا.

سۆيگۈدىن ھەرقاچان مەھكۇم نەس ئەجەل،
سۆيگۈدىن بۇ دۇنيا ئۆلمەيدۇ، باقىي.
سۆيگۈ شاھ ھەممىگە ئاخىرى-ئەزەل،
سۆيگۈ دەپ مەي بىرەر قوللارغا ساقىي.

سۆيگۈنى ساقلىغان نوھنىڭ كېمىسى،
ساقلايدۇ ئاخىرى ئالەمنى سۆيگۈ.
سۆيگۈسىز ئىنسانىڭ باردۇر نېمىسى،
ئادەمگە ئۇلايدۇ ئادەمنى سۆيگۈ.

ئادەملەر قېرىيدۇ، قېرىماس سۆيگۈ،
قاراڭلار، سۆيگۈ جەم پارلاق قۇياشقا.
سۆيگۈلەر ياندۇرار ۋۇجۇدتا ئىزگۇ،
سۆيگۈلا كىرىدۇ بىھېساپ ياشقا.

## چۈشەنچە

ئادەم بوپ يارالدىم، ئېھۋەنلىرىم كۆپ،
ئادەممۇ ئەسلىدە بولمايدۇ كامىل.
پۈتلىشىپ پەندىيات دېگەنلىرىم كۆپ،
چامدىسام ئېھتىيات دەسلەپكى ئامىل.

پۈتلىشىپ پەندىيات دېگەنلىرىم كۆپ،
پۈتلاشتىن ھەيرانە بولماسمەن شۇڭا.
خەق ئۈچۈن غەم-تەشۇش يېگەنلىرىم كۆپ،
يىقىلسام ۋەيرانە بولماسمەن شۇڭا.

ئاقىلنى ئۇلۇغلاپ كېلىشتى خەقلەر،
راست دېدىم، ئاق نەدە، دېدىم، ئىزدىدىم.
زەررىچە غۇبارغا ئېتىپ زەرەتلەر،
بېشىنى پەس قىلدىم، باستىم، تىزلىدىم.

باتۇرلۇق ئالەمچە سۈپەت ئىكەن (ھەق!)
ئالدىمدا نامايان زور بىلەكلەرمۇ.
يولۋاسنىڭ ساغرىسىدىن سىيلاپ باقسۇن (نەق!)
توشقانغا ئايلاندى تاغ يۈرەكلەرمۇ!

سېخىيلىق ھاتەمگە خاس بىر سۆ پەتمىش،
يېرىشتى بېخىللار قىلنى قىرىقا.
تاغ نېمەت ئالدىدا تالاشتۇق يېمىش،
تومۇزدا توڭ تەگدى چىلگە-تېرىقا.

تاڭ نەدە، سۇزۇكلۈك مەۋجىسى نەدە؟
ئىزدىسەم ھامانەم ئالمىشىپ كەلدى.
تاغ نەدە، چوققىلار ئەۋجىسى نەدە؟
جىلغا ۋە چوققىلار ئالمىشىپ كەلدى.

مۇردىلار ئاخىرقى ئېھۋەندىن خالى،
يېتىپتۇ مەڭگۈلۈك مۇكەممەللىكتە.

كامىللىق ئىزدەشكە يوقتۇر ئامالى،
خاتىرجەم تىنچلىقتا، ھەمدە تەللىكتە!

ئادەم بوپ يارالدىم، ئېۋەنلىرىم كۆپ،
خىزىرلىك سۈپەتسىز بولماس دىل يېرىم.
ئەل كىرگەن كوچىغا كىرگەنلىرىم كۆپ،
يا كېچىك، يا تەردە يۈيۈلار كىرىم.

ئېۋەنگە ئوق ئېتىپ بارىمەن جەڭدە،
(غالىبلىق ئىزدەشتە يەككە تەدبىرىم.)
تارازا كۆپ ئىكەن كىچىك ئۆتەڭدە،
تەدبىردىن داجىماس ھەرنە تەقدىرىم.

........................................

تۇمانلار نېرىغا سۇرۇلۇپ كەتتى
تۇغۇلدى ئېڭىمدا يېڭى چۈشەنچەم.
سولغۇنلۇق قىراۋدا قىرىلىپ كەتتى،
قۇياشنى قۇچاقلاپ تۇرار ئىشەنچەم!

دوستۇمغا

سەن بەردىڭ بەختىمنى، تەختىمنى بەردىڭ،
تىكلەندىم تايىنىپ گىگانت قولۇڭغا.
قەددىمنى رۇسلىدىڭ، كۆكسۈمنى كەردىڭ،
بەنت ئەمەس ئەمدى مەن، غۇۋا! بولۇڭغا،

بەنت ئەمەس ئەمدى مەن، ئەسىر ئەمەسمەن،
ئۆگەي ھېس، يات خىيال ئىسكەنجىسىگە.
تاق ئەمەس، دۇغ ئەمەس، كەسىر ئەمەسمەن،
ئۇزالدىم ئاپتاپىنىڭ پۈركەنجىسىگە.

ئاڭ بەردىڭ، بوي بەردىڭ، قوينۇڭنى بەردىڭ،
ئۆگەتتىڭ تەۋرىمەي تۇرۇپ قېلىشنى.
تاڭ بەردىڭ، توي بەردىڭ، ئورنۇمنى بەردىڭ،
ئۆگەتتىڭ مۇنبەردە ئالقىش ئېلىشنى.

مەندىكى تەمەلەر تۈگىمدى تامام،
ئوبرازىم چاراقلاپ ياندى ئەجرىمدە.
تاغنىمۇ يۆتكەشكە يېتىدۇ چامام،
زەر قالدى ماڭلايدىن ئاققان تەرىمدە

چۆچەكلەر سۇغارغان سەبىي ئېڭىمنى،
مۆرەڭدە، مېھرىڭدە بەرقارار ئەتتىڭ.
سەن بىلەن ئورايمەن ھەربىر تېڭىمنى
تاڭلارغا، شەپەققە سىڭىشىپ كەتتىڭ.

مۇسكۇلۇم مۇشكۇللەر ئالدىدا بەردەم،
خاتىرەم بېتىدىن شۈبھىلەر ئۆچتى.
تويۇندى مەدەتكە ھەربىر ھۈجەيرەم،
خاتىرەم بېتىگە سۆبھىلەر كۆچتى.

بەختىمنى سەن بەردىڭ، بەخت بېرەيمەن،
كۆڭلۈمنىڭ تۆرىدە شاھانە تەختىڭ.
تۆرگە ئۆت، سېنىمۇ تۆردە كۆرەي مەن،
چۈنكى سەن مېنىمۇ شۇنداق تۆرلەتتىڭ،
جىسمىمنى قۇياشتىن بىر زەررە ئەتتىڭ...

**ئابدۇللا ساۋۇت**

# ئۇيۇقتا قېتىپ قالغان كۈن



(پوۋېست)

... مەن بىرنەچچە كۈن بولمىغانغا ئىشخانا مۇشۇنداق مەينەتلىشىپ كەتسە ـ ھە؟ بۇ زۇلەيخا ـ زە، مۇئاشنى ھالاللاپ ئالسىچۇ؟ بىر تىيىن تۇتۇپ قالسىغۇ شۇ ھامان كاسسىر بىلەن سوقۇشىدۇ... ئەتىگەن كېلىدۇ، ئىسسىق ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ تور توقۇيدۇ، كەشتە تىكىدۇ، ياكى بالىسىنى باقىدۇ، ۋاقىت توشا ـ توشمايلا ئۆيگە ئالدىرايدۇ. شۇنىمۇ خىزمەت قىلدىم دېگىلى بولامدۇ؟ ئابدۇكېرىم ئاكا بۇ مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ مەسئۇلى تۇرۇقلۇق خىزمەتتە سۇسلۇق قىلغانلارغا ئۆتكۈدەك بىر ئېغىز گەپمۇ قىلمىسا...

نىجات ئىدارىگە كەلمىگىلى تۆت كۈن بولغانىدى، بۇ جەرياندا ئۇ «ئاقباشخان شەھىرى» خارابىسىنى قېزىش بىلەن شۇغۇللانىدى، تۈنۈگۈن سەمى قارىم بىرنەچچە موللا، سوپىلارنى باشلاپ كېلىپ نىجاتنىڭ ئىشىنى توستى، «سەن بىزنىڭ ئۇلۇغ پىر ـ ئەۋلىيالىرىمىزنىڭ مۇبارەك جايلىرىنى بۇزدۇڭ، ئۇلارنى گۆرىدە تىنچ ياتقىلى قويمىدىڭ، بۇ كۇپۇرلۇق، ئەۋلىيالىرىمىزنىڭ روھىدىن قورۇنمامسەن؟ كولىما بۇ يەرنى» دېدى. نىجاتنىڭ گۇرجىكىنى تارتىۋالدى. نىجات، ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولغان بۇ ئادەمنىڭ جامائەت ئىچىدىكى ئابرويىنى نەزەرگە ئېلىپ گەپ قىلماستىن ئۆيىگە ياندى، كېچىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى، قوپۇپ شىرە ئالدىدا ئولتۇردى، كىتاب كۆردى، تاڭغا يېقىن ئازلا ۋاقىت كۆزىنى يۇمدى، سەھەر تۇرۇپ ئىدارىگە كەلدى، زالنىڭ تاملىرىغا تاقاپ قويۇلغان شىرەلەرنىڭ ئۈستىدە قالايمىقان تاشلاپ قويۇلغان، رەڭگى، شەكلى ھەرخىل ساپال قاچىلارنى، مىس تۆمۈر بۇيۇملارنى، لاي قورچاقلارنى... نېپىز بىر قەۋەت چاڭ ـ توزان باسقانىدى، بولۇپمۇ بۇلۇڭدا تۇرغان جەسەتنىڭ قول ـ پۇت سۆڭەكلىرى ئەسلىدىكى ئورنىدىن يۆتكىۋېتىلگەن بولۇپ ئۈستىگە يېپىپ قويۇلىدىغان رەختمۇ ھېچيەردە كۆرۈنمەيتتى، بۇ ھال نىجاتنىڭ تېخىمۇ غەزىپىنى كەلتۈردى، ئۇ

www.uyghurkitap.com

جەسەتىنىڭ قول ـ پۇتلىرىنى ئۆز ئورنىغا قويۇپ جىپسىلاشتۇرۇشقا كىرىشتى.

— ۋۇي... سىز بالدۇرلا كېلىپ....

زۇلەيخا ئىشقا 15 مىنۇت كېچىكىپ، كەلگەن، زال ئىشىكىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇدۇللا زالغا كىرگەنىدى، نىجات جاۋاب بەرمىدى، ئاستا ـ ئاستا مېڭىپ زۇلەيخاغا يېقىنلاشتى.

— بۇلارنى، — نىجات شىرە تەرەپنى ئىما قىلدى، — پاكىز سۈرتۈڭ، تۇجۇپىلىدىڭ، ئاۋايلاڭ، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە شۇنداق...

نىجاتنىڭ سۇرلۇك چىرايىدىن سەل ئەيمەنگەن زۇلەيخا باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈرگەندىن كېيىن كەينىگە ياندى، زالغا ياندىش ئىشخانا نىجات بىلەن زۇلەيخاغا مەنسۇپ ئىدى. ئىككىسىنىڭ شىرەسىمۇ بىر ـ بىرىگە تاقاپ قويۇلغانىدى، خىزمەت ئۈستىدە ئىككىيلەن روبىرو ئولتۇرۇشاتتى، زۇلەيخا مەشكە ئوت يېقىپ بولۇپ ئىشخانىسىنى تازىلىدى، نىجات كىرگەندە زۇلەيخا شىرە ئۈستىنى، ئەينەك تاختىنى سۈرتۈۋاتاتتى، نىجات ئىشكاپلاردىن ئالغان بىر دۆۋە قەغەز دەستىلىرىنى زۇلەيخانىڭ شىرەسى ئۈستىگە تاشلىدى:

— بۇ كارتوچكىلارنى تولدۇرۇشىمۇ سىزنىڭ ۋەزىپىڭىزغۇ دەيمەن.

زۇلەيخا بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى، تال ـ تال كىرپىكلىرىدە توختاپ قالغان ياش تامچىلىرىنى پېشانىسىنى بېسىپ چۈشكەن بىر تۇتام چېچى توسۇپ تۇراتتى، نىجات سائىتىگە قاراپ دېدى:

— سائەت 10 دا رەنا ھېلىقى دوكلاتنى تەرجىمە قىلىپ ماشىنكىدا ئۇرغۇزۇپ ئەكىلىدۇ، ئۇيغۇرچىسىنى سىز ماشىنكىدا ئۇرغۇزۇڭ، ھەر ئىككىسىنى بېسىپ تەييار قىلىڭ، ھۆكۈمەت قورۇسىغا كىرىپ قايسىلا ماشىنىستقا دېسىڭىز ئۇرۇپ بېرىدۇ، شۇنچىلىك ئىشنى...

— ما... ماقۇل نىجات، مەن... مەن سىزگە بىر...

— مەن ئالدىرايمەن.

زۇلەيخانىڭ دېمەكچى بولغان سۆزى ئاغزىدا قالدى، نىجات چىقىپ كەتتى. زۇلەيخا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ياشلىق كۆزلىرىنى تىكىپ قېلىۋەردى. نىجاتنىڭ بۇگۇنكى تۇرگۇن، سۇرلۇك چىرايى، قوپال مۇئامىلىسى ئۇنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق ئازار بەرگەنىدى، كېچە ـ كېچە ئۇخلىماي ئويلاپ چىققانلىرىم، يېقىنلىشىشقا ئورۇنۇپ قىلغان قىلىقلىرىم... كۆڭۈل بېرىپ، ئوتىدا كۆيۈپ ئاھ ئۇرغانلىرىم، ئېسىت... رەنا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كېلىپلا مېنىڭ بەختىمگە چاڭ سالدى، نىجاتنى مەندىن تارتىۋالدى. زۇلەيخا كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئورنىدىن تۇردى، زالغا كىردى، يېڭى ماتادىن بىر پارچە يىرتىپ سۇغا چىلاپ چالا سىقتى، ئاسار ـ ئەتىقىلەرنى ئاۋايلاپ سۈرتۈشكە باشلىدى. ئەسلىدە ئاسار ـ ئەتىقە بۇيۇملىرىنى ئەينەكلىك ئىشكاپلاردا ساقلاشقا تېگىشلىك ئىدى، بۇنىڭغا خېلى كۆپ پۇل چىقىم قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ھەر قېتىم توپا ـ چاڭ باسقاندا ھۆل لاتا بىلەن سۈرتۈش — بۇيۇملارنىڭ رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن ئىدى. نېمە ئامال... زۇلەيخانىڭ خىيالى يەنە نىجاتقا بۇرۇلدى.

زۇلەيخا توي قىلىپ بىر ئاي ئۆتكەندە نىجات مەدەنىيەت يۇرتىغا ئورۇنلاشتى.

نىجاتنىڭ ھەممىشە جىددىي، تۈرگۈن چىرايى، گەپنى تۈزۈت قىلمايلا ئوچۇق ئېيتىدىغانلىقى، ناخشا - مۇزىكا، تانسا سورۇنلىرىنى قولدىن بەرمەيدىغان شوخ مىجەزى مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى ئاياللارغا ياقاتتى، زۇلەيخا پۇشايمان قىلدى، سەل تەخىر قىلغان بولسام نىجاتقىلا تېگىۋالاركەنمەن، ئېست! توي قىلىدىغان ۋاقىتتا قىز - ئاياللارنىڭ كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالىدۇ، دېگەن گەپ راست ئىكەن. زۇلەيخانىڭ ئېرىمۇ نىجاتتىن كەم قالمايدىغان كېلىشكەن، خۇش خۇي يىگىت ئىدى، لېكىن... نېمە ئۈچۈندۇر، زۇلەيخا كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نىجاتنىلا ئويلايدىغان بولۇپ قالدى، خىيالىدا ئۆزىنى قۇرئان قىسسىلىرىدىكى زۇلەيخاغا، نىجاتنى — يۈسۈپكە ئوخشىتاتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە نىجات يۈسۈپتەكلا چىرايلىق ئىدى، ئۆزىنىمۇ ئالاھىدە گۈزەللەردىن دەپ بىلەتتى، ئۇ چاغدا زۇلەيخا بالىلار كۇتۇپخانىسىدا ئىشلەيتتى، نىجات ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپمۇ باقمايتتى، ئەمما زۇلەيخا ئۇنى پات - پات كۆرمىسە تۇرالمايتتى. ھەر كۈنى بىر - ئىككى قېتىم نىجاتنىڭ ئىشخانىسىغا كىرەتتى، ئۇنى-بۇنى سورىغان بولۇپ ئۇزاق ئولتۇراتتى، نىجات رەسىم مەشقى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندىمۇ زۇلەيخا ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ قالاتتى، سىزىلىۋاتقان رەسىملەرگە قارىغان بولۇپ ئاستىرتتىن نىجاتنى كۆزىتەتتى، بىراق نىجات...

زۇلەيخا ئىشخانىسىغا قايتىپ چىقتى، ئۈستىلىگە ئولتۇرۇپ بىر كارتوچكىنى قولىغا ئالدى، نىجات يازغان خاتىرىگە قاراپ كارتوچكىنىڭ بوش گىراپىلىرىغا «ساپال كوزا، 1 دانە، 86·T .G·01. ئارسلانخان شەھىرىدىن قېزىۋېلىنغان، شەرق 360، جەنۇب 180، 97.5 سانتىمېتىر...» دېگەنلەرنى يازدى، ئۇنىڭ قولى ئىشتا بولسىمۇ خىيالى نىجاتتا ئىدى، «نىجات مەن سىزنى... نېمە دېسەم بولار، سىزگە ئاجايىپلا... مۇبادا توي قىلمىغان بولسام سىز بىلەن...»، «زۇلەيخا، سىز ئەرلىك ئايال، ماڭا بۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ»، «نىجات، مەن كۆڭلۈمنىڭ سىزگىلا باغلىنىپ قالغانلىقىغا ھەيرانمەن، بۇنىڭغا مەن ئەيىبلىك ئەمەس، بىلەمسىز، كۆڭۈل دېگەن... قىينىماڭ مېنى!»، «ئۇنداقتا مەن ئەيىبلىك ئىكەنمەن - دە!»، «شۇنداق، سىزنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىڭىز ئەيىبلىك، كۆزلىرىڭىز...»، «بولدى ئاۋارە بولماڭ، مېنىڭمۇ پۈتۈشۈپ قويغان لايىقىم بار» بۇ كۆڭۈلسىز سۆھبەتنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە قانچىلىك ۋاقىت بولدىكىن، ئەمما زۇلەيخا ئاشۇ ۋاقىت، ئورۇن... نى زادىلا ئېسىدىن چىقىرالمايتتى.

ئۇ ئىككىنچى كارتوچكىنى قولىغا ئېلىۋاتقاندا ئىشىك ئېچىلدى، رەنا كىرىپلا كۆرۈشۈشكە قول ئۇزاتتى:

— ئەسسالام، قانداق خېنىم ئەھۋاللىرى؟ بۈگۈن بەك جىددىي ئىشلەپ كېتىپلا، نىجات قېنى؟

— ئۆزلىرىمۇ ياخشى تۇرۇۋاتقانلا، — زۇلەيخا خۇشياقمىغاندەك گەۋدىسىنى سەل قىمىرلاتتى، رەنانىڭ قولىنى بوشقىنا تۇتۇپ قويۇۋەتتى، — بۈگۈن تازا مىجەزىم يوق، بېشىم ئاغرىپ...

— باشلىرى ئەمەس، يۈرەكلىرى ئاغرىيدۇ، — رەنا كۈلۈپ تۇرۇپ قولىدىكى قەغەزلەرنى شىرەگە قويدى، — ھەقىچان بالىنىڭ دادىسىنى سېغىنغانلا، يارىشىۋالسىلا دېدۇق، ئۇنىمىدىلا، مانا ئەمدى...

www.uyghurkitap.com

— بۇ توغرىلىق گەپ قىلمىسىلا، رەنا، — زۇلەيخانىڭ رەشك ئوتى يانىدىغان كۆزلىرى رەنانىڭ كېلىشكەن، خۇش پىچىم بويىغا چىپسا كەلگەن يۇڭ پوپايكىغا تىكىلدى، — ئۈرۈمچىدىن ئەكەلدۈرگەن ئوخشىماملا، قېنىق توقۇلغىنىكەن.

— گۇاڭجۇدىن ئەكەلدۈردۈم.

— قىزىل رەڭ قەۋەتلا ئېچىپتۇ.

— مەن كىيگەندىن كېيىن شۇنداق چىرايلىق ئاچىدۇ - دە، — رەنا كۆكسىنى سەل كېرىپ تەكەببۇرانە بىر قىياپەتتە كۈلدى، — سىلىمۇ بىرنى ئەكەلدۈرۈپ كىيسىلە.

— ياقەي... — زۇلەيخانىڭ قىزارغان كۆزلىرى قىسىلىپ لەۋلىرىدە مەنسىتمەسلىك ئىپادىلىرى ئەكس ئەتتى، — بۇنداقنى كىيسەم پىگورامنى بۇزۇۋېتىدۇ. جىگدە يوپۇرمىقى رەڭلىك سارجىدىن كاستيۇم - يوپكىلىق ئېلىپ سەيپۇڭغا بېرىپ قويدۇم.

— ۋيەي، — رەنانىڭ زىل ئاۋازى ئىشخانا ئىچىنى بىر ئالدى، — ئەمدىمۇ تېخى، مەن دېگەنچۇ، ئۇنداق سارجىنى ئۆتكەن يىللا كىيگەن، بۇ يىل ئۇنداق كىيىملەر مودىدىن قالدى، ها... ها... ها... سىلە ۋەزىيەتنىڭ كەينىدە قاپلا.

ئاياللاردىكى ھەسەت گويا زەھەرلىك ئوققا ئوخشايدۇ، شۇ تاپتا رەنا ئاتقان ئوق زۇلەيخانىڭ يۈرىكىنى نەچچە يېرىدىن تېشىپ ئۆتۈپ پارە - پارە قىلماقتا ئىدى، ئۇنىڭ تاتىرىشقا باشلىغان مەڭزى لىپىلداپ، قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى، ئۇ ئالدىدىكى كارتوچكىغا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ ئېغىر خورسىندى، مودىدىن، ۋەزىيەتتىن كېيىن قاپتۇمىش، بۇ نېمە دېگەن گەپ، نىجاتقا بولغان مۇھەببىتى مودىدىن قاپتىمۇ؟ مۇھەببەتمۇ ۋەزىيەتنىڭ كەينىدە قالامدىكەن؟ رەنانىڭ نىجاتقا سايىدەك ئەگىشىپ يۈرگىنى يېڭى ۋەزىيەت ياراتقانلىقكەن - دە! گادىرماش ئويلار زۇلەيخانىڭ زېدىلەنگەن يۈرىكىگە تۇز قۇيغانىدى، ئۇ جىم ئولتۇراتتى، كۆز ئالدىدىكى ھايات سەھنىسىدە ئۆزىنىڭ باش رول ئالالمايدىغانلىقىنى، رەنانىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىغا، سالاھىيىتىگە، مەنمەنلىكىگە تايىنىپ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى، ئىشخانىنى ئېغىر سۈكۈت قاپلىدى، خېلىدىن كېيىن رەنا غالىبلارغا خاس تەلەپپۇز بىلەن دېدى:

— نىجات قېنى دىسەممۇ جاۋاب بەرمىدىلە، ئەنە دوكلات، نىجاتقا بېرىپ قويسىلا.

رەنا ئېگىز قونچىلىق ئۆتۈكىدىن تاق - تاق ئاۋاز چىقىرىپ ئىشخانىدىن چىقتى، ئۆتۈك قونچىدىكى زەنجىر - ھالقىلارنىڭ يېقىملىق جىرىڭلىغان ئاۋازى ئىشخانا ئىچىدە قايتا ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلدى، ئاۋاز يىراقلاشقانسېرى ئىشخانا ئىچىنى باسقان ۋەھىمىلىك سۈكۈت تېخىمۇ ئېغىرلاشتى.

كەچقۇرۇن نىجات ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىغا كېلىشىگە مۇئاۋىن ھاكىم ھەسەن مامۇت ئىشخانىسىدىن چىقىپ پېشايۋان رىشاتكىسىغا ئېڭىشىپ بۇرنىنى قاقتى، ئاندىن ھاجەتخانا تەرەپكە ماڭدى.

— سىلىنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم، ھاكىم...

— ھە تۇغقىنىم، نېمە ئىش؟ — مۇئاۋىن ھاكىم توختىدى، نىجات قارا كىلېيونكا تاشلىق پوپكىسىدىن ئىككى نۇسخا دوكلاتنى ئېلىپ تەڭلىدى.

— نېمە گەپ؟

نىجات پارتكوم ئىشخانىسىغا كىرگەندە مۇئاۋىن شۇجى تۇرغۇن ئۇنى قىزغىن قارشى ئالغانىدى، ھەسەننىڭ بىپەرۋا ھالىتى، مەنسىتمىگەندەك نەزەردە تىكىلىشلىرى نىجاتنى سەل ھودۇقتۇرۇپ قويدى.

— «ئارسلانخان شەھىرى» خارابىسىنى قوغداش توغرىسىدىكى دوكلات.

— نېمە؟ ئارسلانخان دېدىڭمۇ؟ ناھىيىمىزدە بۇنداق يەر يوق، سەن...

تۇرغۇن نىجاتنىڭ «ئارسلانخان شەھىرى» خارابىسى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشلىرىنى زور قىزىقىش بىلەن زەن قويۇپ ئاڭلىغانىدى، نىجات سۆزلىگەندە لوقما سالمىغان، كۈلۈپ، باش لىڭشىتىپ ئولتۇرغان، مۇنۇ ھەسەن بولسا...

— كونا بازاردىكىچۇ؟ كىشىلەر ئۇنى «ئاقباشخان شەھىرى» دەۋالغان، ئەسلىدە ئۇ شەھەر...

— توختا، توختا، — ھەسەننىڭ قارامتۇل يۈزى ئۆزىنىمۇ سەزمىگەن ھالدا لىپ-لىپ قىلىپ تارتىشىپ كەتتى، دوكلاتنى قولىغىمۇ ئالماستىن ھاجەتخانىغا ماڭدى، — توختا، چىققاندىن كېيىن سۆزلىشەيلى.

نىجات مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ سۆزلىرىنى ئېغىر ئالمىدى، لېكىن تۇرغۇن بىلەن بۇ ئادەمنىڭ خاراكتېرىدىكى روشەن پەرقلەرنىڭ بارلىقى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولۇپ تۇراتتى، شۇ چاغدا تۇرغۇنمۇ نېمىگىدۇر ئالدىراپ تۇراتتى، ئەمما نىجاتنىڭ سۆزى باشلانغاندا بىرخىل خاتىرجەم قىياپەتكە كىرگەن ۋە ئاخىرىغىچە تولۇق ئاڭلىغانىدى.

— تۇرۇۋېرىسىزغۇ نىجات، — دېدى تەرجىمانلار ئىشخانىسىدىن چىقىۋاتقان رەنا، — ئىشخانىغا كىرىڭ، پاراڭلىشىمىز.

رەنا پەلەمپەيدىن چۈشتى، نىجات ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

— دادىڭىزنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىمەن.

— دادام يوقمىكەن؟

— باركەن، — نىجات ھاجەتخانا تەرەپنى كۆرسەتتى، — ھازىر چىقىدۇ.

— تەرجىمەم قاملىشىپتىمۇ؟ — رەنا كۈلدى، — ئىزدەپ كىرسەم زۇلەيخا ئولتۇرۇپتىكەن، چىرايى ئۆمسىلا....

— ئوبدان تەرجىمە قىپسىز، سىزگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتسام بولاركىن؟

— قۇرۇق رەھمىتىڭىزگە كىم رازى بولىدۇ، — رەنا لەۋلىرىنى پۈرۈپ، كۆزلىرىنى قىستى، — مېنىڭمۇ سىزگە ھاجىتىم چۈشىدۇ، شۇ چاغدا...

ھاجەتخانا تەرەپتىن يۆتەل ئاۋازى ئاڭلاندى، رەنا شۇ ھامان كەينىگە يېنىپ پەلەمپەيگە چىقتى ۋە بۇرۇلۇپ نىجاتقا قاراپ شوخلۇق بىلەن كۆزلىرىنى ئويناتتى-دە، ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى، قىزىل يۇڭ يوپكا، قىزىل يۇڭ يوپايكا ... نىجاتنىڭ خىيال ئاسمىنىدا بىر تال قىزىلگۈل پىرىلداپ ئۇچۇپ بۇلۇتلار ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى.

— ھە، ئەمدى دېگىنە، يېڭى گەپىكەنغۇ بۇ، — دېدى ھەسەن كېلىپ، — ئەسكى سېپىلنىڭ ئىسمىنى ئۆزۈڭچە ئۆزگەرتىپ يۈرمىگەنسەن، سىياسىي كېڭەشتىكىلەر ئۇ ھەقتە بىر نەرسە يېزىۋاتىدىغۇ دەيمەن.

www.uyghurkitap.com

— يېڭى گەپ ئەمەس، ئەسلى ئىسمى شۇنداق، بىراق سىياسىي كېڭەشتىكىلەرنىڭ يازغىنى تارىخقا، ئەمەلىيەتكە ... — نىجات بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى، ھەممە گەپنىڭ دوكلاتقا يېزىلغانلىقىنى بىلگەچكە ئەسلى مەقسەتكە كۆچتى، — بۇرۇنمۇ شۇنداق بىر دوكلات يازغانىدىم، ئىشخانا مۇدىرىغا بەرگەن، ئۇچۇرى بولمىدى، بۇنى يەنە يېزىپ ...

— بۇرۇنقىسىدىن خەۋىرىم يوق، — مۇئاۋىن ھاكىم دوكلاتنى ئېلىپ قاتلاپ يانچۇقىغا سالدى، — دېگىنە، ئۇ ئەسكى سېپىلنى نېمىشقا قوغدايدىكەنمىز.

— «ئارسلانخان شەھىرى» خارابىسى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى، مەركەزنىڭ، گوۋۇيۈەننىڭ ...

— بولدى، بولدى، چۈشەندىم، — مۇئاۋىن ھاكىم نېمىگىدۇر ئالدىرايتتى، نىجات ئوڭايسىزلاندى، — كېيىن مۇزاكىرىلىشىپ بىر نېمە دەيلى، بولامدۇ؟

مۇئاۋىن شۇجى تۇرغۇن نىجاتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ جىددىيلەشكەنىدى، بۇ جىددىيلىك نىجاتنىڭ تەكلىپلىرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. نىجات سۆزلەپ بولغاندا ئۇ سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسىنى چاقىرتىپ كىرگەن ۋە ئۇلارنىڭمۇ «ئارسلانخان شەھىرى» خارابىسى ھەققىدە ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ئاتىدىن ماتېرىيال تۇرغۇزۇش لازىملىقى توغرىلىق تەكلىپ بەرگەن. سەمى قارىمنىڭ كاشىلا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندا رەئىس بۇ ئىشقا قارىتا مۇۋاپىق تەربىيە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتقان، مۇئاۋىن شۇجى ئۆزىمۇ نىجاتنىڭ خىزمىتىنى قوللايدىغانلىقىنى، ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، لېكىن ... بۇ مۇئاۋىن ھاكىم بولسا ... نىجات ئۆزىدىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان ھەسەن ماموتنىڭ كەينىدىن:

— ھاكىم، بۇ دوكلات يوقاپ كەتمىسۇن، جۇمۇ، بولۇپمۇ ... ئېھتىيات قىلالا! — دېدى.

— بىلىمەن، تۇغقىنىم، بىلىمەن، — ھەسەن توختىدى، تېرىكىشىنىڭ ئورنىغا مۇغەممىرلەرچە كۈلدى، — مېنى ئۇنچىۋالا دۆت چاغلىما، بىلىسەنغۇ، مېنىڭ خىزمەتلەرنى قانداق كەسكىنلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىمنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالى، گەرچە دىپلومۇم بولمىغان بىلەن ... ئەتىلا كۆرۈپ بىر نېمە دەيمىز.

نىجات ئۈمىدلىنىپ كەينىگە ياندى، توغرا، ھەسەننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە ئۈچ قېتىم، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئىككى قېتىم قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلاردا ئوقۇغىنى يالغان ئەمەسقۇ؟ بۇ ئادەمنى بوش چاغلىغىلى بولمايدۇ، ئاخىرقى گەپلىرىم ئېغىر كەتتى، ئېھتىيات قىلغىنىم توزۇك. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇغقان بىز.

نىجات ھەپتىدە بىر-ئىككى قېتىم مۇئاۋىن ھاكىم ھەسەننى ئىزدەپ ھۆكۈمەت بىناسىغا كېلىپ تۇردى، بىراق، ئۇچرىتالمىدى، ھەر قېتىم باشقىلاردىن مەجلىس ئېچىۋاتىدۇ، ھۆكۈمەت پارتىيە گۇرۇپپىسى يىغىنىغا قاتنىشىۋاتىدۇ، ۋىلايەتكە يىغىنغا كەتكەن، يېزىغا چۈشۈپ كەتكەن، بۈگۈن كۆرۈنمەيدىغۇ، نەگە كەتتىكىن، دېگەندەك جاۋابلارنى ئاڭلايتتى. باشقا ۋاقىتلاردا بولسۇن ئۇ «ئارسلانخان شەھىرى» خارابىسىنى قېدىرىپ-تەكشۈرۈش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. سەمى قارىم بىلەنمۇ پات-پات تۇتۇشۇپ تۇراتتى.

«ھەي مۇرتەد! ئۇلۇغ ئەۋلىيالىرىمىز بېسىپ ياتقان مۇبارەك جايىنى ئوك - تەتۈر كولىما،
ئۇلارنىڭ مۇبارەك ئۇستىخانلىرىنى كۈن كۆرسە خوۋلۇق بولمايدۇ»، «بۇ يەردە سىلىنىڭ
ئەۋلىيالىرى يوق، مەن ئاسار ئەتىقىلەرنى قېزىۋاتىمەن. قولۇمدا يۇقىرىنىڭ ئۇقتۇرۇشى،
تەستىقى بار» سەمى قارىم ئۇنىڭ يوللۇق پىكىرلىرىنى ئاڭلىمايتتى. يېقىندىن بۇيان
سىياسىي كېڭەش رەئىسى گەپ قىلغان بولسا كېرەك، نىجاتنىڭ كۆزىگە ئانچە كىرىۋال-
مايدىغان بولدى. ئەمما «ئاقباشخان شەھىرى» توغرىسىدا تۈرلۈك رىۋايەتلەرنى توقۇپ
تارقىتىشقا باشلىدى. نىجات ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى، ئۇ سەل پۇرسەت بولسىلا ھەسەن
مامۇتنى ئىزدەيتتى. رەنا ئۇنىڭ تارتىۋاتقان ئاۋارىچىلىقلىرىنى سېزىپ بىرقانچە قېتىم
بۈگۈن دادام ئۆيدە بولىدۇ، كەچتە كېلىڭ، ئازادە سۆزلىشەلەيسىز، دېدى. نىجات ئاغزىدا
ماقۇل دېسىمۇ، كۆڭلىدە رەنانىڭ ئۆيىگە كىرىشنى خالىمايتتى، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشىنى،
خەلقنىڭ ئىشىنى ئەلۋەتتە ئىش ئورنىدا، ئىشخانىدا بېجىرىش كېرەك، كىرىشكە توغرا
كەلسە ھېيت - بايراملاردا، تۇغقانلار ئارا باردى - كەلدى قىلغان چاغلاردا كىرسەم بولىدۇ،
دەپ ئويلايتتى. كېيىنچە ئۇ ھەسەننى ئىزدەۋېرىشتىن يالتىيىپ قالدى، چۈنكى، ئۇنىڭ-
سىزمۇ قىلىدىغان ئىشلىرى ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىدى. ئىشىنىڭ ئاخىرى تۈگىمەيتتى،
زالدىكى ئاسار ئەتىقىلەرنى رەتلەش، ئۇلارنىڭ كارتوچكىلىرىنى تولدۇرۇش، بىردىن نۇسخا
تاللاپ يۇقىرىغا ئەۋەتىپ، ياسالغان دەۋرى، يىللىنامىلىرىنى باھالاتقۇزۇش، خاتىرە يېزىش
ۋە بۇ ھەقتە بىرنەچچە پارچە ئىلمىي ماقالا يېزىپ گېزىت، ژۇرناللارغا ئەۋەتىش، بولۇپمۇ
كىشىلەر ئاغزىدا قەدىمدىن بۇيان «ئاقباشخان شەھىرى» دەپ ئاتىلىۋاتقان ئەسلىدىكى
«ئارسلانخان شەھىرى» نىڭ نامى ھەققىدە ئىزدىنىش، ئۇنى قوغداشنىڭ تەدبىرلىرى
توغرىسىدا لايىھە تۈزۈش، 8 - مارتتىن تاكى ئۆكتەبىرگىچە بولغان ھەممە خاتىرە كۈنلەر-
گە ئاتاپ تەشۋىقات رەسىمى سىزىش، يېڭىدىن قېزىۋېلىنغان ئاسار ئەتىقە بۇيۇملىرىنى
تىزىملاش، تەكشۈرۈش ... مانا شۇنداق ئاخىرى تۈگىمەيدىغان ئىشلار نىجاتنى كۈتۈپلا
تۇراتتى، ئالدىرىتاتتى. ئۇ ئىشنى ئىزدەپ تاپاتتى، ئىشمۇ ئۇنىڭغا يېپىشىپلا تۇراتتى، ئىش
دېسە بېشىچە كىرىپلا كېتەتتى، مەشغۇلىيەت ۋاقتىنىڭ نەچچە سائەت ئىكەنلىكىنى، ئۆزى-
نىڭ قاچان دەم ئالىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، بۇ ئىشلاردا زۇلەيخا ئۇنىڭغا ھېچقانداق
ياردەم بېرەلمەيتتى، چۈنكى ئۇ يەرلىك ئىستېمال ماللار شىركىتىنىڭ پېشقەدەم دېرىك-
تورىنىڭ قىزى بولۇپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كادىر قوبۇل قىلىش ئىمتىھا-
نىغا قاتناشقان ۋە دادىسىنىڭ يۈز - ئابرويى ئارقىلىق مەدەنىيەت يۇرتىغا ئورۇنلاشقانىدى.
ئۇ ئۆزى شوخ، چىرايلىق، ياسانچۇق جۇۋان ئىدى، ئەمما نىجاتنىڭ ئارخېئولوگىيە
ساھەسىدە قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى. مۇھەممى تىرىشمايتتى. ئۇ پەقەت
ئاسار - ئەتىقىلەر تىزىلغان زالنى ئامبارچى سۈپىتىدە ساقلايتتى. ئېكسكۇرسىيىچىلەرگە
ئىشىك ئېچىپ بېرەتتى - يۇ، چۈشەندۈرەلمەيتتى. باشقا ۋاقىتلاردا بولسا ئىشخانىدا ئولتۇ-
رۇپ كارتوچكا تولدۇرۇش، ماقالىلارنى ئاققا كۆچۈرۈش بىلەن شۇغۇللىناتتى، بۇ ئىشمۇ
ھەمىشە چىقىۋەرمەيتتى، نىجاتنىڭ بۇ ساھەدىكى ئىشلىرىغا يەنىلا رەنا ياردەم قىلاتتى.
نىجات گۇاڭجۇدا ئالتە ئاي بىلىم ئاشۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن رەسساملىق كەسپىدە تېز

ئىلگىرىلىدى، رەنا ئۇنىڭغا ھەممىشە خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان جۇڭگو ۋە ياۋروپا رەسساملىقىغا ئائىت كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ بېرەتتى، نىجات ئاستا-ئاستا جۇڭگوچە ۋە ياۋروپاچە رەسىم سىزىشتىكى ئەنئەنىۋى ۋە ھازىرقى زامان ئۇسلۇبلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ھەمدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپ يارىتىشقا باشلىغاندى، ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرى، فوتو سۈرەتلىرى گېزىت-ژۇرناللاردا كەينى-كەينىدىن ئېلان قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ناھىيە ئىچىدە خېلىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى. ئاپتونوم رايونلۇق رەسسام-خەتتاتلار جەمئىيىتىگە ئەزا بولدى، كېيىن ئۇنىڭغا ئاسار ئەتىقىلەر قېدىرىپ-تەكشۈرۈش، ساقلاش، تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت يەنە بىر مۇرەككەپ خىزمەت ۋەزىپىسى يۈكلەندى. بۇ خىزمەتمۇ بارا-بارا ئۇنىڭ ئاساسلىق كەسپىگە ئايلىنىپ قالدى. بىراق ناھىيىدە مۇھىم بىر ساھە سۈپىتىدە يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن بۇ ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن يۇقىرى-تۆۋەن پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ قوللىشىغا، پېشقەدەم تارىخشۇناس، تەزكىرىچىلەرنىڭ، ئېتنوگراف، ئارخېئولوگلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىشقا توغرا كېلەتتى، ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، تەشۋىقات، سەھىيە ... خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولغان مۇئاۋىن ھاكىم ھەسەن ماموتنىڭ بۇ خىزمەتتىكى بىۋاسىتە رولى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. نىجات مۇئاۋىن ھاكىم مېنى تەڭلىكتە قالدۇرمايدۇ، ھەر جەھەتتىن قوللايدۇ، ھېچبولمىسا تۇغقانچىلىق يۈزىسىدىن بولسىمۇ ئالغا ئىلگىرىلىشىم ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىدۇ، دەپ ئويلايتتى. بىرقانچە قېتىم ھەسەن ماموتنى ئىزدەپ كىرىپ تاپالمىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى غەشلىككە تولدى، سەمى قارىمنىڭ كونا بازاردىكى مەسچىتنى ئاساسىي سەھنە قىلىپ «ئاقباشخان شەھىرى» توغرىسىدىكى پىتنە-پاساتلارنى رىۋايەتكە، رىۋايەتنى تارىخقا ئايلاندۇرۇش يولىدىكى ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭ غەشلىكىنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى، ئاز ئۆتمەي كونا بازار بىلەن ناھىيىدىكى كەڭ جامائەتچىلىك ئوتتۇرىسىدا نىجاتنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى توغرىسىدا ھەر خىل سۆز-چۆچەكلەر، پىكىر ئىختىلاپلىرى مەيدانغا چىقتى. كىشىلەر نىجات بىلەن سەمى قارىمنىڭ كۆزقاراشلىرىغا، ھەرىكەتلىرىگە يېقىندىن دىققەت قىلىۋاتاتتى، ھەر ئىككى تەرەپنى قوللايدىغانلارمۇ، قارشى تۇرىدىغانلارمۇ، بىتەرەپ پوزىتسىيە تۇتۇۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. كادىرلار، زىيالىيلار، ئوقۇتقۇچى، مۇخبىر، شائىر، يازغۇچىلار نىجاتنىڭ تەرىپىنى ئالاتتى، دىن مۇخلىسلىرى، سوپى-ئىشانلار، قىسمەن مۇتەئەسسىپ كىشىلەر بولسا سەمى قارىمنىڭ قاراشلىرىنى ھەقىقەت دەپ چۈشىنەتتى ۋە ھەممىشە يالاڭباشتاق يۈرىدىغان، بۇدۇر چاچ، يېڭى مودىدىكى كىيىملەرنى كىيىدىغان، بىناماز نىجاتنى «دەھرى»، «كاپىر» دەپ تىللايتتى. بىراق نىجات ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمايتتى، ئۇ ئەتىگەن، چۈش، كەچتە كونا بازاردىكى مەسچىت ئالدىدىن ئۆتەتتى، ھەر خىل نەزەردە تىكىلگەن كۆزلەرنىڭ تەقىبى ئاستىدا ئۇنىڭ مەغرۇر قەدەملىرى ھەممىشە بىر خىل، جانلىق ۋە رېتىملىق ئىدى. نىجات ئابدۇكېرىم ئاكىغا ھەسەن ماموت بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىش توغرىسىدا تەلەپ قويدى. ئابدۇكېرىم ئاكىمۇ ئىككى-ئۈچ قېتىم كىرىپ، مۇئاۋىن ھاكىمنى تاپالمىدىم، دەپ چىقتى. شۇندىن كېيىن نىجات تېخىمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ رەسىمخانىسىدىن چىقمايدىغان بولۇۋالدى.

يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يېڭى يىل كىرەتتى، بۈگۈن نىجات يېڭى يىل

بايرىمغا ئاتاپ سىزغان رەسىملىرىنى پۈتكۈزۈپ مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ پائالىيەت زالىغا ئېلىپ چىقىپ ئىزدى. ئابدۇكېرىم ئاكا كۆرۈپ ئۇنىڭ ماھارىتىدىن مەمنۇن بولدى، ماختىدى. نىجات قايتىپ كىرىپ رەسىمخانىسىنى تازىلاۋاتقاندا زۇلەيخا كىرىپ ئۇنىڭ قولىدىكى سۈپۈرگىنى ئالدى. نىجات شەرقىي تامغا ئېسىلغان ئالتە مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئاق سۈرۈپ ئالدىغا ئۇزۇن ئورۇندۇقنى قويدى، ھەر خىل بوياقلارنى تەييار قىلدى، تەگشىدى. زۇلەيخا ئەخلەت، كۈللەرنى تۆكۈپ كىردى، مەشكە كۆمۈر سالدى، ئاندىن نىجاتنىڭ ئالدىغا كېلىپ يېقىنىش ئىلكىدە تىكىلدى:

— مەن ياردەملەشكۈدەك ئىش بارمۇ، نىجات...

— يوق، — دېدى نىجات، — سىز جەسەتنىڭ تەن قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ماتېرىيالنى كۆچۈرۈڭ، مېنى يوقلاپ كەلگەنلەرگە يوق دەڭ.

— رەنا كەلسىمۇ شۇنداق دەمدىمەن؟

نىجاتنىڭ ئوت چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدە ئەجەبلىنىش، پىراق، رەنجىش ئىپادىلىرى ئەكس ئەتتى. زۇلەيخا تېخىچە بىزىرىپ قاراپ تۇراتتى، نىجات سۈرۈپ تەرەپكە ئۆرۈلدى:

— يوق دەڭ!

كەچ بولدى، تاڭ ئاتتى، كۈن ئۆتتى. نىجات ئۆزى تارتقان فوتو سۈرەتكە ئاساسلىنىپ كېڭەيتىپ سىزىۋاتقان «ئارسلانخان شەھىرى» خارابىسىنىڭ دەسلەپكى كۆرۈنۈشى كەڭ، ئاق سۈرۈپ يۈزىدە نامايان بولۇشقا باشلىدى. زۇلەيخا ئۇنىڭ چاي خۇمار ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ۋە كەچتە بىر چەينەكتىن چاي ئەپكىرىپ بېرەتتى، نىجاتنىڭ كەينىدە ئۇزاق - ئۇزاق ئۆرە تۇرۇپ سىزىلىۋاتقان رەسىمگە قارايتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇ نىجاتقا تىكىلەتتى، ئاخىرى خورسىنغان ھالدا ئاستا چىقىپ كېتەتتى.

نىجات بۈگۈن كەچلىك تامىقىنى كوچا ئاشخانىلىرىنىڭ بىرىدە يەپ ئەمدىلا رەسىمخانىغا كىرىشىگە ئارقىدىنلا رەنا كىرىپ كەلدى.

— دەرۋىش گۈمبەزدىن چىقمىغاندەك، سىزمۇ... — رەنا بۇ ئوخشىتىشلىرىدىن ئۆزىچە مەمنۇن بولۇپ كۈلدى، — سىزمۇ بۇ كىچىككىنە تىلاۋەتخانىڭىزدىن چىقمايسىزغۇ؟

— ھەمىشە ئۇنداق ئەمەس، — نىجات مەش ئالدىغا ئورۇندۇق قويۇپ رەنانى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، — ئىشلىمىگەن ۋاقىتلاردا مەن خېلى كەگىرىغۇ.

— نەدىكىنى؟ — رەنا ئوماققىنا كۈلدى، كۆزلىرىدە شادلىق، ئۈمىد ۋە ئىنىتىزارلىق ھېسسى جىلۋىلەندى، — كەگرى بولسىڭىز كۈندە دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇرماستۇق، بىر بولسا رەسىمخانىڭىزغا بېكىنىسىز، بىر بولسا ئاشۇ خارابىلىقتا توپا قېزىدىش، سېپىل ئاستىنى كولاش بىلەن بەند بولىسىز، راست دېدىم. سىز تىلاۋەتتىن باش كۆتۈرمەيدىغان دەرۋىشكىلا ئوخشايسىز، — رەنا نىجاتنىڭ جىم بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ دېدى، — بۇ گېپىمگە رەنجىدىڭىزمۇ نېمە؟

— رەنجىدىم، قاتتىق رەنجىدىم، رەنا، — نىجات ئۇنىڭ سۆزمەنلىكىگە قايىل بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى گەپلىرىگە قوشۇلمايتتى، — دەرۋىشكە ئوخشىشىم مۇمكىن، ئەمما تەركىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

دۇنيا ئەمەسمەن، ھاياتنى، تۇرمۇشنى، تەبىئەتنى سۆيۈمەن، سىزمۇ كەسىپ ئەھلى، بىلـ-
سىز، ئادەم ئۆز كەسپىگە قانچە بېرىلگەنسېرى، دۇنيانىڭ گۈزەل، سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى
شۇنچە چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ.

— بۇ سۆزىڭىز راست، — رەنا تورۇۋندۇقنى مەشتىن نېرى سۈرۈپ ئولتۇرۇپ سۆزىنى
داۋام قىلدى، — ۋاقتىڭىزنى ئالماي، ئېسىڭىزدىمۇ، ئۆتكەندە، مېنىڭمۇ سىزگە ھاجىتىم چۈ-
شىدۇ، دېگەنىدىم.

— ئېسىمدە بار.

— 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم، بۇرۇنمۇ سىز بىرقانچە قېتىم
تۇغۇلغان كۈنۈمنى تەبرىكلىگەنىدىڭىز شۇنداقمۇ؟

— بۇ قېتىممۇ تەبرىكلەپ بارىمەن.

— بۇ قېتىم سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بىر ئۇسۇلنى ئويلاپ تاپتىم، 8 - مارت ھەم
مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم، ھەم بىز ئاياللارنىڭ بايرىمى، شۇ كۈنى مەن دوستلىرىمنى
تەكلىپ قىلىپ زىياپەت، تانسا ئۇيۇشتۇرماقچىمەن، — رەنانىڭ گۈل بەرگىدەك نېپىز قىز-
غۇچ لەۋلىرىدە يېنىك تەبەسسۇم پەيدا بولدى، — شۇكۈنگە ئۇلگۇرتۇپ مېنىڭ 28 سۇڭ چوڭ-
لۇقتىكى رەسىمىمنى سىزىپ تەييار قىلسىز، ئاتغىچە مەنمۇ رەسىمگە باپ ئەينەكلىك جازا
ياساتىمەن، خەق ھەيران قالغۇدەك بىر ئىش قىلايلى نىجات، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ رەسىم
سىزنىڭ ماڭا قالدۇرغان ئەڭ قىممەتلىك خاتىرە بۇيۇمىڭىز بولۇپ قالىدۇ، سىزچە...

رەنانىڭ تەلەپپۇزىدا ھەم مەغرۇرلۇق، ئۆز - ئۆزىگە ئىشىنىشنىڭ، نىجاتقا بولغان
مۇھەببەت ئىنتىزارلىقىنىڭ ھەم گۈزەللىككە ئىنتىلگۈچى روھىنىڭ تىل بىلەن تەسۋىرلەپ
بولمايدىغان چوڭقۇر، مۇرەككەپ ئىپادىسى بار ئىدى. دېمەك، ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن
نوپۇزى، ئابرويى بار رەھبەرنىڭ قىزى - دە، ئۇ ھاكاۋۇرلۇق قىلسىمۇ باشقىلار ئانچە
ئەيىب كۆرمەيدۇ.

نىجات ئۇزاقىچە سۈكۈتكە چۆمدى، رەنانىڭ تەلىپىنى رەت قىلىش قىيىنراق ئىش
ئىدى، رەنا ئۇنىڭ تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى، نىجاتنىڭ ئايالى
رۇقىيەم بىلەن رەنا يېقىن تۇغقان، يەنى، رۇقىيەم ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ ئايالىنىڭ ئانا
باشقا، دادا بىر ئۆگەي سىڭلىسى، ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ ئايالى مۇئاۋىن ھاكىم ھەسەن
ماموتنىڭ تاغىسىنىڭ قىزى، ئابدۇكېرىم ئاكا بىلەن نىجات - باجا، شۇنداق ئىكەن، رەنا
نىجاتقىمۇ يېقىن تۇغقان - دە. رەنا داشۆنىڭ خەنزۇ تىلى فاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ كەل-
گەندىن كېيىن نىجاتقا تېزلا يېقىنلاشتى، كۈندە دېگۈدەك نىجاتنى ئىزدەپ كېلەتتى،
ئارخېئولوگىيە، تارىخقا ئائىت كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ بېرىپ نىجاتنىڭ ئىشلىرىغا
ياردەملەشتى، نىجات بارا - بارا ئۇنىڭ ياردەم، ھېسداشلىقلىرىدىن كۆرە، سۆيگۈ - مۇھەب-
بىتىنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى، بىراق، نىجات قولىدا نىكاھلىق ئايالى بار،
بالىسى بار ئەر ئىدى. ئۈچ - تۆت يىلدىن بېرى ھەر قېتىملىق «8 - مارت ئاياللار
بايرىمى» دا رەنا ھەمراخانىمنى يوقلاپ كېلەتتى، سوۋغا تەقدىم قىلاتتى. رۇقىيەم ئۇ چاغ-
لاردا رەنانىڭ نىجاتقا بولغان يېقىنچىلىقلىرىنى پەقەت تۇغقانچىلىق يۈزىسىدىن دەپ ئانچە

ئېتىبارغا ئېلىپ كەتمىدى، لېكىن نىجاتنىڭ زۇلەيخا بىلەن بىر ئىشخانىدا ئىشلەيدىغانلىقى ئۇنىڭ كۆندەشلىكىنى قوزغاپ تۇراتتى، كۈندەشلىك ئىككىسىنىڭ پات - پات ئۇرۇشۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولاتتى. «ئارزۇلىغان بالا بىتەلەي بولۇپ قالىدۇ، دېگەن گەپ راستىكەن ئوغلۇم، — دەيتتى ھەمراخانىم، — رەنانىڭ ئەردىن، سېنىڭ خوتۇنىدىن تەلىيىڭ چىقمىدى، پېشانەڭگە رەنا پۈتۈلگەن بولسىمۇ ئىلاھىم». نىجات خىيالىدىن باش كۆتۈرۈپ تېخىچە ئۆزىگە جىلمىيىپ قاراپ تۇرغان رەنانى كۆرۈپ خىجىل بولدى.

— مېنىڭچە رەسىمڭىزنى سىزسام بولىدۇ، — نىجات سۆزلەۋېتىپ ھاياجانلىنىشقا باشلىدى، — ئۆزۈمگە يېقىن دوست ھېسابلانغان بىر ساھىبجامالنى بىرەر ئىشتا بولسىمۇ خۇشال قىلىش مەن ئۈچۈنمۇ زور خۇشاللىق، بىراق ... — نىجاتنىڭ ئاۋازى تۇساتتىن پەسىيىپ كەتتى، — تازا ۋايىغا يەتكۈزۈپ سىزالمىسام ئوبرازىڭىزغا نۇقسان يەتكۈزۈپ قويارمەنمىكىن ...

— سەۋەب كۆرسەتمەڭ، — رەنا رەسىمخانىنىڭ تاملىرىغا قاتار ئېسىلغان ھەر خىل مەنزىرە، پورتېرىت ۋە ئىجادىي رەسىملەرگە زور ئىشتىياق بىلەن قاراۋاتاتتى، — سىزنىڭ ياخشى سىزىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن، خەير، ۋاقتىڭىزنى ئالدىم، كەچۈرۈڭ.

نىجات سەھەر تۇرۇپ سىرتقا چىققاندا پۈتكۈل ئەتراپ قېلىن ئاق لىباس بىلەن چۈمكەلگەنىدى، يېڭى يىلنى بىزدىن بۇرۇن قار تەبرىكلىۋاپتۇ - دە، دېدى نىجات لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرىغا قاراپ، قۇتلۇق كۈن! نىجات ئادىتى بويىچە ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىشىك ئالدىدا ئايلىناتتى، لېكىن ... ھازىر گويا ئۇ ماۋۇقتەك يۇمشاق قارغا دەسسىگۈسى كەلمىگەندەك بىر ئىزدا خېلى ئۇزۇنغىچە تۇردى، كوچىدىكى تېرەك، سۆگەتلەرنىڭ شاخلىرى ئاق چېچەككە پۈركەنگەندەك غۇژمەك - غۇژمەك قارلارنى يېپىنىۋالغانىدى. قىشنىڭ ئەڭ گۈزەل مەنزىرىسى، دېدى نىجات سەزگۈلىرىدە پەيدا بولغان نازۇك ھېسسىياتلارنى باسالماي. ئۇ، دەرھال ئۆيدىن رەڭلىك لېنتا قاچىلانغان فوتو ئاپپاراتنى كۆتۈرۈپ چىقتى، قار كېچىپ يۈرۈپ سۈرەت تارتتى، بىر - بىرىدىن چىرايلىق مەنزىرىلەر ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى ئۇلغايتىپ ئۆزىگە تېخىمۇ كۈچلۈك جەلىپ قىلاتتى، ياخشىراق چىققان بەدىئىي سۈرەتلەرنى تاللاپ ژۇرنالغا ئەۋەتىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ھېيت - بايرام كۈنلىرى، خاتىرە كۈنلەردە مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ خادىملىرى دەم ئالماي ئىشلەيتتى. چۈنكى بۇنداق كۈنلەردە ناھىيە بويىچە ئەڭ كۆڭۈللۈك پائالىيەتلەر مەدەنىيەت يۇرتىدا ئېلىپ بېرىلاتتى. بۈگۈنمۇ مەدەنىيەت، مائارىپ، تەشۋىقات، ئەدەبىيات - سەنئەت سىستېمىسىدىكى باشلىقلار، كادىرلار، خىزمەتچىلەر، شائىرلار، ئارتىستلار، سىرتتىن تەكلىپ قىلىنغانلار مەدەنىيەت يۇرتىغا جەم بولۇپ يېڭى يىلنى تەبرىكلەشەتتى. پائالىيەتنىڭ كۈنتەرتىپى ئالدىن بېكىتىلگەن، ئاۋۋال مۇشۇ ساھەگە مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم تەبرىك نۇتقى سۆزلەيدۇ، ئاندىن مۇناسىۋەتلىك باشلىقلار كونا يىلدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى، يېڭى يىلدا ئىشلەيدىغان خىزمەتلىرىنى، پىلانلىرىنى قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويىدۇ. گازىر، خۇاسىڭ، كەمپۈت، سەي ... ھاراقلارغا ئېغىز تېگىلىدۇ، ئاندىن

ئىختىيارىي پىكىر بايان قىلغۇچىلار سۆزلەيدۇ، شائىرلار، ھەۋەسكارلار يېڭى يىلغا بېغىشـ
لانغان شېئىر، نەزمىلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىدۇ، تىلەش قىزىقچى سورۇن ئەھلىنى كۈلـ
دۈرىدۇ، سۇلتانقىز ناخشا ئېيتىپ يۈرەكلەرنى تىترىتىدۇ، ئاندىن جاز مۇزىكىسى زالنى
زىلزىلىگە سېلىپ ياڭراشقا باشلايدۇ، تانسا قىزىيدۇ. نىجات بۇنىڭدىن خەۋەردار، ئۇ
قاتناشمايدۇ، چۈنكى رەنامۇ، ئارتىس ئاياللارمۇ، باشقا چوكانلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنى
تانسىغا تارتىدۇ، زۇلەيخاغۇ بۇ سورۇننىڭ كۆتكۈچىسى ۋە قىزغىن قاتناشقۇچىسى، ئۇمۇ
نىجاتنى باشقىلاردىن قىزغىنىدۇ، ئۆزى بۇرۇن كېلىپ نىجاتنى تانسىغا تارتىۋالىدۇ. رۇقـ
يەم گەرچە بۇ يەرگە كەلمىسىمۇ نىجاتنىڭ كىم بىلەن تانسا ئوينىغىنىنى ئاسانلا بىلىۋا-
لىدۇ. كەچتە، ئۆيدە «پالانىنىڭ بېلىنى تۇتۇپسىز، چىمدىدىڭىزمۇ؟ پوستانىنىڭ كۆزىگە
قاراپسىز، ئۇ نېمە دېدى؟ ئىسسىق ئۆتتۇشۇپ قالدىمۇ» دەپ غەۋغا كۆتۈرىدۇ.

نىجات ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ نارازى بولغىنىغا قارىماستىن فوتو ئاپپاراتىنى، دەپتەر،
قەلەم سېلىنغان كىچىك پوپكىسىنى ئالدى - دە، دەرۋازىدىن چىقتى، دەرۋازىنىڭ ئىككى
تەرىپىدىكى ئەينەكلىك جازىنىڭ ئەتراپىغا خېلى كۆپ كىشىلەر ئولىشىۋالغانىدى، ئۇلار
نىجات سىزغان رەسىملەرنى زور قىزىقىش بىلەن كۆرۈۋاتاتتى، نىجات كوچىنىڭ چېتى
بىلەن ئاپئاق قارلارنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ كېتىۋاتاتتى، يېڭى يىل، قىش مەنزىرىسى،
ئاپئاق قار... ساپ ھاۋا ئۇنىڭ زوقىنى تارتىپ تۇراتتى، ھېسسىياتىنى دولقۇنلاندۇراتتى،
يۈرىكى شادلىق، ھاياجان ۋە گۈزەللىك ئىستىكى بىلەن تېز - تېز دۈپۈلدەيتتى. بىراق،
كونا بازارغا كەلگەندە مەسچىت يېنىدىكى دۇكاندا سىرتقا ئوغرى مۈشۈكتەك چەكچىيىپ
قاراپ ئولتۇرغان سەمى قارىمنى كۆرۈپ بىردىنلا كەيپى ئۇچتى.

— ھەي، توختىغىنا، — سەمى قارىم ھايال ئۆتمەيلا نىجاتنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى، —
توختا دەيمەن، مايەرگە كەلگىنە!

نىجات توختىدى، لېكىن سەمى قارىمنىڭ ئالدىغا بارمىدى. سەمى قارىم ئۇنىڭ
ھۆرمەتسىزلىك قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرسىمۇ ئۇندىمەستىن ئۆزى كېلىشكە مەجبۇر
بولدى:

— ئاڭلىسام، «ئاقباشخان شەھىرى» نىڭ ئەسلى نامى «ئارسلانخان شەھىرى» دەپ
يۈرۈپسەن، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، — نىجات قىلچە ھودۇقماستىن جاۋاب بەردى.

— بۇ دېگىنىڭمۇ توغرا، لېكىن «ئارسلانخان خوجا شەھىرى» دېگىن، ماقۇلمۇ.

— مېنىڭ دەۋاتقىنىم خوجا ئەمەس.

— نېمىشقا؟

— مەن تارىخنى ئۆزگەرتەلمەيمەن.

— ھەي جۇغدا باش، بەدبەخت! سەن ھەممىشە...

نىجات بۇ قىتىغىر موللا بىلەن تاكاللىشىشنى خالىمىدى، چۈنكى ئۇنىڭغا پاكىت كار
قىلمايتتى، ئۆزىنىڭ دېگىنىنى ھەقىقەت دەپ تۇرۇۋالاتتى. نىجات ئۆيىگە تەزەپكە بۇرۇلدى،
بۇ كوچا ئۇدۇل ماڭغاندا «ئاقباشخان شەھىرى» گە تۇتىشاتتى.

نىجات ئۆز دەلىللىرىگە ئاساسەن «ئارسلانخان شەھىرى» دەپ ئاتاۋاتقان بۇ خارابە كونا بازارنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، نىجاتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن ھېسابلىغاندا 700 مېتىرچە نېرىدا ئىدى. قېرىلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنىڭدىن 50 — 60 يىللار بۇرۇن شەھەر ئەتراپىدىكى خەندەكلەرمۇ، سېپىل ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قوشتا، قۇببە ـ مۇنار، تۇرالارمۇ، سېپىل ئىچىدىكى ئۆردا ـ سارايلار، راۋاقلارنىڭ تام، تۈۋرۈكلىرىمۇ ئۆز پېتى ساقلانغانىكەن. كېيىن مۇشۇ بازاردىكى مەشھۇر باي ئابدۇۋاھىتبەگ خەندەكلەرنى تۈزلىتىپ، ئېقىن سېلىپ قومۇش كۆچۈرگەن، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قومۇشلۇققا يىغىلغان سۇ سېپىل ئاستىنى زەيلىتىشكە باشلىغان، نەتىجىدە سېپىل ئاز ـ ئازدىن گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن. 1954 ـ يىلى كونا بازاردا ناھىيە تەسىس قىلىنغاندا پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە باشقا ئىدارە ـ ئورگانلارنىڭ خىزمەت بىنالىرى، ئائىلىلىكلەر بىنالىرى مۇشۇ سېپىل ئىچىگە سېلىنغان. قەدىمىي شەھەرنىڭ قايتا ئاۋاتلىشىشى قارىماققا ياخشى ئىشتەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما ئىدارە ـ ئورگان ۋە ھەر خىل مۇئەسسەلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ شەھەرنىڭ ئاخىرقى ئىزنالىرىمۇ بارا ـ بارا يوقىلىشقا باشلىغان، ئەتراپ قومۇشلۇق، زەي، سازلىق بىلەن قورشىلىپ تۇرغاچقا، ناھىيە قۇرۇلۇشنى يەنە كېڭەيتىشكە ئىمكانىيەت بولماي 1964 ـ يىلى ناھىيە ئورنىنى كونا بازاردىن بىر يېرىم كىلومېتىر يىراق بولغان ھازىرقى جايغا يۆتكىگەن، شۇنداقتىمۇ يەنە بىرقىسىم ئىدارىلەر كۆچمەي تۇرۇۋەرگەن، مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە توپ ـ توپ دېھقانلار كېلىپ سېپىلنى چېقىپ توپىسىنى ئېتىزلارغا قويغان. كەڭ ـ كۆلەملىك سېپىل چېقىش دولقۇنىدا توپا ئارىسىدىن، سېپىل ئارىسىدىن ھەر خىل زەگلىك ساپال قاچىلار، داچەن ـ يارماق، مىس ـ تۆمۈر ئەسۋابلار تېپىلغان، ئاز ئۆتمەي بۇ يەردە تۆت خىل ئۇنسۇرلار نازارەت ئاستىدا ئىشلىگەن. شۇلارنىڭ ئارىسىدا نىجاتنىڭ دادىسى رىشات ئەپەندىمۇ بار ئىدى، ئۇ گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن سېپىل ئاستىدا قېلىپ جان ئۈزگەن ...



قار سۇس لەپىلدەپ ياغماقتا ئىدى. نىجات سېپىلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قالدۇقى ھېسابلانغان كىچىككىنە ئېگىزلىك ئۈستىدە تۇرۇپ قار يېپىنغان چەكسىز دالاغا نەزەر سالاتتى، قويۇق ئۆسكەن قومۇشلۇقنىڭ قاردىن تەلپەك كىيگەن پۆپۈكلىرى ئۈستىدە چۇ-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى بېكىتى

غۇندەك، قاغا، ياۋا غازلار ئۇچۇپ يۈرەتتى، قەيەردىدۇر، قومۇشلۇقلار ئارىسىدىكى تەكشى بۇلاقلاردىن سۇ بۇقسىنىڭ غەلىتە ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى. نىجات سېپىل ئىچىگە نەزەر تاشلىۋىدى، كۆزىگە قۇشخانا، توڭلىتىش ئامبىرى، مال دوختۇرخانىسى، مەكتەپ قاتارلىقلار چېلىقتى، كىچىككىنە سەينادا ئون نەچچە ئۆسمۈر قار كېچىپ توپ قوغلاپ يۈرمەكتە، ئىدارىلەر باشلىقلىرى ياخشى نىيەت بىلەن ئۆز ئىدارىلىرىنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتكەن، خارابىلىقلارنى تۈزلەپ ئۆي سالغان، يەر ئاچقان، ئورمان ئەھيا قىلغان. كىملەردۇر يەنە شۇ خارابىلىقلارنىڭ چېتىگە ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلغانىدى... قەبرىستانلىقمۇ كېڭەيمەكتە، ئەڭ يامىنى شەھەر خارابىسىنىڭ مەلۇم بۆلۈكىدىن غەربتىن شەرققە قارىتىپ چوڭ ئۆستەڭ قېزىلغان، دائىم ئېقىپ تۇرىدىغان سۇ قىرغاق چېقىپ، ئۆز يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ خارابىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى ئېقىتىپ كەتكەن... قىسقىسى، «ئارسلانخان شەھىرى» نىڭ ھازىرقى تەقدىرى تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى.

نىجات ھەسەن مامۇتقا سۇنغان دوكلاتىدا يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى ناھايىتى قىسقا، ئىخچام بايان قىلىپ، ئاخىرىدا بۇ خارابىدىن ئەينى مەزگىللەردە بىر ئالتۇن قازان تېپىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئىچىدە لىق تىللا، ئالتۇنلارنىڭ بارلىقى، ئۇ قازاننىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولۇپ قېلىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقى... قاتارلىقلارنىمۇ قەيت قىلغانىدى. دوكلاتتا يەنە مەركەز، گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 1961 —، 1972 - يىللاردا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش، قوغداش توغرىسىدا تۆت قېتىم ئۇقتۇرۇش، ھۆججەت تارقاتقانلىقى، بولۇپمۇ 1982 - يىل 11 - ئايدا ئېلان قىلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قانۇنىنىڭ روھىغا ئاساسەن «ئارسلانخان شەھىرى» نى قوغداپ قېلىش لازىملىقى... نى ئوتتۇرىغا قويىدى. نىجات، دوكلاتىم جەزمەن ھەسەن مامۇتنىڭ ۋە مۇناسىۋەتلىك باشلىقلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدۇ، دەپ ئويلايتتى، بىراق دوكلاتقا جاۋاب ئالالمىغانسېرى ئۇنىڭ خىياللىرى چېگىشلىشىپ كېتىۋاتاتتى، ئۈمىد - ئىشەنچ يىپى ئۈزۈلەي - ئۈزۈلەي دەپ قېلىۋاتاتتى.

ھەسەن مامۇتنىڭ دوكلاتنى قولىغا ئالغان چاغدىكى روھىي ھالىتى نىجاتنىڭ كۆز ئالدىدا قايتا گەۋدىلەندى، نىجات قار ئاستىدا سۆرلۈك سۆكۈناتتا چۆكۈپ مۈگدىنىپ ياتقان خارابىغا قايتا نەزەر سالغىنىدا يۈرىكى بىردىنلا ئېچىشتى، ئازابلاندى، قىزىپ چوغلاندى، يالقۇن چىقىرىپ كۆيدى، كىچىك - كىچىك ماگمىلار ھاسىل بولۇپ پارتلاشقا باشلىدى، ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئوتلۇق ۋولقانلار كۆكتە لەپىلدەپ يۈرگەن قار ئۇچقۇنلىرىنى ئېرىتىپ تاشلايتتى، بۇ ھال نىجاتقا بالىلىق چاغلىرىنى ئەسلەتتى.

ئۇ كىچىكىدە دوستلىرى بىلەن مۇشۇ سېپىل ئۈستىدە «سوقۇش» ئوينىغان، ھۇررا توۋلاپ سېپىل ئۈستىگە «ھۇجۇم» قىلغان، قارشى تەرەپتىكىلەر تۇماق، دوپپىلىرىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ «تەسلىم» بولغان. ھازىر ئۇ سېپىللار، قوختىلار، ئوتتۇرىدىكى ئېگىز - پەس تاملار يوق، ھېچنېمە يوق، ھەمراخانىمنىڭ «ئوغلۇڭ رىشاتنى قولۇمغا ئالساملا داداڭ رەھمەتلىك كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ، رىشات ئەپەندى ھايات بولغان بولسا بۈگۈنكى كۈندە يالغۇز ئوغلىنىڭ رەسسام بولۇپ، كادىر بولۇپ يېتىشكىنىنى، ئاسار - ئەتىقىلەر ھەققىدە

يازغان ماقالىلىرىنى ... كۆرسە خۇشلۇقىدىن تېرىسىگە پاتماي قالارمىدىكى ... » دېگەن سۆزى
نىجاتنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە ھەمىشە جاراڭلاپ تۇراتتى. نىجاتنىڭ غۇۋا ئېسىدە، رىشات ئە-
پەندى ئۇنىڭغا پات - پات رەسىملىك كىتابچىلارنى ئەكىلىپ بېرەتتى. نىجاتنىڭ كۆرۈپ
زېرىكمەيدىغان نەرسىسى، بىردىنبىر ئوينىچۇقىمۇ ئاشۇ كىتابچىلار ئىدى، ئەمما نىجات
باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپلا رەسىم مەشقىگە كىرىشكەندە كالا - قوي، دەرەخ، گۈل، چاي-
دان، دوپپا ... لارنىڭ شەكلىنى ئازراق قاملاشتۇرۇپ سىزىشقا باشلىغاندا رىشات ئەپەندى
يوق ئىدى، نىجات تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپى-
دىن كەلگەنلەر ئۇنىڭ مەكتەپ قىرائەتخانىسى تېمىغا چاپلانغان رەسىملىرىنى كۆرۈپ
سىدام سىزما، سۇ بوياق ... لاردىن ھاسىل بولغان لومونوسوۋ، گوركىي، ئارخىمىد، پۇشكىن،
ناۋايى، سادىر پالۋانلارنىڭ ئاددىي پورترېتلىرى ياش ھەۋەسكار نىجاتنىڭ يېڭىدىن شە-
كىللىنىۋاتقان ئۆزگىچە ئۇسلۇبىنى ۋە بىخ سۈرۈپ يېتىلىۋاتقان تالانتىنى نامايان قىلىپ
تۇراتتى. نىجات ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە بىر رەسىم سىزىۋىدى، تېز سىزىلغان ئاددىي
مەنزىرە تەسۋىرى ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى. نىجات تاللاندى، ئانىسىنى تولدۇردى،
سالامەتلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى، ئەمدى ئۇ چاقىرىق قەغىزى كېلىدۇ دەپ ئۈمىدلىنىپ
يۈرەتتى. بىراق، يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە بېشى تاشقا تېگىپتۇ، دېگەندەك، ئاز ئۆت-
مەي ئۇنىڭ قوبۇل قىلىنمىغانلىقى مەلۇم بولدى، يېتىملىك ئازابىنى تارتىپ ئۆسكەن سە-
بىي يىگىتنىڭ يۇمران قەلبىگە ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىكنىڭ قارا كۆلەڭگىسى سايە تاشلىدى،
يېتىمنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن ئىككى ئېغىز لىللا گەپ قىلىپ قويىدىغان ئادەمنىڭ چىق-
مىغانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىدىن - كۆڭلىگە كۆچىۋاتقان ئارزۇلىرىنى بەرباد قىلىۋەتتى، نىجات
تولۇق ئوتتۇرىنىمۇ پۈتتۈردى، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتتى، لېكىن ... ئۇنىڭ نومۇ-
رى سەل تۆۋەن بولۇپ ئىلى ھاۋارايى مەكتىپىگە تاللاندى. نېمىلا بولمىسۇن ئالىي تېخ-
نىكومدا ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشنىڭ ئۆزىمۇ نىجات ئۈچۈن خۇشاللىق ئىش ئىدى،
بىراق، ئۇنىڭ قىزىقىدىغان كەسپى ...
— ياشاندىم، پېنسىيىگە چىقىمەن، — ھەمراخانىم قانات چىقىرىپ ئۇچۇش ئالدىدا
تۇرغان ئوغلىنىڭ يۇمران، نازۇك قەلبىگە مېھرى - مۇھەببىتى بىلەن قوشۇپ كۆز ياشلى-
رىنىمۇ تۆكتى، — مېنى يالغۇز تاشلاپ نەگە باراتتىڭ؟ ئەرشىئەلاغا چىقامسەن؟ ياق،
چىدىمايمەن، سەندىن ئايرىلىپ بىر كۈنمۇ ھايات كەچۈرەلمەيمەن، باشلىقلارغا دەپ سېـ
نى ئورنۇمغا ئورۇنلاشتۇرۇمەن. شۇنداق بەلگىلىمە بار ئەمەسمۇ؟ رەسىم سىزىشقا قىزىـ
قىسەن، مەدەنىيەت يۇرتى دەل ساڭا باپ ئورۇن، بىلىمەن، بەختىڭگە، ئىستىقبالىڭغا توسـ
قۇنلۇق قىلىۋاتىمەن، قانداق قىلاي، سەنلا مېنىڭ يۆلەنچۈكىم، قۇۋانچىم. ئوقۇشقا بارساڭ،
سەن كەلگۈچە ئۆلۈپ قالسام ... ئاھ ... ياق، يېنىمدا، كۆز ئالدىمدا تۇر.
نىجاتمۇ ئانىسىنى يالغۇز تاشلاپ كېتەلمىدى. بىر بارات، بىر قارات، دېگەندەك بىر
ئانا - بىر بالا ئەمەسمۇ، پەرزەنت ئىشقى، پەرزەنت مېھرى ھەممىنى بېسىپ چۈشتى،
ھەمراخانىم پېنسىيىگە چىقتى، ئۆز ئورنىغا نىجاتنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆپ يول
ماڭدى. ئەسلىدە رىشات ئەپەندىنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن باشقىلارنىڭ

كىگە ئوخشاش ئۇنىڭ ئوغلىمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ پەرزەنتلىرى قاتارىدا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى. پېنسىيىگە چىققان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ، كادىرلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئورنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. نىجاتنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ھەر ئىككى بەلگىلىمىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كېلەتتى، بىراق، نىجات يېتىم، ھەمراخانىم تۇل خوتۇن بولغاچقا، يولمۇق تەلەپلەرمۇ ۋاقتىدا ھەل بولمىدى. ئاخىرىدا، بۇ ئىشقا شۇ چاغدا ئەمدىلەتىن ئۆستۈرۈلگەن پارتكوم مۇئاۋىن شۇجىسى تۇرغۇن، ھازىرقى ھاكىم، سابىق تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۇجاڭى ئابدۇرەھمان ... ئارىلاشتى. ئاز ئۆتمەي نىجات مەدەنىيەت يۇرتىغا ئورۇنلاشتى، ھەمراخانىم ئەسلىدە كۇتۇپخانا خادىمى ئىدى. نىجات يوگور-يېتىم ئىشلارغا قويۇلدى، ئۇ بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ رەسسام ئىمىنجاننىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرىگە قاراپ ئولتۇراتتى، كېيىنچە بوياق-رەڭلەرنىڭ تۈرلىرى بىلەن تونۇشتى. ئىمىنجان نىجاتنىڭ يوشۇرۇنچە سىزىپ يۈرگەن رەسىملىرىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلدى ۋە ئۆگىتىشكە باشلىدى، نىجات پۈتكۈل زېھنى بىلەن رەسىم سىزىشقا كىرىشتى، ئىمىنجان ئۇنىڭغا رەسىم تاختىسى ياساپ بەردى. بوياقلارنى، قەلەملەرنى بەردى. نىجات تۇنجى قېتىم مۇستەقىل ھالدا ئۆكتەبىر بايرىمىغا بېغىشلاپ رەسىم سىزىپ ئىدارە ئالدىدىكى ئەينەكلىك جازىغا چاپلىدى، بۇ ئىش ئۇنىڭ ھاياتىدا ئىجادىيەت قەدىمىنىڭ باشلىنىشى، شۇنداقلا زور بىر بۇرۇلۇش بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئىمىنجان ۋىلايەتكە يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن رەسىمخانا، قىل قەلەم، پەلكۈچ، بوياقلار، رەسىم سىزىش ئىشى نىجاتقىلا قالدى، نىجات شۇنداقلا ئۆز ئىستىقبالىنىڭ قاراڭغۇ ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. يوگور-يېتىمدىن قۇتۇلۇپ مەخسۇس گۈزەل سەنئەت خادىمى بولۇپ قالدى ...

بىر جۈپ ئاياغنىڭ قار ئۈستىدە غىرسىلىغان ئاۋازى نىجاتنىڭ خىياللىرىنى تارقىتىۋەتتى، زۇلەيخا ئىشىكلىككە قاراپ چىقىۋاتاتتى ۋە پات-پات تېيىلىپ كېتەتتى، قولىدىكى پوپكىنى دەم ئۇ قولىغا، دەم بۇ قولىغا ئالاتتى، بېشىدا يېشىل گۈللۈك قارا قىيىن ياغلىق، ئۇچىسىدا بۆرە پەلتو بار ئىدى، يېقىن كەلگەندە نىجاتقا قولىنى ئۇزاتتى.

— ۋىيەي ... يەنە يىقىلمىدىم، قولۇمنى تۇتۇڭ، تارتىڭ ھە، — زۇلەيخا سۆزلەۋېتىپ تېيىلىپ كەتتى، ئۇ قەستەن شۇنداق قىلغاندەك تۇيۇلاتتى، — قاراپ تۇرغىنىنى ...! — زۇلەيخا ئىككى مېتىرچە پەسكە دومىلاپ چۈشتى، قارا كۆزەينىكى نەلەرگىدۇر قاڭقىپ كەتتى، — ھا ... ھا ... ھا ... ئەجەبمۇ ...

زۇلەيخا ئىغناپ ئورنىدىن تۇردى، ئالدىرىماي دەسسەپ تېخىچە ھەيكەلدەك قېتىپ جىمجىت تۇرغان نىجاتنىڭ يېنىغا كەلدى.

— قېچىپسىز، يوقلۇقىڭىز چىنىپلا قالدى، زىياپەت مول. تانسا كۆڭۈللۈك بولسىمۇ ... ئەمما سىز بولمىغاچقا ... — زۇلەيخا پوپكىنى قويۇپ كىيىملىرىنى قاققاچ سۆزلەيتتى، — ئابدۇكېرىمكام، ھەمراخانىمنى تەكلىپ قىلىۋىدۇق، كەلمەي قويدى، نىجاتمۇ قاچتى، بۇ نېسىۋىسى، ئاز بولسىمۇ ئاپىرىپ بېرىڭ، دەپ قالدى، — زۇلەيخا پوپكىنى ئاچتى، گازىر، خۋاسلىك، كەمپۈت، سامسا، گۆش ... ھەممىسى ئاز-ئازدىن ئايرىم-ئايرىم بولاق قىلىنغا-

ىدى، — ئۆيىڭىزگە ئەكىرىپ بېرەيمىكى دەپ ئىشىك ئالدىڭىزغا باردىم ... ھېلىقى هازا-
زۇلىڭىز ئۆيدە بولۇپ قالسا ... دەپ ئېھتىيات قىلدىم، قورقتۇم: قارىسام بۇ دۆڭدە بىر-
سى قارانچۇقتەك ئۆرە تۇرامدۇ، چوقۇم نىجاتتۇ، دېدىم. سىز ئىداردە بولمىسىڭىزلا چو-
قۇم مۇشۇ خارابىدا دەپ پەرەز قىلاتتىم. ھەي ... تانسا راسا قىزىتۋاتىدۇ، بارامسىز؟ بىر-
ئىككى مەيدان ئوينىۋاللى، سىزغۇ مېنى ... كۆڭلىڭىزدە باشقا ... رەنامۇ بۈگۈن بەكلا
بىسەرەمجان ...
— بولدى! — نىجات زۇلەيخانىڭ سوغۇقتىن قىزارغان چىرايلىق مەڭزىگە تىكىلدى، —
مېنىڭ قېشىمدا خوتۇنۇمنىڭمۇ، رەنانىڭمۇ گېپىنى قىلماڭ.
— ئۆزۈمنىڭ گېپىنى قىلسام بولامدۇ؟
نىجات ئۈندىمىدى. يوپكىدىكى گېزىت بولاقلىرىدىن بىرىنى ئېچىپ بىر ئوچۇم گازىر
ئالدى - دە، قومۇشلۇق تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ چېقىشقا باشلىدى.
— دەسلەپتىغۇ، سىز توي قىلمىغاچقا، قانچە قىلساممۇ مېنى ئالمايدۇ، دەپ ئۈمىد-
سىزلىنەتتىم، شۇنداقتىمۇ يەنىلا سىزنى دەپ ئېرىمدىن ئاجراشتىم. بىراق سىز توي قى-
لىۋالدىڭىز. ئەپسۇس ... رۇقىيەم سىزنى بەختلىك قىلالمىدى، ھە دېسە كۆڭلەپ جېدەل
چىقىرىپ سىزگە ئارام بەرمىدى. قېرىشقاندەك ئابدىكېرىمكام مېنى باللار كۇتۇپخانىسىدىن
سىزنىڭ ئىشخانىڭىزغا يۆتكەپ قويدى، بۇنىڭغا مەن خۇشال بولدۇم، چۈنكى ھەر كۈنى
سىزنى كۆرۈپ تۇرىمەن، يېنىڭىزدا ئىشلەيمەن، سەۋىيەم تۆۋەن بولغاچقا كەسپىنى
ئۆگىنىۋالىمەن. بىراق، ماڭا سىزلا بولسىڭىز بولدى. بىر ئامال قىلىپ سايىڭىزدا جان باقى-
مەن، ھەي ... بۇ ھال رۇقىيەمنىڭ تېخىمۇ ئوغىسىنى قايناتتى ... ئۇ سىزنى مەندىن كۈنە-
لىگەنسېرى مەنمۇ سىزگە شۇنچە ئاشىق بولۇپ ... نىجات ئاڭلىسام رۇقىيەم خېتىمنى ئالى-
مەن دەپ يۈرۈمىش، راستمۇ؟ مۇبادا ئاجراشسىڭىز ... سىز مەن بىلەن ...
— ھەي شاپاقچى ... جالاپ! ...
زۇلەيخا چۆچۈپ كەتتى، پەستە رۇقىيەم تۇراتتى، قىزىل سوكنو پەلتو، ئۇزۇن قونچ-
لۇق خۇرۇم ئۆتۈك، جىگەر رەڭ گۈللۈك قىشلىق ياغلىق ئاستىدىن كۆپۈپ چىققان پۇ-
رۇم - پۇرۇم چاچلار ئۇنىڭ ئەسلىدىكى گۈزەل جامالىنى تېخىمۇ گۈزەل كۆرسەتتى،
بىراق شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ گۈزەل جامالى گويا جۇدۇنلۇق ئاسمانغا ئوخشاش تۇتۇلغان
بولۇپ ۋۇجۇدىدىكى ئەسەبىي ئىنتىرەكتىن پەيدا بولغان ۋەھىمىلىك، جىددىي كەيپىيات دەھ-
شەتلىك غەزەپكە ئايلانغانىدى. ئۇ يۇقىرىغا چىقىشقا باشلىدى، زۇلەيخا ئەتراپقا قاراپ
بايا ئۆزى چىققان، ئەمدىلىكتە رۇقىيەم چىقىۋاتقان ئاشۇ تىك يولدىن باشقا پەسكە چۈ-
شۈپ كېتىدىغان ھېچقانداق يول يوقلۇقىنى بىلىپ تەمتىرەپ قالدى.
— نىجات بىلەن ئىشخانىدا قىلىشقان ئىشلىرىڭ ئاز كېلىپ، ئەمدى، بۇ سېپىل
ئۈستىدىمۇ ... ھۇ قېلىن دەيۈز ...
رۇقىيە زۇلەيخاغا ئېسىلدى، ھەر ئىككىيلەن بوش كەلمىدى. ئۆتۈكلەرنىڭ قاتتىق
پاشنىلىرى ئاستىدا قارلار تىلغاندى، ئايالالرنىڭ مۇشتلىشىشلىرى ئاجايىپ قىزىق بولىدىكەن.
گاچ - گۇچ ئېتىشمايدىكەن، تارمىلايدىكەن، چاچلىرىنى يۇلۇشىدىكەن، يۈزلىرىنى ئاچىدىكەن،

www.uyghurkitap.com

ئاندىن سەل ھارغاندا خورازغا ئوخشاش بازغىنشىدىكەن، ھۆرپىيىشىدىكەن، ھېچقايسىسى بىر - بىرىگە يېقىن كېلىشكە پېتىنالمايدىكەن. نىجات قاراپ تۇرۇشنى ئەپ كۆرمىدى. رۇقىيەمنى تۇتۇۋالدى، ئۇ نىجاتنىڭ قۇچىقىدا تۇرۇپ تىپىرلايتتى، يۇلقۇناتتى، بوشىنىشقا ھەرىكەت قىلاتتى. زۇلەيخا چۇۋۇلغان چاچلىرىنىمۇ تۈزىمەستىن تېز - تېز مېڭىپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ئۆزگىرىشچان كۆزەينىكىنى تاقاپ بولۇپ سېپىل ئۈستىدە تېخىچە نىجاتنىڭ قۇچىقىدا تىپىرلاۋاتقان رۇقىيەمگە يالتىيىدە قاراپ قويدى - دە، كەتتى. نىجات رۇقىيەمنى قويۇۋەتتى.

— ۋىجدانسىز! ...

رۇقىيەم بۇ سۆزنى ھاسىراپ تۇرۇپ دېدى. ئۇ ئېغىر - ئېغىر تىناتتى، كۆزلىرىدە يانغان غەزەپ ئوتى ۋەھىمىلىك، سوغۇق شولا چاچاتتى، نىجات ئۇنىڭ تىللىغىنىغا ئانچە رەنجىپمۇ كەتمىدى. ئۇ رۇقىيەمگە پوپكىنى كۆرسىتىپ زۇلەيخانىڭ ئۆزلۈكىدىن ئەمەس، بەلكى ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۇنى پەسكويغا چۈشۈرمەكچى بولدى. رۇقىيەمنىڭ غەزىپى بېسىلاي دېمەيتتى.

— كىيىملىرىڭنى ئوڭشا! — نىجات دولىسىغا ئېسىۋالغان فوتو ئاپپاراتىنى قېپىدىن چىقاردى، — چاچلىرىڭنى تۈزە، بۆگۈن يېڭى يىل، شۇنداققۇ، خاتىرە ئۈچۈن ... ھە. كۈلە، كۈلۈپ تۇر.

رۇقىيەم باتناپ جىم تۇرۇۋالغانىدى، خېلىدىن كېيىن ئۇ نىجاتنىڭ مۇلايىم نەزەر بىلەن تىكىلىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ پەلتوسىنى سىلىپ قاقتى، چاچلىرىنى تۈزەپ چازىلىرىنى باشقىدىن قىستى، باش ياغلىقىنى ئەپچىل قىلىپ چىگدى.

— قارا، ھە يىراققا قارا، بىر نۇقتىغا ...

نىجات ئاپپاراتنى توغرىلاۋېتىپ رۇقىيەمنىڭ ئەسلىگە كەلگەن روھىي ھالىتىدىن، چىرايلىق قامىتىدىن، گۈزەللىك يېغىپ تۇرغان خۇش خۇي چىرايىدىن مەمنۇن بولدى. رۇقىيەم ھەقىقەتەن ئىسسىق چىراي، گۈزەل جۇۋان ئىدى، ئەمما بىھۇدە كۈندەشلىك ئازابىدا چېكىۋاتقان ھەسرەت ئۇنىڭ ئوماق چىرايىنى سۆرۈنلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. گۈزەللىك — بىر خىل ئۇلۇغۋارلىق، رۇقىيە شۇ تاپتا سۈرەتكە چۈشۈۋاتقاندىكى مەغرۇر، گۈزەل قىياپىتىنى، كۆزلىرىدىكى يىراققا تاشلانغان چوڭقۇر، مەنىلىك نىگاھلار ... بىلەن يەنىلا ئۇلۇغۋار قىياپەتتە كۆرۈنەتتى، نىجاتنىڭ ئۆز ئايالىغا سىنچىلاپ قاراشلىرى بۆگۈن تۇنجى قېتىم ئەمەس. ئۇ تالاي قېتىم ئايالىنىڭ گۈزەل رۇخسارىغا ئىپتىخارلىق ھېس بىلەن تەلمۈرۈپ قارىغان، ئاشۇنداق گۈزەل قىزنى نىكاھىغا ئالالىغىنىدىن پەخىرلەنگەن، ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلغان. ئەمما رۇقىيەمدىكى بۇ گۈزەللىك، جەلپ قىلغۇچى سېھرىي كۈچ نىجاتقا ھەم خۇشاللىق، ھەم ئازاب كەلتۈردى. رۇقىيەم نىجاتنى ئايال جىنسلىقلارنىڭ ھەرقاندىقىدىن كۈنلەيتتى، بولۇپمۇ زۇلەيخانى كۆرسە ... نىجات ئۆزىنى ئاقلاپ ئىزاھات بېرەتتى، پاكلىقىغا، سادىق ئىكەنلىكىگە پاكىت كۆرسىتەتتى، رۇقىيەم يۈرىكىنى مەھكەم قاماللىۋالغان كۈندەشلىك تۈپەيلى ھەرقانداق ئىشەنچلىك پاكىتلارنى قەتئىي قوبۇل قىلمايتتى. نىجات بىلەن سالام - سائەت قىلىشقان، نىجات سۈرەتكە تارتقان، تانسا ئوينىغان قىز - ئاياللار

بىلەن تالاي قېتىم كوچىدا، يولدا، مەدەنىيەت يۇرتى ئىچىدە جېدەل قىلغانىدى، ئۇنىڭ نادانلارچە ھەرىكەتلىرى بارغانسېرى ئەۋج ئالماقتا ئىدى.

— مەن سىزنى جېنىمدىنمۇ ئەزىز كۆرىمەن، نىجات، — دەيتتى ئۇ ھەر قېتىم بىرەر ئايال بىلەن سوقۇشۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆيدە ئىككىسى يالغۇز قالغاندا ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ، — ئاشۇ قىزلار، ئاياللار سىزنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىپ مېنى داغدا قويىدۇ، مەن سىزدىن ئايرىلىپ قالمەنمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن، شۇڭا ...

رۇقىيەم سۆزلەۋېتىپ نىجاتنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋالاتتى، بويىنىغا ئېسىلىپ سۆيەتتى، يېنىك تىنىپ ئۇزۇنغىچە سۈكۈتكە چۆمەتتى.

— سىزگە قارىغان، كۈلگەن، گەپ قىلغان قىزلارنى، ئاياللارنى كۆرسەم شۇ ھامان گېلىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغۇم كېلىدۇ. بۇ مېنىڭ سىزگە ھەددىدىن زىيادە ئامراقلىقىمدىن بولسا كېرەك، قانداق قىلاي، چىدىمايمەن، بۇندىن كېيىن ھېچكىم بىلەن گەپلەشمەڭ، بىرەرسىنى سۈرەتكىمۇ تارتماڭ، ناھىيىدە سۈرەتخانىلار ئازمۇ؟ شۇ يەرگە بېرىپ پۇل تۆلەپ سۈرەتكە چۈشسۇن ئۇ بىرنېمىلەر، سىزدىن ئۆتۈنەي، زۇلەيخا دېگەن شاپاقچىنى ئىشخانىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ، ئابدۇكېرىمكام سىزگە باشقا ئادەم يۆتكەپ بەرسۇن، ئۆزۈم دەيمەن بولمىسا ... ياق، مەن دېسەم باشقىچە چۈشىنىپ قالىدۇ، سۆيۈملۈكۈم...

بۇنداق چاغلاردا رۇقىيەم ئۆز مۇھەببىتىنىڭ ھەممىدىن كۈچلۈك ۋە غالىب ئىكەنلىكىنى نامايان قىلاتتى، نىجاتمۇ ئۇنىڭ سىرتتا باشقىلار بىلەن قىلىشقان جېدەل-ماجرالىرىنى كەچۈرۈۋېتەتتى، ئۆزى بىلەن قىلغان جېدەللىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى. كېيىنچە رۇقىيەم نىجات بىلەن تېخىمۇ قاتتىق سوقۇشىدىغان بولدى، ھەتتا ھەمراخانىمدىنمۇ تەپتارتمايدىغان بولدى، بۇ ھال نىجاتنىڭ رۇقىيەمدىن سوۋۇشى بىلەن نەتىجىلەندى. بارا-بارا مۇزلاشقا باشلىغان يۈرەك زۇلەيخانىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئىزھار قىلىپ كېلىۋاتقان، رەت قىلىنغانسېرى كۈچىيىۋاتقان مۇھەببىتىدە قايتىدىن ئېرىپ قىزىشقا باشلىدى، نىجات كەچتە قايتماي ئىشخانىسىدا ماقالە يازغان كۈنلىرى دەل شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك زۇلەيخا پەيدا بولاتتى. بىر كۈنى نىجات ئىشخانىدا ماقالە ئورىگىناللىرىنى تۈزىتىۋاتقاندا زۇلەيخا ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولدى، ئۇنىڭ تال-تال قايرىلما كىرپىكلىرىدە ياش تامچىلىرى ئەگىپ تۇراتتى.

— نىجات، رۇقىيەمنىڭ تىل-ئاھانەتلىرىگە چىداپ تۇرالمىدىم. مەن سىزگە كۆيگەنە بۇ كۆيۈككە سىزدىن داۋا تاپالمىغان بەندىمەن، باشقىلارمۇ مېنى نىجات بىلەن چاتىقى بار دەپ گۇمانلىنىدۇ، قاراڭ، تاز بولساڭ گەدەنگىچە بول، دېگەن ماقالە بار، ھامىنى گەپ چىققاندىن كېيىن شۇنىڭغا يارىشا...

— نېمە دېمەكچى سىز، زۇلەيخا مەن ... مەن ئايالىم بار ئەر تۇرسام...

— نېمە بوپتۇ، مەن سىزنى دەپ ئېرىمدىن ئاجراشتىمغۇ، سىزنى دېسەم يەنە ھەممىدىن ۋاز كېچىشكە رازىمەن، خىيالىمدا، ئارزۇيىمدا ئاللىقاچان مەن سىزنىڭ ئايالىڭىزمەن، ماڭا ئۇنداق قاتتىقلىق قىلماڭ.



زۇلەيخا يىغلاپ كېلىپ نىجاتنىڭ يەلكىسىگە كۆكسىنى قويدى، نىجات ھودۇقۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تىترەپ كەتتى. زۇلەيخا ئېڭىشتى، ئۇنىڭ ئوتتەك لەۋلىرى، تىنىقلىرى نىجاتنى مەست قىلدى، نىجاتمۇ بارا-بارا جۇش ئۇرۇپ ئۆركەشلەۋاتقان ھېسسىياتىنى كونترول قىلالماي قالدى، ئوتتۇرا بويلۇق، ئۆزىگە ياراشقان سىمىزلىكىدىن سەل دىتماق كۆرۈنىدىغان مىق-مىق جۇۋان ئوتتەك يېنىپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرىدىن ئالەمچە شادلىق ياغدۇرۇپ نىجاتنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇردى. نىجات تېخىمۇ قورقۇپ دېرىزىگە، ئىشىككە ئالاڭلاپ قارايتتى، زۇلەيخا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندى بولغاي، لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ بېرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن ئەتتى، دېرىزە پەردىسىنى چۈشۈردى، يېنىپ تارتىپ چىراغنىمۇ ئۆچۈرۈۋەتتى...

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى قويۇقلاشتى. زۇلەيخا كۈندىن-كۈنگە ئېچىلىپ خۇش خۇيلىشىپ كەتتى، شادلىق خۇشاللىقلىرى كەلكۈندەك تېشىشقا باشلىدى.

لېكىن ئۇزاققا بارمايلا نىجات ئويلىنىپ قالدى، يەڭگىللىك بىلەن باسقان قەدىمىنىڭ ئاخىرىدا يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى سەزدى. بىر كۈنى چۈشتە نىجات ئىشخانىسىدا يالغۇز ئولتۇراتتى، تويۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ زۇلەيخانىڭ ئېرى كىرىپ كەلدى، ئۇ چالا مەست ئىدى.

— كەلسىلە، — نىجات كۆڭلىگە ھەرخىل ئويلارنى كەلتۈرۈپ ئوڭايسىز بىر ھالەتتە ئورنىدىن تۇردى، — كەلسىلە، ئولتۇرسىلا.

زۇلەيخانىڭ ئېرى خاپا كۆرۈنەتتى، نىجات ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىر نېمە دېيىشمەدىغانلىقىنى سېزىپ كۆڭلىدە جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك سۆزلەرنى ئويلاشقا باشلىدى، لېكىن زۇلەيخانىڭ ئېرى گەپ قىلماستىن تومپىيىپ تۇرغان يانچۇقىدىن بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئېلىپ شىرە ئۈستىگە قويدى.

— باشقىچە ئويلاپ قالمىسىلا، مەن ... مەن سىلىگە ... سىلە بىلەن بىردەم ھال-مۇڭ بولاي دەپ... ئەگەر ۋاقىتلىرى زىچ بولسا...

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، — نىجات سەل يەڭگىللەپ قالدى، — مەنمۇ دىلكەش ئادەم،

سىلىدەك ئادەمنى تاپسام ... ئېچىلىپلا قالىمەن، ئادەم ئۆزىنىڭ بىرەر يېقىن كىشىسىگە دەرد-ھالىنى ئېيتىۋالسا كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، كۆكسى بوشاپ قالىدۇ.

نىجات سۆزلەۋېتىپ شىرە تارتمىسىدىن كىچىككىنە پىيالىنى ئالدى. نىجاتمۇ دائىم ئىشخانىسىدا ھاراق ساقلايتتى، پىغانى ئۆرلىگەندە، نېرۋىسى قاتتىق چارچىغاندا، ياكى بىرەر ئىشتىن خۇشال بولغاندا يېگانە ئولتۇرۇپ بىر-ئىككى پىيالە ئىچىپ قوياتتى. ھەر قېتىم پىيالىنى قولىغا ئالغاندا ئاۋۋال ئۆمەر ھەييامنىڭ:

مەي ئىچسەڭ ئاقىلۇ دانا بىلەن ئىچ،
ۋە ياكى بىر گۈزەل رەنا بىلەن ئىچ ...

دېگەن بىر رۇبائىيسىنى ئوقۇپ قوياتتى. ئارقىدىن، مەن بىلەن ئولپەتلىشىدىغان ئاقىل، دانامۇ يوق، گۈزەل رەنامۇ يوق. مەن بىر يېتىم، نامرات ئادەم، دەپ قوياتتى. زۇلەيخانىڭ ئېرىمۇ دەردمەن ئادەم ئىدى، نىجات بۇنى ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ ھېس قىلدى. زۇلەيخانىڭ ئېرى ھاراقنى ئۆزى قۇيدى ... بوتۇلكا يېرىملاشقاندا نىجات، ئەمدى بولدى قىلايلى، — دەپ تۇرۇۋالدى.

— زۇلەيخا بىلەن بىللە ئىشلىگەچكە سىلىگە دېگۈم كەلدى، زۇلەيخانىڭ خۇي-مىجەزىنى سىلە بىرقەدەر ئوبدان چۈشىنىلا، ئۇ سىرتىدىن شوخ كۆرۈنگەن بىلەن يۈرىكى پاك، ئاق كۆڭۈل، ئەخلاقلىق ئايال، ئىككىمىز كۆيۈپ-پىشىپ توي قىلىشقان. دەسلەپ ياخشى ئۆتتۇق، كېيىن-كېيىن ... ئۇ ئۆزىچە ئۆزگىرىۋالدى. كۆڭلىدىكىنى بىلەلمىدىم، ئاخىرى... مېنى قاخشىتىپ يۈرۈپ خېتىنى ئالدى. ھازىر ئويلىسام شۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ بوشاڭلىق قىلغانلىقىمغا ئېچىنىمەن، ئاجراشمايمەن دېسەم ھېچقانداق قىلالمايتتى، بىراق ... ئۇنى قاتتىق رەنجىتىشنى خالىمىدىم. كېيىن پۇشايمان قىلىپ يەنە ئالدىمغا كېلىدۇ، يارىشىۋالىمىز دەپ ئويلىدىم، سىلىمۇ بىلىلا، بىر بالىمىز بار ئەمەسمۇ. گەرچە ئۇ ھازىرغىچە بىرەرسى بىلەن يۈرمىگەن ياكى پۈتۈشمىگەن بولسىمۇ ... مېنى كۆرەر كۆزى يوق، نېمە قىلغان بولغىيدىم ئۇنىڭغا ... مەيلىلا دەپ باشقا يەردىن لايىق ئىزدەپمۇ باقتىم، قىزلارمۇ چىقتى، جۇۋانمۇ چىقتى، لېكىن ھېچقايسىسىنى زۇلەيخاغا ئوخشاتمىدىم. مانا ... ھازىرغىچە ئۆيلەنمىدىم، كۆڭلۈم بار، كۆڭلۈم ... ئۇ ھېلىمۇ، ھەم مېنىڭ نىكاھىمدا تۇرغاندەكلا ...شۇنداق ھېس قىلىمەن، لېكىن ئۇ ...

زۇلەيخانىڭ ئېرى سەممىمي سۆزلەيتتى، نىجاتنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. زۇلەيخانىڭ ئېرى كۆز يېشىمۇ قىلدى، نىجات ئۇنىمىغاندىن كېيىن ئۆزى بىر پىيالە قۇيۇپ ئىچتى.

— نىجات، سىلە ئەقىللىق، كۆپ ئىشنى بىلىلا، ئەگەر مالال كەلمىسە زۇلەيخاغا بىر-ئىككى ئېغىز نەسىھەت قىلغان بولسىلا ...

— بولىدۇ، — دېدى نىجات قورۇنۇش ۋە خىجالەت ئىلكىدە، — ھەر ئىككىمىز ياش، تۇرمۇش مەسىلىسىدە بەزى ئىشلارنى مۇشۇنداق ئوچۇق دېيىشكەنمۇ ياخشى، ئەلۋەتتە ئۇ-

ىڭغا نەسھەت قىلسەن، بولسا يارىشىپ بالاڭلارنى ئۆزۈڭلار باققىنىڭلار ياخشى.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن نىجات زۇلەيخاغا ئۆرە قارىمىدى، ئۇنىڭدىن يىرگەندى. ئۆزىنىڭ رۇقىيەمنىڭ ئالدىدا، زۇلەيخانىڭ ئېرى ئالدىدا ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىنى ھېس قىلىپ قاتتىق ئازابلاندى. زۇلەيخا يەنىلا نىجاتقا سايىدەك ئەگىشىپلا يۈرەتتى.

— سىزنى دەپ ھەممىدىن كېچىۋاتىمەن، رۇقىيەمنى قويۇۋېتىڭ، — دەيتتى ئۇ ھەممىشە ئىشخانىدا ئولتۇرغاندا، — مېنى ئېلىڭ، مېنى بەختلىك قىلىڭ.

نىجات ئۇنىڭ يىغلاپ - يالۋۇرۇشلىرىغا پەرۋا قىلمىدى. ھەددە ئۇنىڭ يېقىنلىشىشىدىن، ئېسىلىپ، قۇچاقلاپ سۆيۈشلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇردى. شۇنداقتىمۇ رۇقىيەم بىلەن زۇلەيخانىڭ جېدەل - ماجىرالىرى بارغانسېرى ئۇلغايدى، سۆز - چۆچەكلەر كۆپەيدى. رۇقىيەم نىجات بىلەن ئۇرۇشقاندا، خېتىمنى بېرىڭ، دەپ تۇرۇۋالاتتى، نىجات دەسلەپ بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەندەك گاڭگىراپ قالدى، كېيىنچە بۇزۇلغاندىن كېيىنكى تۇرمۇشنىڭ قانداق داۋاملىشىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى چولپان يۇلتۇزدەك پارلاپ گۈزەل رەنا پەيدا بولاتتى، ئۇنىڭ نېپىز گىرىمسىز قىزىل لەۋلىرى مىدىرلاپ: «رۇقىيەمنى قويۇۋېتىڭ، مېنى ئېلىڭ» دەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. نىجات، رۇقىيەمنى قولدىن چىقىرىۋېتىشنى خالىمايتتى، لېكىن ئۇنىڭدىن سوۋۇپ كەتكەنىدى. ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ قولدا ئىشلەۋاتقانلىقى ئۈچۈن يەنە بىر تەرەپتىن نومۇس قىلاتتى، رۇقىيەم ئۇنى جاندىن جاق تويغۇزسىمۇ يەنىلا چىداپ يۈرەتتى، بىراق، ئۇنىڭ كۆڭۈل ئالىمىنى ئىشغال قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان رەنا ئۇنىڭ ئۈچۈن يەنە بىر تەھدىت ئىدى. رەنا ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر قېتىم كېلەتتى، نىجات بىلەن ئۇزاق - ئۇزاق سۆھبەتلىشەتتى. نىجات سىزغان رەسىملەرنى تاماشا قىلاتتى، رەسىملەردىكى ھەربىر سىزىق، ھەربىر رەڭ توغرىسىدا، مەزمۇن، شەكىل، ئوبرازلارنىڭ ئىچكى - تاشقى خاراكتېرى، ھېسسىياتى ... توغرىسىدا پىكىر بېرەتتى. نىجات ئۇنىڭ ئۆزىگە تېگىۋاتقان ياردەملىرىدىن خۇشال بولاتتى، بىر كۈنى رەنا ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ تۇيۇقسىز:

— ئۆيلەنمىگەن بولسىڭىز ياخشى بولاتتى، ئىككىمىز توي قىلاتتۇق، — دېدى.

— توي قىلالمايتتۇق، — دېدى نىجات، — سىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، زىيالىي ھەم ھاكىمنىڭ قىزى، مېنى بىلىسىز، مەن بىر يېتىم، پۇلىمۇ يوق، گۈلىمۇ يوق كەمبەغەل.

— مۇھەببەتنىڭ سالاھىيەت، بايلىق، كەمبەغەللىك، نەسەپ بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

— مۇناسىۋىتى بار، ئەلۋەتتە، سىزگە ئەر بولغۇچى خۇددى ئۆزىڭىزگە ئوخشاشلا سالاھىيەتكە، بايلىققا ئىگە بولۇشى لازىم.

— شۇڭا سىز، رۇقىيەمنى قويۇۋېتىڭ، دېگىنىمگە پىسەنت قىلماي يۈرۈيدىكەنسىز-دە، — رەنا تېرىكتى، — سىز مېنى چۈشەنمەيدىكەنسىز.

— ھەر ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنى چۈشەنمىگىنىمىز تۈزۈك، — نىجات كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى، — چۈنكى، مەن ھازىر بىر بالىغا ئاتا بولۇش ئالدىدا تۇرىمەن، مەن ئۈچۈن

ئەمدى ھەرقانداق بىر قىز - ئايالنى، يەنە باشقا بىر مۇھەببەتنى ئويلاش پۈتۈنلەي ئەخمەقانىلىق ...

— ئۇنداقتا سىز بەختلىكمۇ؟

— ھەئە.

— ئىشەنمەيمەن، — رەنا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — سىز يوشۇرۇۋاتىسىز، بىلىمەن، كۆڭۈلدىكى جۇداسى سىزنى قاتتىق ئازابلاۋاتىدۇ. چىداۋاتىسىز، ھەممىنى ئىچىڭىزدە بىلىۋاتىسىز، قاراڭ، ئادەمنىڭ جېنى تۆمۈردىن ياسالمىغان، جان كۆڭۈلدە چېچەكلىمەيدۇ، ئۆزىڭىزنى قىينىماڭ، — رەنا بىر پەس جىم تۇرۇۋېلىپ ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىر ياخشى پەزىلەتلىك ئايال ئۈچۈن ئۆز ئېرىنى بىھۇدە سەۋەبسىز كۆڭلەش، جېدەل قىلىش، خېتىمنى بەر، دەپ غەۋغا كۆتۈرۈش ... نېمە دېگەن سەت ئىش - ھە؟ ئۇ سىزگە ئامراق ئىكەن، مۇھەببىتى باركەن، ئەلبەتتە سىزگە شەك - شۈبھىسىز ئىشىنىشى، ئىززەت - ئابرۇيىڭىزنى قوغدىشى لازىم. لېكىن رۇقىيەم بۇنىڭ ئەكسىچە ... — رەنا نىجاتنىڭ ئىستىھزالىق كۆزلىرىگە قادىلىپ تۇرۇپ دېدى، — ئەگەر، رۇقىيەم يەنە شۇنداق يوقىلاڭ بانايى سەۋەبلەر بىلەن خېتىمنى بەر، دەپ قالسا دەررۇ بېرىۋېتىڭ، ئاجرىشىڭ.

— نەلەرگە دوقۇرۇپ قاچان پۇل تېپىپ ...

— سىز يىگىتقۇ؟ — رەنا يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — پۇل دېگەن قولنىڭ كىرى، بىرنەچچە پارچە رەسىمىڭىز ئېلان قىلىنسا، يەنە بىرەر - ئىككىسى مۇكاپاتلانسا، ماقالىڭىزغىمۇ قەلەم ھەققى بېرىۋاتسا ... تۇۋا، پۇل دېگەن سۇدەك كېلىدۇ سىزگە، يەنە پۇل تېپىپ دەيسىز؟! — رەنا يېقىن سۇرۇلۇپ نىجاتنىڭ كۆزىگە تىك قارىدى، — كۆڭۈل تارتقان بىرسىنىڭ ئالدىغا دوقۇرۇپمۇ يۈرمەيسىز، مەن سىزنىڭ ئالتە يىللىق ساۋاقدىشىڭىز، ھازىر بولسا تۇغقىنىڭىز، دوستىڭىز، مېنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىمنى ئېتىراپ قىلىسىڭىز، ھەممىسىنى بىرلەشتۈرگەندە ئاجايىپ يىمىرىلمەس كۈچ بىزنى بىر - بىرىمىزگە چىڭ باغلاپ تۇرىدۇ، شۇڭا مېنى تاشلاپ باشقا بىرسىنىڭ ئالدىغا بېرىشنى تەسەۋۋۇر ئىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ.

رۇقىيەمنى قويۇۋېتىشكە نىجاتنىڭ كۆڭلى ئۇنىمايتتى، نىجات، رۇقىيەم تۇغسا، بالىلىق بولغاندىن كېيىن ئۆزگىرىپ قالىدۇ، دەپ ئويلايتتى. بالا تۇغۇلدى، ھەمراخانىمنىڭ تەلىپى بويىچە بالىغا رىشات ئەپەندىمنىڭ ئىسمى قويۇلدى، رۇقىيەم تۇغۇتتىن كېيىن تېخىمۇ تېرىككەك، جېدەلخور بولۇپ كەتتى، ھەمراخانىممۇ كېلىنىدىن جاق تويدى، نەچچە قېتىم: «قويۇۋەت بۇ هازازۇلنى!» دېدى. نىجات ھامان ئىچىنى تىڭشاپ جىم يۈرۈۋەردى، رەھىمسىز يىللار ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى ھەممە ئادەملەر «ئارسلانخان شەھىرى» خارابىسىغا ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىپ بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ ئىزنالىرىنى تارىخ سەھىپىسىدىن ئۆچۈرۈۋېتىشكە مۇۋەپپەق بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ... رەنادىكى كەسكىن، كۈچلۈك، قۇدرەتلىك مۇھەببەت نىجاتنىڭ بەخت - سائادەت يولىنى توسۇپ تۇرغان مەنىۋى سېپىلىنى ئۆرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ كۆڭۈل - قەسرىنى ئىشغال قىلالمىدى، نىجاتنىڭ كۆڭۈلسىز تۇرمۇشى يېڭى - يېڭى جېدەل - غەۋغالارنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ سەپىرىنى داۋام قىلىۋەردى، رەنا

دائىم يىغلايتتى، ياش تۆكەتتى، نىجات ئۇنىڭ ھالىغا ئىچىناتتى، ھېسداشلىق قىلاتتى. لېكىن ئۇنى بەختلىك قىلىش قولىدىن كەلمەيتتى، رەنا ئاخىرى ئۈمىدسىزلەندى، دادىسىنىڭ خاھىشىغا بويسۇنۇپ ئەرگە تەگدى ...

رۇقىيەم ئاشۇ ئېگىزلىكتە؛ قار مەنزىرىسى ئىچىدە ھەر خىل قىياپەت، ھەر خىل كۆرۈنۈشتە تۇرۇپ سۈرەتكە چۈشتى، شۇ جەرياندا ئۇ خېلىلا ئېچىلىپ قالغانىدى.

— لېنتا تۈگەپتۇ، — نىجات ئاپپاراتنى قېپىغا سالدى.

— سىز بەكمۇ ياخشى، نىجات ... — نىجات رۇقىيەمنىڭ يېقىن كېلىپ قوللىرىنى ئۈزىتىۋاتقانلىقىنى كۆزىتىپ تۇردى، رۇقىيەم قوللىرىنى نىجاتنىڭ دولىسىغا قويۇۋالدى، — راستىنلا سىز بەك ياخشى، خەق بىلەن ئۇرۇشتۇم، جېدەل چىقاردىم، قانچىسىغا يولدا توكۇرۇپ ئۆتتۇم، تىللاپ پوسكايىتتىم، نېمە قىلسام سىزگە چىدىماي قىلدىم، — رۇقىيەم نىجاتقا چاپلىشىپ تۇرۇپ سۆيۈشكە باشلىدى، — سىزنى قانىتى مەڭگۈ سۇنمايدىغان، كۆكتە پەرۋاز قىلىشقا ئىنتىلىپلا تۇرىدىغان قۇشقا ئوخشىتىمەن، قولۇمدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتەمدىكىن دەپ قورقىمەن، شۇ تۈپەيلى، سىزنى باشقىلاردىن كۈنلەيمەن، بۇ كۈندەشلىك قېنىمغا ئارىلىشىپ ۋۇجۇدۇمغا سىڭىپ كەتكەن، ئۆلسەم ئاندىن كۈنلىمەيدىغان بولارمەن. ياق، روھىمدىمۇ كۈندەشلىك ئوتى بار، ئۇ ئالەمدىمۇ روھىم سىزنى باشقىلاردىن كۈنلەيدۇ، — رۇقىيەمنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ قالدى، ئايال كىشىنىڭ ئېرىنى قىزغىن مۇھەببەت بىلەن سۆيۈۋېتىپ تۇيۇقسىز ئۆلۈمنى ئويلىشى، ئۆلۈم توغرىسىدا سۆز قىلىشى ئاجايىپ دەھشەتلىك تۇيغۇ تەسىرىدىن بولۇشى مۇمكىن، بۇنى شۇ ئايالنىڭ ئۆزىمۇ تولۇق چۈشەنمىسە كېرەك، — مەنلا سۆيۈۋېرەمدىمەن، سىزمۇ سۆيۈڭا، ھە، سۆيۈڭ.

نىجات رۇقىيەمنىڭ كۆزىگە قاراپ جىمجىت تۇراتتى، رۇقىيەم شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىگە ناھايىتى چىرايلىق، ئوماق كۆرۈنەتتى. ياش بىلەن نەملەنگەن كىرپىكلەر تېخىمۇ جەزبىلىك، گۈزەل بولۇپ كەتكەنىدى، قىياقتەك ئىنچىكە، ئەگمە قاشلاردا، قاش بىلەن كىرپىك ئوتتۇرىسىدىكى ئىنچىكە سىزىقلاردا ھەقىقىي ساھىبجامالاردىلا بولىدىغان بىرخىل تەبىئىي مەھلىيا قىلىش سېھرىي كۈچى يوشۇرۇنغانىدى، ئاشۇ كۈچلەرنىڭ بىرىكمىسىدىن ھاسىل بولغان قۇدرەت ھەممىنى ئۆزىگە بويسۇندۇراتتى، ئەسىر قىلاتتى، نىجاتنىڭ دولقۇنلاپ تۇرغان ھېسسىياتىدا خىلمۇ خىل ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتاتتى، زۇلەيخا، رەنا ... ئۇنىڭ كۆڭۈل ئالىمىدىن غايىپ بولغانىدى، ھەممىنى ۋە ھەممىنى رۇقىيەمنىڭ مۇھەببىتى ئىگىلىگەنىدى. بۇ مۇھەببەت يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچىگە ئوخشايتتى، مەڭگۈ ئاشۇ ھالەتتە تارتىپ تۇراتتى، ئۆزئارا تارتىشىش نەتىجىسىدە ئوتتۇرىدىكى ماگنىت مەيدانى ئۈزلۈكسىز تارىيىپ باراتتى ۋە ئاخىرىدا بىر-بىرىگە چاپلاشقان ئىككى جىسىم — ئىككى گەۋدىلا مەۋجۇت بولۇپ قالاتتى.

— سىزنى سۆيۈشۈم — يېڭى يىلىڭىزغا بەرگەن سوۋغام، سىزچۇ؟ سىز ماڭا سۆيگۈدىن سوۋغا تۇتمامسىز؟

— سىزنىڭ سوۋغىڭىز زەھەر ئىدى.

— ئاخىرى ئاشۇ زۇلەيخا دېگەننى يا مېيىپ قىلىۋېتىمەن، يا ئۆلتۈرۈۋېتىمەن. بول-

دى، قاراپ تۇرىسىزغۇ، سۆيۈگۈم، مېنىڭ سوۋغام زەھەر بولسا سىزنىڭ سوۋغىڭىز ئۇ زەھەرنى شېكەرگە ئايلاندۇردى.

نىجات رۇقىيەمنى باغرىغا باستى. جىمجىت، سۈكۈتكە چۆمگەن «ئارسلانخان شەھىرى» مۇھەببەتنى كۈچلۈك، كۈندەشلىكى كۈچلۈك ساھىبجامالىنىڭ لەۋلىرىدە پەيدا بولغان ئوتلۇق ئىزتىراپنى، كۆزلىرىدىكى سەممىي، پاك ھېسسىياتنى، تەلمۈرۈپ تىكىلىشلەرنى، جاننى يايرىتىدىغان شوخ نىگاھلارنى، قانىماي سۆيۈشلەردىن چىققان يېقىملىق تىۋىشلەرنى خېلى ئۇزۇنغىچە تاماشا قىلدى.

نىجات ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىغا كەلگەندە رەنا چەتتە قاتار توختىتىلغان ۋېلىسىپىتلەر ئارىسىدىن ئۆزىنىڭ ۋېلىسىپىتىنى چىقىرىپ كەينىگە يېنىۋاتاتتى، يېڭى يىل كۈنى ياغقان قار ئاللىقاچان ئېرىپ كەتكەن، ھاۋا ئىللىغان، رەنا پەلتوسىز ئىدى، ئۇ ھېلىمۇ قىپقىزىل يۇڭ پوپايكا بىلەن يۇڭ يوپكىسىنى كىيىۋالغانىدى، دامىسكى ۋېلىسىپىتىنىڭ قىزىل سىرى بىرلىشىپ ئۇنى بىر پارچە چوغقىلا ئوخشىتىپ قويغانىدى، ئۇ ئۆزىمۇ زۇلەيخانىڭ ئالدىدا كوز - كوز قىلغان ئاشۇ كىيىمى بىلەن يۈرۈشكە ئامراق بولسا كېرەك.

— كېپقاپسىزغۇ؟ — رەنا توختىدى، خۇش خۇي كۈلۈمسىرەپ سول قولىنى كۆتۈردى، مېغىزدەك چوكىلۇقتىكى ئالتۇن باغلىق سائىتى كەچكى قۇياشنىڭ سۇس نۇرىدا ۋال - ۋۇل يالتىراپ نىجاتنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىۋەتتى، — بەشتىن 25 مىنۇت ئۆتۈپتۇ، ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىتتا ... — رەنانىڭ سۈزۈك مەڭىزلىرىدە بىلىنەر - بىلىنمەس قىزىللىق پەيدا بولدى، — بەلكىم، مېنى ئىزدەپ كەلگەنسىز.

— ھەئە، شۇنداق ...، — نىجات نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەي دۇدۇقلىدى، بىرئازدىن كېيىن، — مۇئاۋىن ھاكىمنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم، سىزنى ... مەن ... — دېدى.

— بوپتۇ، — رەنانىڭ مەڭىزىدىكى قىزىللىق شۇئان يوقالدى، بۇلاقتەك تىنىق كۆزلىرى نىجاتقا تەئەججۇپ ئىلكىدە تىكىلدى، — دادام ئىشخانىسىدا، بىرسىنىڭكىگە بارىدىغان چېغى، تېزرەك كىرىپ گېپىڭىزنى دەۋېلىپ، چىقىڭ.

نىجات ئالدىراپ پەلەمپەيگە پۇت ئېلىشىغا رەنا ئۇنى چاقىرىپ توختاتتى.

— بۈگۈن كەچ ئىشخانىڭىزغا كېلىمەن، ئۆيىڭىزگە ياكى تانسىغا قاچماڭ، جۇمۇ.

— ما ... ماقۇل.

رەنا ۋېلىلىقىدە بىرنى كۈلۈپ ۋېلىسىپىتكە مىندى - دە، كەتتى، ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى قىياپىتى باھار شامىلى ئۇچۇرۇپ ئەكىتىۋاتقان بىر تال قىزىل ئەتىرگۈلگە ئوخشايتتى، نىجات ئىشخانا ئالدىغا كېلىشىگە بىر پىكاپ كېلىپ بىنا ئالدىدا توختىدى، راست دېگەندەك ھەسەن مامۇت بىر يەرگە بارسا كېرەك.

— كەل تۇغقىنىم، — ھەسەن مامۇت ئالدىغا قويۇۋالغان بىر دەستە ماتېرىيالنى ئاختۇرۇۋاتاتتى، بېشىنى كۆتۈرۈپ نىجاتقا يالتىندە قاراپ قويدى، — كەل ئولتا، ئولتۇرە.

— سىلىنى ئىزدەپ ... — نىجات ئۆرە تۇرۇۋەردى.

— ھە، ھە، — ھەسەن مامۇت ھېلىمۇ ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل ئىدى، ئۇ ماتېرىيال ئارىسىدىن شېپىگرافىتا بېسىلغان نېپىزغىنا بىر ھۆججەتنى سۇغۇرۇۋېلىپ سىنچىلاپ كۆ-

رۇشكە باشلىدى، — قۇلىقىم سەندە، گەپ بارمىتى، شۇنچە زۆرۈرمۇ، تېزرەك دە.

— ھېلىقى دوكلاتنى بەرگىلىمۇ ئۇزاق بولدى، كۆردىلىمىكى ...

— نېمە؟ — ھەسەن ماۋۇت ئېرەڭشىمىگەن ھالدا نىجاتقا يەنە بىر قېتىم يالتىتىدە قاراپ قويدى، ئۇنىڭ پال كۆزلىرىدە ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان پەرۋاسىزلىق ئىپادىلىرى بار ئىدى، — قايسى دوكلاتنى؟

— «ئارسلانخان شەھىرى» توغرىسىدىكى ...

— توختا، توختا، — ھەسەن ماۋۇت قولىدىكى ھۆججەتنى ئالدىدىكى ماتېرىيالىغا قوشۇپ ئېرى سۈرۈۋەتتى، شىرەسىنىڭ تارتمىلىرىنى بىر-بىرلەپ ئاختۇرۇشقا كىرىشتى، — توغرا، سەن شۇنداق بىر نېمىنى بەرگەندەك قىلىۋىدىڭ، ئېسىمدە بار، ھېلىقى شەھەرنى نېمە دېدىڭ، ھەسەن بۇغراخان ... دېدىڭمۇ؟

— «ئارسلانخان شەھىرى»، تولۇق ئىسمى ...

— توغرا، توغرا، دوكلاتىڭدا شۇ گەپ بار ئىدى، ئۇ كىشى شەھەر سوراپتىكەنمۇ؟ توغرا، شۇنداق قىلغان، پادىشاھ-دە، پادىشاھ، مېنىمۇ كىچىكىمدە ئاسلان، ئاسلان، دەپ ئەركىلىتەتتى، بۇرۇنقى گەپقۇ بۇ، لېكىن، ھەي تۇغقىنىم، مەسىلەن، بىز ئۆلسەكمۇ شەھەر، مازارلىرىمىزنى قوغدامسىلەر؟ تارىخىمىزنى يازامسىلەر؟ ھا ... ھا ... ھا ... بىزمۇ شەھەر سورىدۇق.

نىجات ئادەتتە ئاسان تېرىكەتتى، مىجەزى ئىتتىك ئىدى. ئۇنىڭدىكى چۈشلۈق ھەر-قاچان بىرەر قارامىلىققا ئېلىپ باراتتى، لېكىن نېمىشقىدۇر ھازىر ناھايىتى تەمكىن ھالەتتە تۇراتتى، بۇ خىل ئېغىر بېسىقلىق ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا كەمدىن-كەم كۆرۈلەتتى. ئۇ دېۋانىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن چاي تۇرۇپكا ئۈستىدە ياشىرىپ تۇرغان كۆپكۆك سۇلىياۋ گۈلگە قاراپ جىم تۇردى.

— ھېچيەردە يوق، — ھەسەن ماۋۇتنىڭ قارامتۇل چىرايىدا بىر خىل بىزارلىق ئىپادىسى ئەكس ئەتتى، — نەدە قالدىكىن ئۇ بىر نېمەڭ ...

— تۈزۈكرەك ئاختۇرۇپ...

— قارا تۇغقىنىم، ۋاقتىمۇ توشتى، دەم ئېلىشىم كېرەك-قۇ ئەمدى، مەنمۇ ئادەم، ئادەم، دەم ئالىمەن، تاماق يەيمەن، ئۇخلايمەن، يەنە ئىشلەيمەن، سەندە ۋاقىت كۆزقارىشى دېگەن نەرسە بارمۇ-يوق، ئۆزۈڭمۇ زېرىكمىگۇ؟!

ھەسەن ماۋۇت كېلىپ نىجاتنىڭ دولىسىغا قولىنى قويدى، ئىككى قېتىم بوش ئۇرۇپ قويدى، نىجات ھامان تەمكىن قىياپەتتە ئولتۇراتتى.

— دوكلاتىڭنى باشقىدىن يازغىن بولامدۇ، ئاندىن بىر نېمە دەيلى، سەن بىلەن بىزگە بۇنچىلىك ئىش نېمىتى؟

— ئەتە كېلىمەن، — نىجاتنىڭ تەمكىنلىكى يوقالدى، قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كۆزلىرىدە نارازىلىقنىڭ قايىل قىلىپ بولمايدىغان ئاچچىق ئۇچقۇنلىرى پەيدا بولدى، — دوكلات مۇزاكىرە قىلىنىپ بىر قارارغا كېلىنمىسە، يۇقىرىغا ئەرز يازىمەن، گېزىتكە يازىمەن، سىلە مېنى ئەخمەق قىلىۋاتىسىلا.

— يوقسۇ تۇغقىنىم، — ھەسەن مامۇت چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەستىن نىجاتنىڭ دولىسىنى چىڭ قامالاپ ئۆزىگە قاراتتى، — ئۆپكەڭنى بېسىۋال، كۆردۈڭ، ئىشخانىنىڭ ھەممە يېرى دۆۋە - دۆۋە، ماتېرىيال - ھۆججەت بىلەن توشۇپ كەتتى، دوكلاتىڭ بىر يەردە باردۇ، لېكىن تاپماق تەس. قايتا ياز، دېگەندىكىن، يازساڭ بولمىدىمۇ، مەن ھاكىمغۇ، گېپىمنى ئاڭلىشىڭ كېرەك، ۋەدە قىلاي، بۇ دۆرەم يازغىنىڭنى چوقۇم...

مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ سۆزلىرىدە پوپوزىمۇ، يېلىنىشمۇ بار ئىدى. بىراق بۇ سۆزلەر نىجاتقا قىلچىلىك تەسىر قىلالمىدى. ئۇ قاتتىق رەنجىگەنىدى، يەنە گەپ قىلىشنىڭ بىھۇدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئۈمىدسىز ۋە غەزەپلىك كەيپىيات ئىچىدە ئىشخانىدىن چىقتى، ئۇنىڭ كەينىدىن چىققان ھەسەن مامۇت پەلەمپەي تۈۋىدە تۇرغان پىكاپقا قاراپ ماڭدى.

— يۈر تۇغقىنىم، — مۇئاۋىن ھاكىم ئىككى ئوتتۇرىدا ھېچگەپ بولمىغاندەك تەبىئىي بىر نەزەردە نىجاتقا قارىدى، — كونا بازارغا بارىمەن، ئالغاچ كېتەي.

— رەھمەت.

يانۋارنىڭ ئونىنچى كۈنى ئىدى، ھاۋا ئىللىق، شامالسىز بولۇپ باش باھارنىڭ نۇرلۇق قۇياشى پۈتكۈل كائىناتقا يېڭى ھايات بەخش ئەتمەكتە. كوچىدا ئادەم شالاڭ ئىدى، نىجات ئالدىرىماي قەدەم تاشلايتتى، ھېچنېمىگە قارىمايتتى، گۇنسىز كۆزلىرىدە خاپىلىق، خورلۇق ھېسسى ئۇچقۇنلايتتى. كەچكى قۇياش تەپتى ئۇنىڭ سوغۇق ئېقىمىدىن شۈركىنىپ تىترەۋاتقان قەلبىنى ئىللىتالمايتتى. ئىككى قاسناقتىكى دۇكان، بوتكا، ئاشخانا، رەسىمخانىلاردا ئاۋاز ساندۇقى بېكىتىلگەن قوش كانايلىق ئۈنئالغۇلار بەس - بەستە سايرايتتى، قالايمىقان، ئەبجەش ناخشىلار قۇلاق - مېڭىنى يەيتتى. نىجاتقا ھەممە نەرسە ئاشۇ ئۈنئالغۇلاردىن ۋاژىلداپ چىقىۋاتقان ناخشىلارغا ئوخشاش ئارىلىشىپ - قالايمىقانلىشىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى، ئۇ ئۆيگە قايتىشنىمۇ خالىماستىن گاراڭ ھالەتتە بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن بىر ئاشخانىغا كىردى، چاي ئىچىۋېتىپمۇ، تاماق يەۋېتىپمۇ ھەسەن مامۇتنىڭ بايىقى گەپ - سۆزلىرىنى، ھەرىكىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ خىيالغا پاتاتتى.

ئۆتكەن يىل نويابىردا بەرگەن دوكلات، دېكابىرمۇ ئۆتۈپ كەتتى، مانا يېڭى يىلنىڭ تۇنجى ئېيى — يانۋارمۇ ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، ئايلار شۇ تەرىقىدە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈپ كېتىۋەرسە بولامدۇ؟ شائىر لۇتپۇللا ئېيتقاندەك «ۋاقىت ئالدىراڭغۇ ساقلاپ تۇرمايدۇ»، ئۆز رىتىمى، ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە يولىنى داۋام قىلىدۇ. لېكىن مۇئاۋىن ھاكىم ھەسەن مامۇت بولسا نىجاتنى «سەندە ۋاقىت كۆز قارىشى دېگەن نەرسە بارمۇ-يوق» دەپ ئەيىبلىدى. نىجات ۋاقىتنى قەدىرلەيتتى، ۋاقىت بىلەن بەسلىشەتتى، ۋاقىتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن ئالدىرايتتى. ئۇنىڭ ئۆز كەسپىگە، خىزمىتىگە بولغان مۇھەببەت - ئىشتىياقىنى، قىزغىنلىقىنى، بۇ يولدا چېكىۋاتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىنى كىم بىلىپ يېتەلەيدۇ. ئېغىر جاپالىق مەنىۋى ئەمگەك نىجاتنى ۋاقىت بىلەن دائىم ئېلىشىپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلاتتى. ئۆز نەزەرىدە ئۇ ۋاقىتنى يېڭەتتى، ئەمما ھەسەن مامۇت ئۇنىڭ ئەمگىكىنى، ئارزۇسىنى، ئىرادىسىنى مەنسىتمەيۋاتاتتى، ئۇنىڭ ۋاقىتتىن يېڭىلىپ

www.uyghurkitap.com

قىلىشىغا سەۋەبچى بولۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئوغرىلاۋاتاتتى. ۋاقىت ئوغرىسىنىڭ قىلمىشىمۇ جىنايەت ھېسابلىنامدىغاندۇ، ھەسەن ماموتنىڭ ئۆزىدە ۋاقىت كۆز قارىشى بارمىكىنە؟ نىجات ئۈمىد قىلغىنىدەك ئۇ يازغان دوكلات رەھبەرلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى كېرەك ئىدى، ئەمما ۋاقىت جىم - جىم ئۆتۈپ كەتتى، دوكلاتقا جاۋاب بولمىدى، ئاخىرى ئۇ دوكلاتنى سۈرۈشتۈرۈشتىن ۋاز كەچكەنىدى. بۈگۈن ئۇ ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ ھەيدىشى، ئالدىرىتىشى تۈپەيلى يەنە نائىلاج ھۆكۈمەت بىناسىغا كىرگەنىدى. بىراق ئۇنىڭ دوكلاتى، شېرىن خىياللىرى، ئۈمىدى دەستە - دەستە ماتېرىياللارنىڭ ئارىسىدا يوقالغان بولۇپ چىقتى، ئىز - دېرەكسىز بولۇپ چىقتى. ھەسەن ماموتنىڭ نىجات قىلىۋاتقان ئىشلارغا مۇنداق سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇشىدا نېمە سەۋەب بارلىقى ھېچكىمگە ئايان ئەمەس، ھەسەن ماموت ئادەتتە ئۆزىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىكى خىزمەتلەردە ئىنتايىن تەشەببۇسكار ئىدى، مەسىلىلەرنى كەسكىن، دادىل بىر تەرەپ قىلاتتى، ئىشنى كەينىگە سۆرىمەيتتى، ئىشتا بىرەر يوچۇقنىڭ قېپقېلىشىغا ھەرگىز يول قويمايتتى. ئۇ باشقۇرۇۋاتقان ساھەنىڭ مەسئۇللىرى بىرەر قىيىن ئىشقا دۇچ كەلگەن ھامان ئۇنى ئىزدەپ كېلىشەتتى، ھەسەن ماموت ئۇلارغا دەرھال يوليورۇق بېرەتتى. چارە - تەدبىر كۆرسىتەتتى، ياكى بولمىسا ئۆزى بېرىپ نەق مەيداندا ئىش بېجىرەتتى. ئۇنىڭ كاللىسىنىڭ مۇنداق تېز ئىشلەيدىغانلىقىغا، زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىگە ھەممە ھەيران ئىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە پەقەت ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتلا مەسىلىلەر ئۈستىدىن يەكۈن چىقىرىشنىڭ، ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى بەلگىلەشنىڭ بىردىنبىر ئاساسى ئىدى، ئۇنىڭ بۇ خىل ياخشى ئىستىلىغا قارىلىقمۇ ئارىلىشىپ كەتكەنىدى، يېيىشتىن، ئېلىشتىن، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىشتىن قورقمايتتى. ئۇنىڭ ئەقلى ھەرقانداق نەرسىنى ئولجا دەپ ھېسابلىسىلا، ھەددىدىن زىيادە قارىلىقى شۇ ئولجىغا دەررۇ يولۋاس كەبى چاڭگال سالاتتى. جامائەتچىلىك ئىچىدە ھەسەن ماموتنىڭ ياخشى گېپىمۇ، غەيۋىتىمۇ بولۇپ تۇراتتى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەممە ئۇنتۇلۇپ كېتەتتى. نىجات شۇلارنى ئويلاۋېتىپ ھەسەن ماموتنىڭ ئۆزىگە قوللىنىۋاتقان پوزىتسىيىسىدىن ھازىرچە نامەلۇم لېكىن سىرلىق بىر ئىشنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى گۇمانىي رەۋىشتە ھېس قىلىپ قالدى. دوكلاتتا چوقۇم ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان گەپ - سۆزلەر بولۇشى مۇمكىن. مەيلى، — دەيتتى نىجات ئۆز - ئۆزىگە، — بۇ ھامان بىر كۈنى ئايدىڭلىشىدۇ.

نىجات ئاشخانىدىن چىققاندا گۇگۇم چۈشكەنىدى، ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ مەدەنىيەت يۇرتى قورۇسىغا كىردى، رەنا ئۇنىڭ رەسىمخانىسى ئالدىدا تۇراتتى.

— ساقلىتىپ قويدۇممۇ، رەنا.

— ياق، كەلگىنىمگە بەش مىنۇتلا بولدى، — رەنا سۆزلەۋېتىپ نىجاتنىڭ گۇگۇم پەردىسى ئىچىدە تېخىمۇ خىرەلەشكەن چىرايىغا دىققەت قىلدى، نىجات خاپا كۆرۈنەتتى، — كەيپىڭىز جايىدا ئەمەسقۇ؟ دادام رەنجىتىپ قويمىغاندۇ؟

— ياقەي، — نىجات ئىشكىنى ئېچىۋېتىپ جاۋاب بەردى، — قېنى كىرىڭ.

— رۇقىيەم بىلەن بىر نېمە دېيىشىپ قالدىڭىزمۇ يا؟ — رەنا بوسۇغىدىن ئاتلاۋې-

تىپ نىجاتقا ھېسداشلىق نەزەرىدە تىكىلدى، — ماڭىمۇ راست گېپىڭىزنى دېمەيسىز.

— رۇقىيەم يامانلاپ كەتكەن، — نىجات سولغۇن قىياپەتتە سۆزلەيتتى، — ئۇنىڭ گېپىنى قىلماڭ. شۇ تاپتا ... ئۆيگىمۇ بارمىدىم.

— ئۇنداقتا كەچلىك تاماقنى...

— ئاشخانىدا يېدىم.

— تازىمۇ تارتىنچاق جۇمۇ سىز، — رەنا رەنجىگەندەك بىر تەلەپپۇزدا دېدى، — بىزنىڭ ئۆيگە بارسىڭىز بولماسمىدى؟!

نىجات جاۋاب بەرمىدى، كۇنۇپكىنى بېسىپ چىراغنى ياندۇردى، تورۇستىكى 60 ۋاتلىق نېئون لامپۇچكا رەسىمخانىنى كۈندۈزدەك ئاپئاق يورۇتۇۋەتتى، رەسىمخانا ئازادە، ئىللىق ئىدى. نىجات مەشىنىڭ ئاستىنى كوچىلىدى، ئۆچەي دەپ قالغان ئوت ۋىلۋىل يېنىشقا باشلىدى، نىجات كۆمۈر چوقۇپ مەشكە سالدى، قوللىرىنى سوپۇنلاپ يۇدى، شۇ ئارىلىقتا رەنا تامغا قاتار ئېسىلغان ھەر خىل سۇ بوياق، ماي بوياق رەسىملەرگە، سىدام ۋە تېز سىزمىلارغا ھەۋەس بىلەن قاراپ چىقتى، مەنزىرە رەسىملەر، كۆچۈرمە رەسىملەر، پورتېرېت رەسىملەر، ئىجادىي رەسىملەر ئىشخانىغا ئاجايىپ گۈزەل تۈس بېرىپ، قارىغان ئادەمنى باشقا بىر خىيالىي دۇنياغا باشلاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. رەسىملەرنىڭ ئىچىدە بۇرۇن ژۇرناللاردا، توپلاملاردا ئېلان قىلىنغانلىرىمۇ، ژۇرنال مۇقاۋىسىغا ئىشلىتىلگەنلىرىمۇ بار ئىدى، چىراغنىڭ ئۆتكۈر نۇرىدا رەسىملەردىكى ئوبرازلارنىڭ ئوچۇق، قېنىق، سۇس، كۆڭگا رەڭلىرى، كۆلەڭگىلەر شۇنداق يارقىن، روشەن ھالدا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى، پورتېرېت رەسىملەردىكى ھەر خىل قىياپەت، كۆزلىرىدە ئەكس ئېتىپ تۇرغان سىرلىق ئىپادىلەر، ھېسسىياتلار كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلاتتى، رەنا بۇ رەسىملەرنى تالاي قېتىم كۆرگەن، ھەر قېتىم ھەقىقىي قىزىقىش، ئىشتىياق بىلەن كۆز ئۇچىدىن ئۆتكۈزگەن، گۈزەللىك زوقى ئۇنى ياشلىقنىڭ، مۇھەببەتنىڭ قايناق دولقۇنلىرىدا ئۈزدۈرگەن، ھازىرمۇ ئۇ گۈزەللىك ئىستىكى كۈچلۈك، ھېسسىياتچان قىزلارغا خاس ھاياجانغا چۆمۈلۈپ ھەربىر رەسىمگە گويا تۇنجى قېتىم كۆرگەندەك قانائەتسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن قارايتتى، ئۇنىڭ ئېپتىخارلىق ھېسلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى شەرقىي تامغا ئېسىلغان كەڭ ۋە ئۇزۇن ئاق سۇرۇپقا چۈشتى، نىجات «ئارسلانخان شەھىرى» نىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى ماي بوياق بىلەن كېڭەيتىپ سىزغانىدى، گەرچە رەسىم تېخى تولۇق سىزىلىپ بولمىغان بولسىمۇ، قىل قەلەم، پەلكۈچ ۋە ھەر خىل بوياقلارنىڭ سېھرىي كۈچى قەدىمكى دەۋرنىڭ تارىخىي كۆرۈنۈشلىرىنى ئېنىق گەۋدىلەندۈرگەنىدى.

— باشلامدۇق.

نىجات ھەر خىل بوياق يۇقۇندىلىرى بىلەن ئالا - يېشىل رەڭگە كىرگەن خالاتنى كىيىۋېتىپ رەناغا خىتاب قىلدى.

— ئاۋۋالقى جايىڭىزدا ئولتۇرۇپ، ئالدىنقى كۈندىكىدەك سەل قىيپاش ھالدا...

نىجات رەسىم تاختىسى ئالدىدا ئولتۇردى، رەڭ تەڭشەش تەخسىسىدىكى بوياقلارنى ئارىلاشتۇردى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تاشقى قىياپىتىدە جىددىي

تۇس ئالغان تۇرگۇن چىرايىغا، تۇرۇلگەن قوشۇمىلىرىغا قاراپ ئىچكى دۇنياسىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى چۈشىنىش قىيىن ئىدى. كۆزلىرىدە خاۋاتىرلىنىش بىلەن غەمكىنلىكنىڭ غۇۋا كۆلەڭگىسى سوغۇق شولا چاچاتتى، قىرلىق بۇرنى ئۈستىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى يالتىرايتتى، بۇ هال ئۇ قاتتىق هەسرەت چەككەندە، غەزەپلەنگەندە، روهىي چۈشكۈنلۈككە ئۇچرىغاندا يۈز بېرەتتى. نىجاتنىڭ لەۋلىرى مەهكەم چىمىرىلگەن بولۇپ، ياراشقان قىسقا، قاپقارا بۇرۇتى چىرايىغا سۈرلۈك تۈس بەرگەنىدى، رەنا چىراغ ئاستىدىكى قارا كىلىيونكا قاپلانغان دىۋانغا چۆكۈپ ئولتۇردى، يەلكىسىنى يېپىپ تۇرغان قويۇق، قارا، دولقۇنسىمان چاچلىرىنىڭ پېشانە ۋە چېكىلىرىدە كۆپۈپ - غۇژمەكلىشىپ تۇرغان چىرايلىق بۇدۇرلىرى ئۇنىڭ ئىخچام، ئالمىدەك سۈزۈك چىرايىغا ئالاهىدە بىر گۈزەللىك بەخش ئەتكەنىدى، نىجاتنىڭ ئەسلىدىكى تەلىپى بويىچە ئۇ بۈگۈنمۇ زىغىررەڭ سارجا كاستيۇم - يوپكا، قارا ئىلۇن پايپاق، پىياز كۆكى رەڭلىك ئېگىز پاشنىلىق توپلەي كىيىپ كەلگەنىدى. قۇلاقلىرىدىكى ئالتۇن زىرە، بوينىدىكى مەرۋايىت، مارجان، كۆكسىدە يالتىراپ تۇرغان مېدالىيۇن ئۇنىڭ نازاكەتلىك، ئەۋرىشىم قامىتىنى تېخىمۇ سالاپەتلىك كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— سولغا سەل قىيپاش، بېشىڭىزنى تىك تۇتۇڭ، بىر نۇقتىغا تىكىلىڭ.

نىجات بوياققا مىلەنگەن قىل قەلەمنى رەسىم تاختىسىغا ئۇزىتىۋېتىپ يەنە توختاپ قالدى.

— ئۆزىڭىزنى ئەركىن تۇتۇڭ، هە، كۆكسىڭىزنى ئالدىغىراق چىقىرىڭ، سەل كۈلۈمسىرەڭ.

رەنا ئۆزىنى تۈزەۋېتىپ نىجاتقا يەر ئاستىدىن قارىدى. نىجاتنىڭ قاراشلىرىدا هەقىقىي كەسىپ ئەهلىگە، تىرىشچان ۋە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان سەنئەتكارغا خاس جىددىيلىك، ئەستايىدىللىق روهى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، رەنا بۇ خىل قاراشلاردىن ئۆزىگە بىرەر ئىشارە ياكى باشقىچە مەنە بىلدۈرىدىغان ئىچكى هېسسىياتنى كۆرەلمىدى.

رەنا ئالدىنقى كۈنى كەلگەن، نىجات ئۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس يالغۇز كىشىلىك دىۋان تەييارلىغانىدى، رەنا دىۋاندا ئولتۇردى. نىجات سىزماقچى بولغان ئوبىيېكتىنىڭ دەسلەپكى ئاددىي شەكلىنى سىزىپ بولۇپ ئىشنى يىغىشتۇرغانىدى. مانا هازىر ئۇ ئۆز ئوبىيېكتىنىڭ قىياپەت شەكلىگە رەڭ بەرمەكتە، ئىمپورت قىلىنغان قىممەت باهالىق بوياقلار قىل قەلەمنىڭ ئۇچى ئارقىلىق ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتمەكتە، قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن ... بىرچاغدا نىجات تۇيۇقسىز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، رەنا هاڭ - تاڭ قالدى، نىجات ئۇنىڭغا نېمىدىندۇ بىر نەرسىدىن خىجالەت بولغاندەك قاراپ قويدى - دە، نېپىز، ئەۋرىشىم پولات تىغلىق قىرغۇچنى قولىغا ئالدى، رەنا تېخىمۇ هەيران بولۇپ نىجاتنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ رەسىم تاختىسىغا قارىدى، نىجات سۈرۈپقا بېرىلگەن شىلىمسىمان بوياقلارنى قىرىپ چىقارماقتا ئىدى.

— نېمە بولدى؟ — رەنا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى، تىنىق بىلەن قوشۇلۇپ تارالغان ئالىي دەرىجىلىك ئەتىرنىڭ ئۆتكۈر هىدى نىجاتنىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلدى، رەنا تېخىمۇ

يىقىن كەلدى، ــ قاملاشماي قالدىمۇ؟
ــ بايا سىز، كەيپىڭىز جايىدا ئەمەسقۇ، دېگەنىدىڭىز، راست، بۈگۈن كەيپىم ياخـ
شى ئەمەس، دىققىتىمنى، پىكرىمنى يىغالمايۋاتىمەن، بۇنداق ھالەتتە سىزنىلغان رەسىم
ياخشى چىقمايدۇ.
ــ ئېھتىمال، ــ رەنا شۇنداق دەپ يەنە بىر مىنۇتچە نىجاتنىڭ ھەرىكىتىگە سەپسې
لىپ تۇردى، ئاندىن دېدى، ــ دادام كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتىپتۇ ـ دە؟
ــ دادىڭىزدا بيۇروكراتلىق ئىستىل ئېغىركەن، ــ نىجات ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەندەك
ئاۋازىنى بوش چىقىرىپ دېدى، ــ جىددىي مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ ناچارلى
قى مېنى ھەقىقەتەن ئۈمىدسىزلەندۈردى، مەن ئەمدى...
ــ بىلدىم، دادامدىن رەنجىسىڭىز ئۇنىڭ ئاچچىقىنى مەندىن ئالاي دەپسىز ـ دە،
شۇڭا رەسىمىمنى... ــ رەنا سۆزمەن، ئەقىللىق قىز بولۇشقا قارىماي يەنە تەبىئىتى نازۇك،
زىل، نېرۋىسىغا بىر نەرسە تېز تەسىر قىلىدىغان، ئاسان تېرىكىدىغان قىز ئىدى، ــ لې
كىن، بۇنداق قىلسىڭىز تولىمۇ نامەردلىك قىلغان بولىسىز، سىز بىر سەنئەتكار، بىلىملىك
ئادەمسىز، دادام بىلەن مېنى بىر ئورۇندا قويسىڭىز زور خاتاغا يول قويغان بولىسىز،
ئۇ رەھبەر، مەن ئاددىي خىزمەتچى، سىزنىڭ ساۋاقدىشىڭىز، دوستىڭىز، تۇغقىنىڭىز، يەنە
تېخى مەن سىزنى...
نىجات قىرغۇچنى تاشلاپ كەينىگە ئۆرۈلدى ـ دە، يۈزلىرى ئۆپكىدەك ئېسىلىپ كىرـ
پىكلىرىدە ياش ئەگىۋاتقان رەنانىڭ قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى:
ــ رەنا شۇنچە يىللار ئۆتۈپمۇ تېخىچە مېنىڭ مىجەزىمنى چۈشەنمەمسىز ـ ھە.
ــ نىجات! جېنىم نىجات! ــ رەنا ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالدى، كۆزلىرىدىن مونـ
چاق ـ مونچاق ياش تامچىلىرى دومىلاپ چۈشتى، مۇزدەك سوغۇق قوللىرى نىجاتنىڭ چوغدەك
قىزىق تىترەپ تۇرغان ئالقانلىرى ئارىسىدا مىجىلىپ بارا ـ بارا ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك
تۇيۇلاتتى، نىجاتنىڭ كۆزلىرىدە يالقۇنلاۋاتقان ئوتلۇق ھارارەت مىختەك قاتتىق تىكى
لىشلەر نەتىجىسىدە رەنانىڭ ۋۇجۇدىغا بېسىپ كىرىپ تېخىمۇ زور يالقۇن كۆتۈرمەكتە
ئىدى، بۇ ھاياتتا ئاسان قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان پەيت ئىدى، ھەر ئىككى قەلب
بۇ پەيتنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىدىن خەۋپسىرەيتتى، بىراق، ھەر ئىككى قەلب ئۆز ئىگىلىرى
گە ئالدىن بۇيرۇق بېرىشتىن ئاجىز ئىدى، جۈرئەت قىلالمايتتى. ۋاقىت سېكۇنت ـ مى
نۇتلاپ ئۆتمەكتە، ئاخىرى رەنانىڭ قەلبى بۇ خىل جىملىق ئىچىدىكى ئارامبەخش سۈـ
كۈتكە چىداپ تۇرالمىدى، ئىنتىزارلىق، تەشنالىق ئۇنىڭ قەلبىنى ئالدىن خىتاب قى
لىشقا مەجبۇر قىلدى. رەنا بېشىنى ئېگىپ نىجاتنىڭ دولىسىغا پېشانىسىنى تەگكۈزدى.
نىجاتنىڭ كۆز ئالدىدا باشقىچە، ئۆزىمۇ ھازىرغا قەدەر تەسەۋۋۇر قىلالمىغان بىر مەن
زىرە ئايان بولدى:
ــ جېنىم نىجات، مەن سىزنى چۈشىنىمەن، ھېچكىم سىزنى مەنچىلىك چۈشەنمەيـ
دۇ، ــ رەنا ئۆزىنى ئۇنتۇتقان ھالدا بوش پىچىرلايتتى، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئۆزى بىلەن نى
جات ئاران ئاڭلىيالايتتى، ــ مەن سىزنى چۈشىنىمەن، يۈرىكىڭىزنى ھەر كۈنى كۆرۈپ

www.uyghurkitap.com


تۇرغاندەكلا ... سىزچۇ؟ سىزمۇ مېنى چۈشىنىسىز، بىراق، بۇنى يوشۇرىسىز، ھەتتا مەن-
دىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرىسىز، رۇقىيەمدىن قورقىسىز، يا قويۇۋەتمىدىڭىز، يا ياخشى ئىناق
ئۆتمىدىڭىز، ماڭا ھېسداشلىق قىلىشنى، ئىچ ئاغرىتىشنى خالىمايسىز. بىلەمسىز نىجات،
مېنىڭ تۇرمۇشىمدا ھەممە نەرسە تەل، بىراق بىر نەرسە كەم، ئۇ سىزنىڭ مۇھەببىتى-
ڭىز، نىجات مەن سىزنى، مەن...

تاراق قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ رەنا چۆچۈپ قورقۇپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە نىجات-
تىن بىرقەدەم يىراقلاشتى، ھاڭغىرقاي ئېچىلغان ئىشىك بوسۇغىسىدا رۇقىيەم تۇراتتى،
قۇچىقىدا رىشات بار ئىدى. نىجات بۇتتەك قېتىپ تۇراتتى، رەنا ئار - نومۇس كۆچىدىن
ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي تىپىرلايتتى، دەھشەتلىك سۈكۈت رەسىمخانىنى گويا گۆردەك
تىنچ ھالغا كەلتۈرگەنىدى. تامدىكى رەسىملەرگە جان كىرىپ رەناغا غەزەپ ئۇقيالىرىنى
ئېتەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى، ئىشىكتىن كىرگەن سوغۇق ئېقىم ئۆي ئىچىنى مۇزلاتتى، بۇ مۇز
رەنانىڭمۇ، نىجاتنىڭمۇ يۈرىكىگە بېرىپ ئورناشماقتا ئىدى.

— كۆتۈلمىگەن ئويۇن - غۇ بۇ، — رۇقىيەم لاغىلداپ تىترىگىنىچە نىجاتقا يېقىنلاش-
تى، — مەن سىزنىڭ زۇلەيخا دېگەن شاپاقچى بىلەن بىللە تۇرغىنىڭىزنى كۆرەرمەن، مۇ-
بادا شۇنداق بولۇپ قالسا ئۇنى كېلىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، دەپ ئويلىغانىدىم،
ئەپسۇس، تۇغقىنىم رەنانىڭ...— رۇقىيەم رەناغا بۇرۇلدى، ئەلپازى ھەقىقەتەن يامان
ئىدى. رەنا قورقۇپ كەتكەنلىكتىن زۇۋان سۈرمىدى، — سەن رەنا مېنىڭ تۇغقىنىم تۇ-
رۇقلۇق ئېرىمگە ئېسىلىۋاپسەنغۇ؟ ساڭا باشقا ئەر تېپىلمىدىمۇ؟ بۇ يەردىكى ھەممە خو-
تۇنلارغا مېنىڭ ئېرىملا ياخشى كۆرۈنەمدىغاندۇ؟ دېگىنە رەنا، سەن مېنىڭ ئېشىمغا تو-
پا سالماقچىمۇ؟

— يا... ياق رۇ...قىيە... — رەنا ئىنتايىن ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى، —
مە...مەن رەسىم سىزدۇرغىلى...

— نىجاتنى قۇچاقلاپ تۇرۇپمۇ؟ قېنى رەسىم؟ — رۇقىيەم رەناغا دېۋەيلەپ كەل-
دى، — قېنى سىزدۇرغان رەسىم؟ نىجات رەسىم سىزسا سېنىڭ يۈزۈڭگە، كالپۇكىڭغا سى-
زامدۇ؟ ھۇ، نومۇسسىز! ھەسىنىكامغا دە، ئەرگە بەرسۇن سېنى، ئەمما نىجاتقا ئىشتەي
سالما، ئۇ سېنى ئالمايدۇ، مەن ئۇنىڭ نىكاھلىق خوتۇنى - دە، — رۇقىيەم تېخىمۇ غە-
زەپكە كەلدى، ئاۋازى رەسىمخانىنى كۆتۈرۈۋەتكۇدەك دەرىجىدە چىڭ چىقاتتى، نىجات
ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ سەل ئەنسىرەپ قالدى، — رەنا، شۇنداقمۇ دېدىم، نىجات سېنىڭ
رەسىمڭنى سىزىمەن دەپ سېنى ئالدايدۇ، ئاپپاراتنى كۆتۈرۈۋېلىپ، رەسىمىڭىزنى تارتىپ
قويىمەن، ئەتە يۇيۇپ چىقىرىپ بېرىمەن، كەچتە كېلىپ، چۈشتە كېلىپ، دەپ نۇرغۇن قىزلار-
نى، ئاياللارنى يولدىن چىقارغان، ئازدۇرغان، بۇ نومۇسسىزنى بىلەمسەن رەنا، بۇ نىجات
دېگەن شەرمەندە، رەسۋا پاھىشىۋاز ئەسلىدە قاماق جازاسىغا لايىق، لېكىن بۇنىڭغا قانۇن-
نىڭ كۈچى يەتمەيۋاتىدۇ!

نىجات ئۆزىگە قىلىنىۋاتقان تۆھمەت بىلەن ھاقارەتتىن يېرىلىپ كەتكۇدەك بولدى،
پۈتۈن بەدىنى غەزەپتىن ئوت بولۇپ ياندى، رۇقىيەدىگە يېقىنلاپ بېرىپ مۇشتىنى كۆتۈر-

دى، ىراق ئۇ يەنە توختاپ قالدى، رەنانىڭ ئالدىدا ئۆز خوتۇنىنى ئۇرۇشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى، كەينىگە ياندى.

— بوپتۇ، بۈگۈن چېچىڭنى يۇلمايمەن، — رۇقىيەم نىجاتنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن قىلچە ھېيىقماي سۆزلەيتتى، — تۇغقانچىلىقنىڭ يۈز - خاتىرىسى بولسۇن، چىقە، كۆزۈمدىن يوقال! نىجاتنىڭ قېشىغا ئىككىنچى يولىغۇچى بولما، بولمىسا...؛

رەنانىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلاتتى، ئىزا - ئاھانەت ئۇنى ھالسىزلاندۇرغانىدى، پۇتلىرى دىر - دىر تىترەيتتى، تىزلىرى پۈكۈلەتتى، ئۇ ھەربىر قەدەم باسقىنىدا سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشىدىغاندەكلا قىلاتتى، نىجات ئۇنىڭ قانداق مېڭىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماستىن ئاۋۋالقى جايىدا ئۆرە تۇراتتى، كۆڭلىدە ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى، ئۇ يا خوتۇنى ئۈچۈن، يا رەنا ئۈچۈن ئەركەكلىك غۇرۇرىنى نامايان قىلالمىدى، ھېچقايسىسىغا يان باسالمىدى. تەڭقىسلىق، خىجالەتچىلىك، نومۇس، خورلۇق ئۇنى شۇنچىلىك ئاجىز ئۇرۇنغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. ھاياتنىڭ بۇنداق رەھىمسىز زەربىسى يەنە قاچانغىچە توختىماي داۋام قىلىدىكىن، نىجات ئالدىدىكى نامەلۇم تەقدىرنىڭ يەنە قانداق ئويۇنلارنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتەلمەيتتى.

— نىجاتجان! — رۇقىيەمنىڭ ئاۋازى نىجاتنى ئېسىگە كەلتۈردى، بۇ ئاۋاز ئەمدى بايىقىدەك غەزەپلىك ئاھاڭدا چىقمىدى، — سىز مېنى بىھۇدە كۈنلەيدۇ، كىمنى كۆرسە تىللايدۇ، تۇكۈرىدۇ، جېدەل چىقىرىدۇ، دەپ، ئەسكى خوتۇن قاتارىغا چىقارغانىدىڭىز، ئۆزىڭىزنى پاك، سادىق - ۋاپادار ئەر، دەپ ئاقلايتتىڭىز، قېنى جاۋاب بېرىڭ، بۈگۈنكى پاكىت سىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەمدۇ؟ رەنانى سۆيۈۋاتىسىزغۇ؟ بولدى، چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، تۇتۇق بالىڭىزنى، خېتىمنى بېرىڭ!

رۇقىيە قورقۇپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ يىغلاشقا تەمشىلىۋاتقان رىشاتنى نىجاتنىڭ مەيدىسىگە چاپلاپ قويدى - دە، ئىشىكنى جاڭىلدىتىپ يېپىپ چىقىپ كەتتى. نىجات زەخمەلەنگەن يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان نىدالارنى، خىتابلارنى تىڭشاۋاتقاندەك بىر ھالغىچە جىمجىت ھالدا ئوغلىغا قاراپ تۇردى، ھەمراخانىم «قويۇۋەت بۇ ھازازۇلىنى!» دەپ خىتاب قىلاتتى، رەنامۇ: «قويۇۋېتىڭ، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دەپ يېلىنغان. نىجات ئوغلىنىڭ مەسۇم كۆزلىرىگە، غۇبارسىز چېھرىگە بىرنەچچىنى سۆيدى.

كېچە ئاسمىنىنى قويۇق تۇمان قاپلىغانىدى، يۇلتۇزلار كۆرۈنمەيتتى، ئىرغىرىن، سوغ شامال نىجاتنىڭ يۈزلىرىنى چىمدىپ ئۆتەتتى. كوچىدا ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيتتى، نىجات ئوغلىنى باغرىغا باسقىنىچە كونا بازارغا — ئۆيىگە كېتىۋاتاتتى. «مەن نېمە قىلىپ قويدۇم؟ — دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — رۇقىيەمنىڭ كۈنلەپ يۈرۈشى ئاخىرقى ھېسابتا راست بولۇپ چىقتىمۇ؟ رەنا نېمە ئۈچۈن دۇلامغا بېشىنى قويغان بولغىيدى؟ توغرا، ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ، مەندىن ئۈمىد كۈتىدۇ، مەن بىلەن توي قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ گۇناھىمۇ؟ زۇلەيخامۇ شۇنداق ئىدى، ماڭا ئاشىق ئىدى، ھازىرمۇ ئۇ ماڭا كۆيۈپ يۈرىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ گۇناھىمۇ؟ رۇقىيەممۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ، ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنىڭ ياخشى كۆرۈشى، مۇھەببىتى ماڭا تۇگىمەس كۆڭۈل ئاغرىقلىرىنى تېپىپ

www.uyghurkitap.com

بەردى، بەلكىم، ھەممە گۇناھ مەندىدۇ، مەن قانداق ئادەم بولغىيدىم، ئېمە ئۈچۈن ئايالارنىڭ قورشاۋىدا ياشايمەن؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن مېنى تەقىپ قىلىدۇ؟ ھاياتىمغا، تۇرمۇشۇمغا بۆسۈپ كىرىدۇ، قەلبىمگە ھۇجۇم قىلىدۇ، بەختلىك ئائىلەمنى ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ؟ مەندە ئۇلارنى قىزىقتۇرغۇدەك، مەپتۇن قىلغۇدەك قانداق خىسلەت بار؟ مەن بىر يېتىم ئوغۇل، بىزدە پۇلمۇ، بايلىقمۇ، ياخشىراق ئۆي-ماكانمۇ يوق، ياكى مېنىڭ شەخسىيىتىمدە بۇزۇقلۇق بارمۇ؟ مەندەك رەسساملاردا. ساپال قاچىلار بىلەن ھەپىلىشىدىغانلاردا پەقەت ھەققىي كەسپىي خادىملاردا بولىدىغان تىرىشچانلىق بىلەن جاپالىق ئىزدىنىش روھىدىن باشقا يەنە نېمە بار بولۇشى مۇمكىن؟ زۇلەيخانى، ياق، رەنانى ياخشى كۆرىمەن، بۇ ياخشى كۆرۈش — مۇھەببەت ئەمەس ئەلۋەتتە، مەن پەقەت روقىيەمنىلا ياخشى كۆرىمەن، ئۇنى قويۇۋەتكۈم يوق. كۈندەشلىك قىلىدىغان خۇيىنى ئۆزگەرتىسىلا ئۇ دۇنيادىكى ئايالار ئىچىدە ماڭا ھەممىدىن سۆيۈملۈك، گۈزەل، پەزىلەتلىك ئايال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، لېكىن ئۇ بۈگۈن بىر پاكىتقا ئىگە بولدى، شۇنى دەستەك قىلىۋېلىپ ھەممە يەردە غەۋغا كۆتۈرەرمۇ؟ ماڭا، رەناغا ئاھانەت كەلتۈرەرمۇ؟ ئاھ، تۇرمۇش، سەن نېمانچە رەھىمسىز، نېمە ئانچە ئاچچىق!...

نىجات ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىمۇ بىرەر قىزنى ياخشى كۆرۈپ باقمىغانىدى. قىز-ئوغۇل ساۋاقداشلىرى بىر-بىرىگە خەت يېزىشىپ، مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىپ باغدا، سىنىپ بىناسىنىڭ كەينىدە پىچىرلىشىپ، سۆيۈشۈپ يۈرگەندىمۇ نىجات بۇنداق ئىشلارنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. رەنا بىلەن يېقىن ئۆتەتتى-يۇ، بۇ يېقىنلىق ئۆگىنىشتىكى ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىدىن نېرىغا ئۆتمەيتتى. يېتىملىك ئىسكەنجىسى ئۇنىڭ قەلبىنى، ياشلىق ھەۋەسلىرىنى، مۇھەببىتىنى ھېچكىمگە تەئەللۇق قىلماستىن مەھكەم تىزگىنلەپ تۇراتتى، ھالىمغا بېقىپ ھال تارتاي، دەيتتى ئۇ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، مۇھىمى ياخشى ئوقۇپ بىرەر ئىشقا ئۇلىشاي، ئاندىن پېشانەمگە پۈتۈلگىنىنى كۆرەرمەن.

ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ-چىقىپ يۈرگەن قىزنى دەسلەپ كۆرگەندە مۇھەببەت زەخمىكى نىجاتنىڭ يۈرەك تارىنى تۇنجى قېتىم قاتتىق چېكىپ، ئاجايىپ مۇڭلۇق سادا چىقىرىشقا باشلىدى، قىز ۋىلايەتلىك تىببىي تېخنىكومنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە سېستىرا بولۇپ ئىشلەشكە باشلىدى ۋە ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ قوپتى. قىز ئىشقا ماڭغاندا، قايتقاندا نىجاتنىڭ ئوتلۇق نەزەرىگە دۇچ كېلەتتى، نىجاتنىڭ ئۇ قىزنى كۆرۈش قېتىم سانى كۆپەيگەنسېرى يۈرەك تارى تېخىمۇ قاتتىق جاراڭلاپ يېڭى-يېڭى، ئاجايىپ مۇڭلۇق كۈيلەر ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. قىز ھەقىقەتەن ناھايىتى گۈزەل ئىدى، ھەر قېتىم نىجاتنى كۆرگەندە ئوتلۇق نىگاھ تاشلاشلىرى ياشلىق مۇھەببىتىنىڭ تۇنجى ۋە پارلاق نۇرىنى نىجاتنىڭ قەلب ئالىمىگە سېپىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. نىجات ئۆزىنىڭ ئاجايىپ بىر ئىزگۈ، شادلىق ۋە شېرىن مۇھەببەت تورىغا ئىلىنىپ ئاشۇ تور ئىچىدە مەڭگۈلۈك تۇتقۇنغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى، بۇ توردىن قۇتۇلۇش، ئەركىنلىككە چىقىش ئەمەس بەلكى تېخىمۇ چوڭ بەختسىزلىككە، مەڭگۈلۈك ئازابقا گىرىپتار بولۇشتىن باشقا

نەرسە ئەمەس ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. نىجات ئۇ قىسقىغا بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. قانداق قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى. كۆزىدىكى ياشلىرى ئىختىيارسىز ئاقماقتا ئىدى. كىچىسى ئۇيقۇسى قاچتى. قىسقىسى ئۇ، ئاشۇلار ئۆز مەشۇقلىرىنىڭ ۋىسالىغا بارمايتتى، كېچىسى ئۇيقۇسى قاچاتتى. قىسقىسى ئۇ، ئاشىقلار ئۆز مەشۇقلىرىنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشىش يولىدا باشتىن كۆچۈرىدىغان ئىشق - ھىجران ئازابىنىڭ ھەممىسىنى تارتتى. ئىشق سەۋداسى ئۇنى ساراڭ قىلىۋېتەيلا دەپ قالغانىدى، دەل شۇ ۋاقىتتا يۇقىرىدىن ئاسار - ئەتىقىلەرنى قېزىش - ساقلاش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش يىغىنىغا ئادەم ئەۋەتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش كېلىپ قالدى. بۇ ھال - ناھىيىدە گىمۇ، مەدەنىيەت يۇرتىغىمۇ غەيرىي ئىشتەك تۇيۇلدى، بۇرۇن بۇ ساھەدىكى خىزمەتلەرنىمۇ قىلىش كېرەكلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، مەدەنىيەت يۇرتىدىمۇ بۇ ئىشقا مەخسۇس خادىم قويۇلىدىغانلىقى بىر يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلدى.

— ئۇكا، يىغىن ئالۋىڭى چۈشتى، سەن بېرىپ كەلگىن.

— ئاكا، مەن گۈزەل سەنئەت خادىمى، شۇ كەسىپنى قىلاي. گۇۋاھنامەمۇ ئالتە ئاي ئوقۇدۇم، ئەمدى ئۆگەنگەنلىرىمنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىدىغان پەيت كېلىۋاتسا... ئەگەر ئىمكان بولسا مېنى بۇنداق يىغىن، كۇرس دېگەنلەرگە ئەمەس، بېيجىڭلىك سەنئەت شۆيۈەنگە ئەۋەتسىلە.

— ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل، بېيجىڭغىمۇ بارىسەن تېخى، — دېگەنىدى ئابدۇكېرىم ئاكا، — لېكىن ماۋۇ يىغىنغىمۇ بېرىپ كەلگىن، بىرىنچىدىن يىغىن ئالۋىڭى تۆگەيدۇ، ئىككىنچىدىن شەھەر كۆرىسەن، ئۇنى - بۇنى ئاڭلايسەن، كۆزۈڭ ئېچىلىدۇ، نەزەر دائىرەڭ تېخىمۇ...

نىجات ئىلاجسىز ماقۇل بولدى، ئۇ تاكى يولغا چىققىچە قىزغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى. خەت يېزىپ كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشنى ئويلاپ يەنە يالتايدى، ياق دېگەن جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كۆرە ئاشۇنداق يوشۇرۇن كۆيۈش ئازابىنى تارتىش ئەۋزەلرەك ئىدى.

كۇچادا ئېچىلغىنى يىغىن بولماستىن 20 كۈنلۈك كۇرس ئىدى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مۇزېيىدىن كەلگەن تەتقىقاتچىلار، ئارخېئولوگلار دەرس ئۆتۈشكە باشلىدى، دەرس مەزمۇنى چوڭقۇرلاشقانسېرى نىجات بۇ ساھەنىڭمۇ خۇددى باشقا ساھەگە ئوخشاشلا مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندى، ئاخىرىدا كۇرسانتلار قىزىل مىڭ ئۆي، قۇمتۇرا مىڭ ئۆيىنى زىيارەت قىلدى.

نىجات بۇ قېتىمقى پائالىيەتتىن چوڭقۇر ئىلھام ئالدى ھەمدە قەلبىمۇ قاتتىق ئازابلاندى، ئەس - يادى ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ ئۆيىدە قالغان قىزدا ئىدى.

— ئۇكا، ئەسكى سېپىل، مازار - ماشايىخ دېگەنلەر ناھىيىمىزدە تولا گەپ، — دېگەنىدى ئابدۇكېرىم ئاكا نىجات قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ، — ئۇلارنى قېزىپ، كولاپ يۈرۈشمۇ بىر ھاماقەتلىك. تەشكىل دېيدى، باردىڭ، كۇرسقا قاتناشتىڭ، بولدى ھېساب، رەسىمىڭنى سىزىۋەر. مۇبادا چولاڭ تەگسە، ئۆزۈڭ قىزىقىپ قالساڭ بىلگىنىڭچە بىر نېمە قىل.

نىجاتتا بىر ئىشقا قىزىقسا شۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىپ بېقىشقا ھەرىكەت

قىلىدىغان مېجەز بار ئىدى. كۆرسىتا ئاڭلىغان، ئۆگەنگەن دەرسلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ھەممە مەسئۇلىيەتچانلىق روھ بىلەن ئاز-تولا ئىش قىلىش كېرەكلىكى نىجاتنى ئالدىرىتىپ تۇراتتى، ئۇ، ئاۋۋال، ئاپتونوم رايون بويىچە بىرىنچى تۇركۈمدە قوغدىلىدىغان ئۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى تىزىملىكىدىكى «ئاقباشخان شەھىرى» نىڭ ئەسلىدە «ئارسلانخان شەھىرى» ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى، ئاندىن سېپىل خارابىسىنى قېزىپ بىر بۆلۈك رەڭلىك ساپال قاچىلارنى تاپتى، تىزىملىدى، كارتوچكا تۇرغۇزدى، خاتىرە يازدى. ئۇنىڭ «‹ئارسلانخان شەھىرى› خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان رەڭلىك ساپال قاچىلارنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكى» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، كىشىلەر نىجاتنىڭ يېڭى باشلىغان ئىشىغا خۇددى بۇرۇن ئۇنىڭ رەسىملىرىگە قىزىققاندەك زور ھەۋەس بىلەن قىزىقتى. چوڭ ياشتىكىلەردىن بىرىنەچچىسى، ئۇكام، ئاشۇ سېپىل ئاستىدىن بىر دانە ئالتۇن قازان تېپىلغان، ئىچىدە لىق تىللا، ئالتۇن بار ئىكەنمىش، ئۇنى دادىڭىز رىشات ئەپەندى ئۆزى تاپقان، ئىزدەپ بېقىڭ، سۈرۈشتۈرۈڭ، ئاسار ئەتىقە بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس ... دېيىشتى. كۆرسىتا ئوقۇغان دەرسلەرنىڭ ۋە كۆچادىكى مىڭ ئۆي ۋە باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنىڭ تارىخىي كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىدىن تېپىلغان نەرسىلەر مەلۇم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئىدى، دادىسىنىڭ ئىسمىنىڭ كېلىپ قوشۇلۇشى نىجاتنىڭ بۇ ئىككىنچى كەسپكە بولغان مۇھەببىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئەمما ئۇ شۇنچە تىڭ-تىڭلاپمۇ ئالتۇن قازان توغرىسىدا ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئىگە بولالمىدى. ئەنە شۇنداق ئاۋارىچىلىق، تىت-تىتلىق، ئىزدىنىش، تىرىشىش جەريانىدا ئۇ ئاشىق بولۇپ قالغان قىزنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارمىدى، ھەربىر ئۇچراشقاندا كۆزلەر بىر-بىرىگە ئوقتەك قادىلاتتى، يۈرەكلەر ھەمىشە ئويغاق ئىدى. دائىم شىددەت بىلەن دۈپۈلدەيتتى. تۈنلەر تاڭغا، كۈندۈزلەر شامغا ئۇلىناتتى. نىجاتمۇ قىزنىڭ كۈندىن-كۈنگە ياۋاشلىشىپ، دورا يېگەن بېلىقتەك خاراموش يۈرگىنىنى سېزەتتى. توۋا، ئاجايىپ ئىش، نىجات قىزىققاق، تۇرغۇن، تاقەتسىز يىگىت ئىدى، لېكىن مۇھەببەت ئالدىدا، مەشۇقى ئالدىدا، ئوتلۇق نىگاھلارغا دۈچ كەلگەندە ياپراقتەك تىترەيتتى، ئىزتىراپقا چۈشەتتى، ئۆزىنى زەئىپ، مىسكىن، كۈچسىز ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭدىكى جۈرئەتسىزلىك نۇرغۇن ۋاقتىنىڭ-پۇرسەتنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ-چىقىۋاتقان ئەلچىلەرنىڭ سانى كۆپەيگەنسېرى نىجاتنىڭ قەلبى دوزاخ ئوتىدا ئۆرتىنىشكە باشلىدى، ئۇنىڭ دەردىنى، چېكىۋاتقان ھەسرەت-پىغانلىرىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم چۈشەنمەيتتى.

بىر كۈنى ئۇ زالدا ساپال قاچا، كۈپ، كوزىلارنى رەڭگى، شەكلى، سۈپىتى، دەرىجىسى بويىچە ئايرىم-ئايرىم سۈرەتكە ئېلىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز زالغا بىر قۇياش كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ نۇرى بىلەن زال ئىچى يورۇپ كەتتى.

— كېلىڭ، — دېدى نىجات بىر سېكۇنتلۇق ھودۇقۇشتىن كېيىن.

— مېنى سۈرەتكە تارتىپ قويسىڭىز.

— بولىدۇ، قېنى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى

— داۋالاش كېنىشكىسىگە چاپلىغىلى، بىر سۈكلۈق ...

نىجات ئالمان - ئالمان ئىشنى يىغىشتۇرۇپ ئاپپاراتنى قۇياش تەرەپكە ئۇدۇل قىلدى، قۇياش نېپىز ياغلىقنى ئېلىۋېتىپ قويۇق سۇمبۇل چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى.

— تۈز تۇرۇڭ، قورۇنماڭ، ھە، ئېڭىكىڭىزنى سەل كۆتۈرۈڭ، بولىدى، ماڭا قاراڭ، كۆزىڭىزنى ...

چاس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ نىجاتنىڭ ئاپپاراتى شۇنچىلىك زور، نۇرلۇق قۇياشنى بىر سۈكلۈق دائىرە ئىچىگە سىغدۇردى، قۇياش شۇ ھامان چىقىپ كەتمىسىدى، نىجاتمۇ ئۇنىڭ چىقىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى، چۈنكى بۇ تۇنجى قېتىملىق يېقىن ۋە يۈز تۇرانە ئۇچرىشىش شۇنداقلا ئەڭ بەختلىك، ئۇنتۇلماس مىنۇتلار ئىدى. ئۇ ئاپپاراتنى توغرىلىغاندا قۇياشنىڭ ئوتلۇق جامالىنى ناھايىتى يېقىندىن تولۇق كۆرۈۋېلىشقا سازاۋەر بولغان بولسىمۇ مانا ئەمدى ئۇنىڭغا قايتا تىكىلىپ قاراشقا پېتىنالمايتتى. قۇياش ئىنتايىن قىزىق، ھارارەتلىك ئىدى، يېقىن بېرىش تۈگۈل تىكىلىپ قارىسىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىدىغاندەك قىلاتتى.

— بۇ بىر نېمىلەرنى سۈرەتكە تارتىپ نېمە قىلىسىز؟

— ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقى مۇزېيىنىڭ تەكشۈرۈپ باھالاپ بېكىتىپ بېرىشىگە ئەۋەتىمەن.

— ئەھمىيىتى بارمۇ بۇنىڭ؟

— مىللىي مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئەھمىيىتى ناھايىتى زور.

— چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىپسىز، ئەقىللىق ئىكەنسىز، شىجائەتمۇ باركەن سىزدە.

— ماختىغىنىڭىزغا رەھمەت، لېكىن مەن ئۇنچىۋالا ...

— ۋىيىەي ... رەھمەت دېگىنىڭىز نېمىسى ...؟

قۇياش كۈلدى، كۈلكە ئىچىدىكى ئوتلۇق نىگاھىدا تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز بىر ئىنتىلىش، تەشنالىق، ئىلتىجا، ھۆرمەت تۇيغۇسى بار ئىدى، نىجات ھاياجان، تىترەك، ساراسىمە ئىچىدە يەرگە قاراپ تۇراتتى.

— رەسىم قاچان چىقىدۇ؟

— ئەتە كېلىڭ.

قۇياش غايىب بولدى، ئۇ قالدۇرغان ھارارەتلىك نۇر ھامان زال ئىچىنى يورۇتۇپ ئىسسىتىپ تۇراتتى. ئەتىسى نىجات ئىشخانىسىدىن نېرى بارمىدى، قۇياشنىڭ كېلىشىنى كۈتتى. ئىشتىن چۈشكەندىمۇ نىجات مىدىرلىماي ئولتۇردى. زۇلەيخا ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى سىرلىق تەلپۈنۈشنى سېزىپ قالغاندەك قىلاتتى، نىجات پەرۋا قىلماستىن شېرىن خىياللارغا چۆمۈلۈپ ئولتۇرۇۋەردى، زۇلەيخا نېمىگىدۇر قىيماسلىق بىلەن ئاستا مېڭىپ چىقىپ كەتتى. قاش قارايغان مەزگىلدە قۇياش ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى، شۇ ئارىلىقتىكى ھەربىر دەقىقە-مىنۇتلار ئاخىرى تۈگىمەس شېرىن، لەززەتلىك خىياللار قايىنىمىدا ئۆزۈش بىلەن ئۆتكەندى، قۇياش رەسىمنى قولىغا ئالدى.

— رەھمەت سىزگە، — قۇياش چىرايلىق، ئوچۇق تارتىلغان رەسىمنى كۆرۈپ مەمنۇن بولغانىدى.

www.uyghurkitap.com

ــ ئەرزىمەيدۇ، ــ نىجات شۇ تاپتا ناھايىتى كەمتەر، مۇلايىم ئىدى.

ــ ئەگەر مالال كەلمىسە ... ــ قۇياش ئاز سۈكۈتتىن كېيىن تارتىنىپراق ئېغىز ئاچتى، ــ يەنە بىر قېتىم كېلەي، سۆرىتىمنى تارتىپ سەككىز سۈگلۈق چىقىرىپ بەرسىڭىز.

ــ باش ئۈستىگە، ــ نىجات ئۇچۇن قۇياشنىڭ يەنە كەلمەكچى بولغانلىقى زور خۇشاللىق ئىدى، ــ كېلىڭ، قاچان كەلسىڭىز مەن تەييار ...

قۇياشنىڭ چېھرىدە شادلىق نۇرى ياندى. نىجات مەستخۇش ھالەتتە قۇياش نۇرىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتاتتى، ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى ئۇزۇن ۋاقىت قاراڭغۇ ئۆيگە بەنت بولغان مەھبۇسنىڭ ئەركىنلىككە چىقىپلا ئەڭ ئاۋۋال قۇياشقا قاقلىنىپ ئولتۇرغىنىغا ئوخشايدۇ، قۇياش ھەر كۈنى سەھەر چىقىپ، كەچتە پاتىدۇ، ئىنسانلار قۇياشنىڭ بۇ مەڭگۈلۈك مەشغۇلاتىغا ئادەتلىنىپ كەتكەچكە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قۇياشقا ئېتىبارسىز قارايدۇ، بىراق قۇياشقا تەشنا ئادەملەر ئۇچۇن ئۇنىڭ بىر زەررە نۇرى كۆكتە بىرنەچچە مىنۇت ئۇزاقراق تۇرۇشى ئىنتايىن زور ئامەت، بەخت. نىجات قۇياشنىڭ نېمىگىدۇر قىيمىغانىدەك كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئاستا - ئاستا چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى، ئەگەر نىجات گەپ قىلغان بولسا قۇياش يەنە بىر ئاز تۇرغان بولاتتى، ئەپسۇسكى، نىجاتنىڭ تىلى ئۆز رولىنى يوقاتقانىدى، شۇنىڭ بىلەن كۈتكەن پۇرسەت ئۆتۈپ كەتتى. شۇ مىنۇتتىن باشلاپ نىجاتنىڭ ئىشخانىسى، رەسىمخانىسى، زال، مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئىچى، ماڭىدىغان يولى، ئۆيى ئاشۇ قۇياش نۇرىدا ئىللىدى، ئۇنىڭ قەلبىدىكى خۇشاللىقنى كۈسەن دەرياسىنىڭ جۇشقۇنلۇق ئېقىملىرىدا دائىم كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان دولقۇنلارغا ئوخشىتىش مۇمكىن ئىدى، چۈنكى بۇ دولقۇنلارنىڭ ھەيۋەتلىك ئۆركەشلىرى بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ، بىر - بىرىگە مىنگىشىپ مەنزىلىسىرى داۋام قىلاتتى، نىجاتنىڭ خۇشاللىقمۇ كۈنسېرى يۇقىرى ئۆرلەپ پەلەككە يەتمەكتە ئىدى.

ــ نىجات ئۇكا، ــ دېدى بىر كۈنى كەچتە ئابدۇكېرىم ئاكا كىرىپ، ــ ئىشىڭنى يىغىشتۇرغىنا.

نىجات گەپنى ئاڭلىمىغاندەك ئالدىدىكى قول يازمىلاردىن كۆز ئۈزۈپ ئابدۇكېرىم ئاكىغا قارىدى.

ــ ماڭا گەپ قىلدىما، ئابدۇكېرىمكا؟

ــ قوپ دەيمەن، بىر ئىشقا بېرىلسەڭ قۇلىقىڭمۇ پاڭ بولۇپ قالىدىكەن، سەنلا بولساڭ ھەممىنى قىلىشقا ئۈلگۈرىسەن يۈر، مۇھىم گەپ بار.

ئۇ چاغلاردا ئابدۇكېرىم ئاكا مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئولتۇراتتى. نىجات كىرگەندە ھېلىقى قۇياش ئاشخانا ئۆيىنىڭ ئىشىكىدە ئالدىغا پەرتۇق تارتقان ھالدا پاللىدە كۆرۈندى - دە، غايىب بولدى، نىجات چەكسىز ئىزتىراپقا چۆمگەن ھالدا مېھمانخانىغا كىردى، تاماق شىرەسىگە تىزىلغان تۈرلۈك نازۇ - نېمەتلەرنىڭ مولىلىقىدىن نىجات بۈگۈن ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ خېلى كۆپ مېھمان چىللىغانلىقىغا گۇمان قىلمىدى. بىراق، ئابدۇكېرىم ئاكا ئۇنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ، چاي قۇيۇشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقاندىلا نىجات پەقەت ئۆزىنىڭلا مېھمان بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى، كۆڭلىدىكى ئەجەبلىنىش، ھەيرانلىق چىرايىدا ئىپادىلەندى.

— نېمە تارتىنىپ ئولتۇرىسەن، ھە، مەزدگە باق، بىلمەيسەن، يەڭگەڭ بەكمۇ مېھماندوست خوتۇن، بولۇپمۇ بۈگۈن ساڭا ئالاھىدە...

نىجاتنىڭ كۆڭلىدە شۈبھە - گۇمان، چېگىش خىياللار، تۇماندەك ئارىلىشىپ ئايلىنىشقا باشلىدى. چاي، ھالۋا، شورپا، پولۇ ئارقا - ئارقىدىن كەلتۈرۈلدى، لېكىن نىجات ئىشتىھاسى بوغۇلۇپ قالغان ئادەمدەك ھەممىدىن ئاز - ئاز يېدى. ئۇنىڭ كۆزى مېھمانخانا دېرىزىسىنىڭ ئالدىدىكى شىرە ئۈستىگە توختىتىلغان ئەينەكلىك رامكىغىلا تىكىلىپ تۇردى. قۇياشنىڭ سەككىز سۈڭگۈرۈق رەڭلىك سۈرىتى ئۆي ئىچىگە ئالاھىدە زىننەت بېغىشلاپ تۇراتتى، بۇ سۈرەتنى تارتىش، چوڭايتىپ يۇيۇش جەريانىمۇ ئاۋۋالقىدەك قىزغىن سۆكۈت، تارتىنىش، قىيالماسلىق، ئىللىق كۈلۈمسىرەش، غايىب بولۇشتىن ئىبارەت ئاجايىپ دەبدەبىلىك دەقىقىلەر ئىچىدە ئۆتۈپ كەتكەنىدى، قۇياشنىڭ كەڭ پېشانىسى، قاش - كۆزلىرى، گىرىمسىز يۈزى، لەۋلىرىدە تەبەسسۇمى گۈزەللىكىنىڭ سېھرىي قۇدرىتى نامايان ئىدى، نەگىدۇر بىر نۇقتىغا تىكىلگەن كۆزلەردە مۇھەببەت ئوتى لاۋۇلداپ تۇراتتى. گۈزەل، مەغرۇر ياشلىق، ئالتۇن دەۋرنىڭ باھارى مۇجەسسەملەنگەن بۇ سۈرەت نىجاتنىڭ فوتو سۈرەتچىلىكتىكى ماھارىتىنىمۇ نامايان قىلغانىدى.

— ئۇكا، كۆرۈۋاتقانسەن، خېلىدىن بۇيان ئىشىكىمىزدىن ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتىدۇ، ھەممىسى قېيىن سىڭلىنى دەپ ... توغرا، ئۇمۇ ياتلىق بولۇشى كېرەك - تە، ئەلۋەتتە، لېكىن بۇ قىز شۇنچە كۆپ لايىقلارنىڭ ھېچقايسىغا ئۇنىماي جاھىللىق قىلىپ... كېيىن ئاڭلىسام يەڭگەڭگە سېنىڭ گېپىڭنى چىقارغاندەك قىلىدۇ. بىلىشىمچە سەنمۇ بىرەرسىنىڭ پېشىنى تۇتمۇدۇڭ، شۇنىڭ بىلەن يەڭگەڭ مېنى قىستىغىلى تۇردى، ئەسلىدە ئوغۇل تەرەپ گەپ ئېچىشى لازىم ئىدى، ئۇ بالا خىيالىدا يوق يۈرىيدۇ، مەيلى، سىڭلىمنىڭ كۆڭلىنى دەپ بولسىمۇ بىز دەيلى، ھېچنېمە بولماس، بىر كۈن ۋاقىت تېپىپ ئۆيگە چاقىرسىلا، قولىغا دەپ باقسىلا، مۇبادا كۆڭلىدە بولمىسا، گەپ ئۆي ئىچىدىلا قالسۇن، دەيدۇ، مەنمۇ ئويلىنىپ قالدىم، راست ئەمەسمۇ، قىز بالا دېگەن - زە، قارا، ئويلانغىن، ئاندىن ھەمراخانىم بىر كېلىپ كەتسۇن، قانداق؟ نىكاھ غايىب دېگەن گەپ بار، پېشانىلەرگە پۈتۈلۈپ كەتكەن بولسا غاچچىدە توي قىلىۋېتىمىز.....

نىجات ئاشۇ خاسىيەتلىك كۈنلەرنى، بەختلىك مىنۇتلارنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. بىراق، ئۇنىڭ كۆڭۈل ئالىمىگە نۇر چاچقان، كېيىن ھالال جۈپتىگە، سۆيۈملۈك مەھبۇبىغا ئايلانغان بۇ قۇياش ئۆز باغرىدىن تۇغۇلغان يەنە بىر پارچە نۇرنى نىجاتنىڭ قۇچىقىدا قويۇپ يەنە غايىب بولدى. نىجات ئۇ نۇرنى قۇچاقلىغىنىچە كونا بازارغا كەلدى. كوچىدىكى بوتكىلار ئاللىقاچان تاقالغانىدى. لالما ئىتلار چەت - ياقىلاردا، تام تۈۋلىرىدە شىپىلداپ مېڭىپ يۈرەتتى. ئىزغىرىن شامال ھۇۋۇلدايتتى، توپا - توزان يۈزگە ئۇرۇلاتتى. «ئارسلانخان شەھىرى» نىڭ چوقچىيىپ تۇرغان ئاشۇ بىرلا سېپىلى قاپقارا گەۋدىسى بىلەن تۈن باغرىغا ۋەھىمە سېلىپ تۇراتتى.

— رىشاتنى ساڭا تاشلاپ كېتىپتۇ - دە، كەچتە كېلىپلا ماڭمۇ گەپ قىلماستىن بالىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەنىدى.

— رەسىم سىزىۋاتاتتىم، كىرىپلا ...
— جېدەل قىلمىغاندۇ؟
— قىلدى.
— نېمە دەپ؟
— يېنىمدا رەنا بار ئىدى، شۇنىڭ رەسىمىنى سىزىۋاتاتتىم.
— ھە، رەنا ... ! — ھەمراخانىمنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، دېمى سىقىلغاندەك بولدى، — بالا تېشىپتۇ ئوغلۇم. رەناغۇ ئەقىللىق قىز، شۇنداقتىمۇ ئېھتىيات قىلغىنىڭ تۈزۈك، رۇقىيەم تالا - تۈزدە جاۋىلداپ سۆزلەپ يۈرمىسۇن، دەيمىنا.
— گۆلگىمۇ چاڭ - توزان قونىدۇ، ئاپا، — نىجات ئوغلىنى سۇپىدىكى كۆرپىگە ياتقۇزۇۋېتىپ دېدى، — ئۇنىڭ مېنىڭ ئۇستۈمدە قىلمىغان گەپلىرى قالمىدى.

نىجات مەش ئالدىدا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكە باشلىدى، ھەمراخانىم كارىۋاتتا يانپاشلاپ ياتاتتى، ھەر ئىككىيلەن گەپلەشمەستىن خىياللىرىنى داۋام قىلدى، ئۆي ئىچىنى جىملىق قاپلىدى.

رىشات ئەپەندىنىڭ ئاتا مىراس قورۇسى بەش ئېغىز ئۆي بىلەن چاققانغىنا ھويلىدىن ئىبارەت بولۇپ، مېھمانخانا ئۆگزىسىدىكى مەنزەرىنىڭ بىر تېمى گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەچكە شۇ پېتى رېمونت قىلىنماي تۇراتتى، ھەمراخانىم بىر دەھلىزلىك مېھمانخانىسىدا، نىجات بىلەن رۇقىيەم ياندىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە تۇراتتى. ھويلىنىڭ بۇلۇڭىغا سېلىنغان سەل كىچىكرەك بىر ئېغىز ئۆي ھەم ئاشخانا، ھەم ئامبار ئورنىدا خىزمەت قىلاتتى. ھەممەيلەننىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ۋە باشقا خىراجىتىنى نىجات باشقۇراتتى، ھەمراخانىم نەۋرىسىنى باققاچ تاماق ئېتەتتى، ئۆينىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىنى قىلاتتى. رۇقىيەممۇ ئۆي ئىشلىرىغا ئوبدان قارىشاتتى، خىزمەتتىن بوشاپ كەلسىلا بىكار تۇرمايتتى، ھەمراخانىمنىڭ پۇتىغا - پۇت، قولىغا - قول بولاتتى. ئۇلار بەك ھالللىق بولمىسىمۇ ھەر ھالدا ئۈچەيلەننىڭ مائاشى بىلەن موھتاجلىق دەردىنى تارتماي توق ياشايتتى. رۇقىيەم توي قىلغان ئايدىن باشلاپلا مائاشىنى نىجاتقا تاپشۇرغانىدى، نىجاتمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى خالىغان نەرسىنى ئېلىپ بېرەتتى. رۇقىيەم ئادەتتە مۇلايىم، قانائەتچان، قولى گۈل، جاپادىن زارلانمايدىغان، ئوچۇق، شىجائەتلىك، ئەقىللىق كېلىن ئىدى، لېكىن كېتىپ - كېتىپ تۇيۇقسىز جېدەل قوزغىغاندا ئۇ گۈزەل، چىرايلىق، مۇلايىم، ئىشچانلىق پەزىلىتىنى يوقىتاتتى. بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ ئاغزى ئاپتوماتقا ئوخشايتتى، سۆزلىرى تاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان ئوققا ئوخشايتتى، غەزەپلەنگەن، تەلۋىلەشكەن قىياپىتى يىرتقۇچ ھايۋاننى ئەسلىتەتتى. ھەمراخانىم رەنجىپ ئۆزىنى بېسىۋالالمىغان چاغلاردا: «قويىۋۇەت بۇ ھازازۇلنى!» دېسىمۇ، كۆڭلىنىڭ قانداقتۇر بىر يېرىدە رۇقىيەمگە بولغان مېھرى - مۇھەببەت ۋىل - ۋىل يېنىپ چوغلىنىپ ئۇنىڭ ھېلى دېگەن ئاچچىق سۆزلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايتتى. رۇقىيەمدىن ئايرىلىپ قېلىش تولىمۇ ئېغىر تۇيۇلاتتى. بۇندىن كېيىن كىرگەن كېلىنلەر ئۆي ئىشلىرىنى رۇقىيەمدەك قىلامدۇ؟ جاپا - مۇشەققەتكە چىدامدۇ؟ مائاشىنى بىر سىنت ئېپقالماي تاپشۇرامدۇ؟ نۇرغۇن ئائىلىلەردە قېيىن ئانا بىلەن كېلىن

كېلىشەلمەي قالىدىغان ئىشلارنىڭ ئاساسىي مەنبەسى ــ ئۆي ئىشى ۋە پۇل. رىشاتچۇ؟ ھەممىدىن مۇھىمى رىشاتنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا ئويلىنىش كېرەك. ھەمراخانىمنىڭ ياشلىق چاغلىرى رۇقىيەمنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇمۇ رىشات ئەپەندىنى باشقا قىز-ئاياللاردىن كۈنلەيتتى، بولۇپمۇ كونا بازار باشلانغۇچ مەكتىپىدە رىشات ئەپەندى بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان خانىملاردىن كۈنلەيتتى. ھېلىمۇ ئېسىدە، رىشات ئەپەندى بىلەن توي قىلىپ مۇشۇ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئاز ئۆتمەي ئۇ ئېرىنىڭ يانچۇقىدىن بىرنەچچە پارچە خەت تېپىۋالغانىدى، خەتلەرنىڭ بىر پارچىسى كونا بازاردىكى بىر جۇۋاننىڭ، يەنە ئىككى پارچىسى تېخى توي قىلمىغان بىر قىز ــ خانىمنىڭ ئىكەنلىكى ئېنىقلانغاندا ھەمراخانىم بىر كېچە ئۇخلىماي جېدەل قىلغانىدى، جېدەل چوڭايغانسېرى كۈندەشلىك ئوتىمۇ ئۇلغىياتتى. ئۇزمەي خەت يېزىۋاتقانلار ھەمراخانىمنىڭ نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقانلىقى، قانچىلىك ئازاب چېكىۋاتقانلىقى بىلەن كارى يوق، ھە دەپ رىشات ئەپەندىگە تۇخۇم، سامسا توشۇيتتى، مېغىز يىغىپ تىزىق تىزاتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەمراخانىم كونا بازارنى بېشىغا كىيىپ جاۋىلداپ رىشات ئەپەندىنى كىشىلەرگە يامانلاپ تىللاپ بەرگەن، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كەتكەن. رىشات ئەپەندى بىردىن كىيىملىك رەخت ئاپىرىپ، ئۇ دېمەك، بۇ دېمەك بىلەن يەنە قايتۇرۇپ كەلگەن. تۇرمۇشتىكى بۇ خىل ئارازلىق، جېدەل، كۆڭۈل ئاغرىقى دائىم تەكرارلىنىپ تاكى نىجات ئۈچ ياشقا كىرگەندە ئاندىن توختىغانىدى.

كارىۋاتتا يانپاشلاپ ياتقان ھەمراخانىم مەش ئالدىدا يېنىك پۇشۇلداپ ئولتۇرغان ئوغلىغا سىنچىلاپ قاردى. رىشات ئەپەندى قىزلار تەلمۈرۈپ قارىغۇدەك، جۇۋانلار كۆرۈپلا ئاشىق بولغۇدەك قاۋۇل، كېلىشكەن، شوخ يىگىت ئىدى. ھەمراخانىم ئويلىنىپ قالدى، ئەنە نىجاتنىڭ يۈزىنىڭ كۆپتىمۇ دادىسىغا ئوخشايدۇ، خۇددى تېرىسىنى قاپلاپ قويغاندەك. ياش باللار ئۈچۈپ، چۆشۈشنى بىلمەيدۇ، رۇقىيەممۇ بەلكى ماڭا ئوخشاش ئەنسىرەيدىغاندۇ. توغرا، رۇقىيەم ھەقلىق، رۇقىيەم ھەم ئوت، ھەم سۇ، ھەم شېكەر، ھەم زەھەر، قولىدىن ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ كېلىدۇ. مىس - مىس، سىيىپ سۈيدۈكىنى قۇرۇتالمايدىغانلاردىن ئەمەس. ئۆز ئىشىغا پۇختا، ئۆي ئىشىغا چاققان، ئۇنىڭ كۈندەشلىك قىلىدىغان خۇيىدىن باشقا يەنە نەرى يامان. خوتۇنۇڭ بارمۇ دېسە بار دېگۈچىلىكى بار، ئىتمۇ يالقىنى قورۇيدۇ، رۇقىيەم كۈنلىسە نېمە بوپتۇ؟

ھەمراخانىمنىڭ يۈرىكىدە بىردىنلا ئېچىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى ۋە ياستۇقتىن ئاستا بېشىنى كۆتۈردى:

ــ نىجات.

ــ ھە، ــ نىجات ئاپىسىغا بۇرۇلدى.

ــ بۇنچە قايغۇرما ئوغلۇم، رۇقىيەمنى ئەپكېلىپ قويىمەن، ئاستا - ئاستا ياخشى بولۇپ قالىسىلەر، نېمىلا دېگەنبىلەن رۇقىيەممۇ رىشاتنى كۆزدە تۇتار.

ــ ئاپا، مەن باشقا ئىشنى ئويلاۋاتىمەن.

نىجات نۇرغۇن قېتىم ئاپىسىدىن سوراپ بىلەلمىگەن، باشقىلاردىن ئاڭلىغان بولسىمۇ ئېنىق پاكىتقا ئىگە بولالمىغان، ئەمما كېچە - كۈندۈز پىكىر - خىيالىنى ئەسىر قىلىپ

www.uyghurkitap.com

كېلىۋاتقان بىر مەسىلىنى بۈگۈن قايتا ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ئاپىسىنىڭ جاۋابىنى ئالماقچى بولۇۋاتاتتى.

— ئاپا، ئالتۇن قازاننىڭ ھازىر كىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بىلىلا، شۇنداقمۇ؟

ئۆي ئىچىنى ئېغىر سۈكۈت باستى، ھەمراخانىم يەنە ياستۇققا كەۋدىسىنى قويىدى، غۇۋا يورۇقلۇق ئىچىدە ئۇنىڭ قوڭۇر كۆزلىرىدە قانداق ھېسسىياتلارنىڭ ئەكس ئېتىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. نىجات ئۆز سوئالىغا جاۋاب ئالمىسا ئەمدى يەنە تاقەت قىلىپ تۇرۇۋېرىشنى تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايتتى. چۈنكى، ئۇ بۇ ئىشقا ئىرادە باغلىغاندى.

— ئاپا، شۇ مەسىلىنى ئېنىقلىۋالسام ئىشىمدا يەنىمۇ چوڭ ئىلگىرىلەش بولاتتى، چۈنكى، مەن ئالتۇن قازاننىڭ چوقۇم ئادەتتىكى قازانلاردىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى ياكى دۆلەتكە مەنسۇپ بايلىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. ئۇنىڭ بىرەر شەخسنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىگە يول قويۇش چوڭ جىنايەت. شۇڭا ...

ھەمراخانىمدىن جاۋاب چىقمىدى، نىجات بېشىنى ئېگىپ يەنە سۈكۈتكە چۆمدى. مەش ئۈستىدىكى چەينەكنىڭ كىژىلدىغان ئاۋازى جىملىقنى بۇزۇپ تۇراتتى.

— رەسساملىق كەسپىگىنى قىلىۋەرسەڭ ئوبدان بولاتتى، بۇ ھەقتە تالاي قېتىم نەسىھەت قىلدىم. ئاڭلىمىدىڭ، — ھەمراخانىم سۆزلەۋېتىپ كارىۋاتتىن چۈشۈپ. مەش ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى، — بوپتۇ، دېدىم. سەن دەستلەپ «ئاقباشخان شەھىرى» خارابىسىنى قېزىپ تەكشۈرۈپ يۈرگەن چېغىڭدىلا ئالتۇن قازاننىڭ گېپىنى چىقارغانىدىڭ، بىلمەيمەن دېدىم. ئىككى ـ ئۈچ يىل ئۆتتى، ساپال قاچا، تۆمۈر پىچاق، مىس داچەنلەر بىلەن ھەپىلىشكەنسېرى ئاشۇ ئالتۇن قازان كۈندۈزى خىيالىڭدا، كېچىسى چۈشۈڭدە كۆرۈنۈپلا تۇردى. سوراۋەردىڭ، جاۋاب بەرمىدىم. رەسساملىقىڭنى قىلىۋەرسەڭ تىنىچ كۆكەرسەڭ بولاتتى. داداڭمۇ ساڭا ئوخشاش ئالدىراپ ھەق ـ ناھەق ئۈستىدە سۆزلەپ قويۇپ تارتمىغان خاپىلىقلىرى قالمىغان. ئاخىرى بىئەجەل ئۆلۈپ كەتتى. شۇڭا ئالتۇن قازاننىڭ گېپىنى قىلساڭلا قۇيقا چېچىم تىك تۇرىدۇ. سېنىڭ ئاسار ئەتىقە، مەدەنىيەت يادىكارلىقى، تەتقىقات ... دېگەندەك خىزمەتلىرىڭ ئاشۇ ساپال قاچا، كوزا، كۈپ، رەخت پارچىلىرى، مىس داچەن بىلەن چەكلەنگىنى تۈزۈك، بىلىشىمچە، سەن يەنە سېپىل تېگىدىن خەت پۈتۈلگەن ياغاچ پارچىلىرىنى، جەسەت دېگەندەك نەرسىلەرنى تاپتىڭ، بولدى، شۇ يېتەرلىك، ئۇنىڭ نېرىسىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئالتۇن قازاننىڭ دەۋاسىنى قىلساڭ بىزگە خۇۋلۇق يوق ئوغلۇم، — ھەمراخانىم ھاياجانلاندى، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە غەزەپلىك ھېسسىيات ئارىلاشقانىدى، — بۇ دۇنيادا مېنىڭ تايانچىم بارمۇ؟ سېنىڭ يۆلەنچۈكۈڭ بارمۇ؟ يوق، مەن تۇل خوتۇن، سەن يېتىم ئوغۇل، يېتىمغا يۆتەلنىڭ نېمە ئىشى، توكۇرغا ئۇسسۇلنىڭ، دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان، ياخشىسى سەن سىڭگەن نېنىڭنى يە، رەسىمىڭنى سىز، ئالتۇن قازان دېگەن گەپنى ئاغزىڭدىن چىقارساڭلا خەق بىزنى دوزاخقا ئىتتىرىدۇ، ھەقنىڭ ھەقدادىغا يەتكىنىنى كىم كۆرۈپتۇ...

— ئاپا، مەن بىر ئىشنى باشلىغان ئىكەنمەن، ئاخىرىغا چىقارماي قويمايمەن، بۇ يولدا قانچىلىك رىيازەت چەكسەم مەيلى ...

— داداڭ رىشات ئەپەندىمۇ ھەمىشە شۇنداق دەيتتى، ئاخىرى ...
— ئاپا، ھازىر ئۇ چاغلارغا ئوخشىمايدۇ، ھەربىر ساھەنىڭ ئۆز ئالدىغا بەلگىلىمە، نىزامنامىلىرى بار، مېنىڭ ئىشىمنى ئىدارە، ناھىيە رەھبەرلىكى قوللايدۇ، كۆڭۈل بۆلىدۇ، ھېچكىم بىزنى دوزاخقا ئىتتىرەلمەيدۇ.
— مەسىلەن، — دېدى ھەمراخانىم نىجاتنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — سېنى كىم قوللايدىكەن؟
— ئابدۇكېرىم ئاكا، ھەسەن مامۇت مۇئاۋىن ھاكىم.
— ھەي نادان ... ھەي نادانەي ... — ھەمراخانىم ئاچچىق كۈلدى.
— ئاپا! — نىجات يېلىنىش نەزەرىدە تىكىلدى.
— ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتمايدۇ، ئوغلۇم.
— ئاپا، مەن چوقۇم ...
— سەن كۆڭلۈڭدە ئابدۇكېرىماخۇن مېنىڭ باجام، ھەسەن مامۇت مېنىڭ تۇغقىنىم، ماڭا يۆلەنچۈك، دەپ ئىشىنىۋاتامسەن؟
— مەن قىلىۋاتقان ئىشىمۇ شۇلارنىڭ خىزمەت دائىرىسىدە ئەمەسمۇ؟
— چۈچۈرىنى خام سانىما، دەل شۇلار سېنىڭ سېپىلنى كولاۋېرىشىڭنى، بۇ شەھەرنىڭ ئۆتمۈشى، تارىخى توغرىسىدا بىر نېمە يېزىشىڭنى، بولۇپمۇ ئالتۇن قازاننى تىلغا ئېلىشىڭنى ھەرگىز خالىمايدۇ.
— ئاپا! جېنىم ئاپا ... — نىجاتنىڭ ئاۋازى يىغلامسىرىغاندەك چىقتى.
— ئابدۇكېرىماخۇننىڭ ئۆزى ئېغىز ئېچىپ خوتۇنىنىڭ سىڭلىسىنى ساڭا سايە قىلىشىدا ھەسەن مامۇت كۆرسەتكەن ئەقىل باردەك قىلىدۇ. سېنىڭ كۆڭلۈڭنى دەپ مەن بۇ تويغا قوشۇلغان، كېيىنمۇ رۇقىيەم ئوبدان كېلىن چىقتى، ئۇلارنىڭ نىيىتى سېنى ئىزلىرىدىكە كۆيئوغۇل، تۇغقان قىلىۋېلىش ئارقىلىق پۇت - قولۇڭنى چۈشەپ، ئالتۇن قازان توغرىسىدا لام - جىم دېيەلمەيدىغان قىلىش بولسا كېرەك. خۇداغا شۈكرىكى، ھازىر رۇقىيەمدىن قوچقاردەك بىر ئوغۇل كۆردۈڭ، مەن، رەنا ماڭا كېلىن بولغان بولسا دەپمۇ ئويلاپ قالاتتىم، ئۇ ئويۇم تامامەن خاتاكەن، نېمە بولسا بولسۇن رۇقىيەمنى ...
— ئالتۇن قازان شۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنمۇ؟ ئاپا، جېنىم ئاپا، مېنىڭ ئىشىمنى دەپ بولسىمۇ ھەق گەپنى دېسىلە، سىلىدىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا خوش بولاي، مەيلى، ئۇلار مېنى قولىغا ئالدۇرۇۋەتسىمۇ، ئاتتۇرۇۋەتسىمۇ ...
— بەس! — ھەمراخانىم ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئاۋازى ناھايىتى كەسكىن، ھەم قاتتىق ئىدى، — چىقىپ ئۇخلا.

ھەمراخانىم نىجاتنىڭ ھەر كۈنى كېچىدە خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە شىرە ئالدىدا ئولتۇرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە مەشكە ئوت يېقىپ قوياتتى. بۈگۈن يېقىپ قويغان ئوت ئاللىقاچان ئۆچكەنىدى، نىجات ئۆزى ئورۇن راسلاپ ياتتى. سوغۇق ئۆي، مۇزدەك يوتقان ئۇنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرۈپ ئۇيقۇسىنى قاچۇردى. دېمىسىمۇ بۈگۈن ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەيتتى، بىر هازاغىچە تىزلىرىنى يىغىپ - تۈگۈلۈپ ياتتى، ئىسسىمىدى، تىترىدى. ... كۆزى ئىلىنگەن چاغدا بولسا خوراز چىللىدى. نىجات قوپماي يېتىۋەردى ۋە ئاستا-ئاستا

www.uyghurkitap.com

ئۇيقۇغا كەتتى. تاڭ ئاتتى، سائەت 8 گە 15 مىنۇت قالدى، ھەمراخانىم كىردى:

— قوپ، ئىشقا بار!

— بارمايمەن.

— نېمىشقا؟

— ئىشلىمەيمەن.

— سەن دۆلەتنىڭ خىزمەتچىسى، تۈزۈمگە، مەشغۇلىيەتكە رىئايە قىلىشىڭ كېرەك - قۇ؟

— خىزمەت قىلمايمەن.

— نېمە ئىش قىلىسەن؟

—كونا بازاردىكى قىمارۋازلارغا قوشۇلۇپ ئوشۇق ئاتىمەن، بەڭگىلەرگە ئارىلىشىپ نەشە چېكىمەن.

ھەمراخانىم «ھىم!» دەپ قويۇپلا چىقىپ كەتتى، نىجات يېتىۋەردى، ئېغىندى، ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلدى، ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتكەندى، يېتىپ خىيال سۈردى، خىياللىرى ئۇزاققا سوزۇلدى. چۈشكە يېقىن ھەمراخانىم يەنە كىردى.

— داداڭ رەھمەتلىك، يولۋاس ئىزىدىن يانماس، يىگىت سۆزىدىن، دېگەن سۆزنى پات - پات تەكرارلايتتى، — ھەمراخانىمنىڭ قورۇق باسقان يۈزلىرىدە غەلىتە بىر ئىپادە، غەزەپلىك ئىستىھزا، قايغۇ ئارىلاش خاۋاتىرلىنىش پەيدا بولدى، قارايغان نېپىز كالپۇكلىرى تىترەيتتى، —سەنمۇ بىر گەپنى دېسەڭ... تازىمۇ جاھىل - دە، سەن، تۆرە ئورنىڭدىن.

نىجات ئۈمىدلەندى، كىيىملىرىنى كىيىپ سىرتنى بىر ئايلىنىپ كىردى. ھەمراخانىم مەش ئۈستىدىن قازاننى چۈشۈرۈۋاتاتتى، پىتىقلاپ قايناۋاتقان شويلىنىڭ مەززىلىك ھىدى ئۆي ئىچىنى بىر ئالدى، نىجات ئوغلىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ بىر چىنە شويلىنى يەپ بولدى.

— چۈشتىن كېيىن ئىشقا بارارسەن؟ — دېدى ھەمراخانىم قازان - قاچىلارنى يۇيۇۋېتىپ، — يېرىم كۈن بولسىمۇ ئىشلە.

— خىزمەتتىن چېكىنسەم بولغۇدەك، ئاپا... مەن...

ھەمراخانىم ئولتۇرغان ئورنىدا سىغىنىقىپ قالدى، كۆزلىرىگە تولغان ياشنى كەمزۇلىنىڭ يېڭىگە سۈرتتى. نىجات ئوغلىغا قاراپ ئولتۇرۇۋەردى. بىر ھازادىن كېيىن ھەمراخانىم ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىنى سۈرتتى:

— ماڭ، تاشقارقى ئىشكنى تاقاپ قوي.

نىجات قۇشتەك يەڭگىل ھەرىكەت بىلەن ئورنىدىن تۇردى، ئۇچقاندەك چىقىپ ئاپىسىنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈردى. ئۇ كىرگەندە ھەمراخانىمنىڭ قولىدا مۇقاۋىسى ئۆڭگەن، كونا بىر خاتىرە تۇراتتى. نىجات گويا چۆلدە قالغان ئاچ، ئۇسسۇز سەييياھ تاسادىپىي ئۇچرىغان ئۈزۈملۈكتەك ياكى سۇغا ئېتىلغاندەك ئېتىلىپ بېرىپ خاتىرىگە ئېسىلدى...

— قولۇڭنى تارت!



نىجات ئەيمىنىپ جىم بولدى، ھەمرا-
خانىم ئولتۇرۇپ ئالدىرىماي خاتىرىسىنى
بىر بەت - بىر بەتتىن ۋاراقلاشقا باشلىدى.
— رەنجىمە، خاتىرىدە داداڭ ئىككى-
مىزنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىمىزغا ئائىت گەپ-
سۆزلەرمۇ بار، شۇڭا ساڭا كېرەكلىك يېرىنى
ئۆزۈم ئوقۇپ بېرىمەن.
نىجات قىزىرىپ كەتتى، تەنتەكلىك
قىلغىنىدىن خىجالەت بولۇپ يەرگە قارد-
ۋالدى. ھەمراخانىم خاتىرىنى ۋاراقلاشتىن
توختىدى.
«سىپىلنى كولاۋاتسام كەتمەن بىر نەر-
سىگە قاتتىق تەگدى، شۇ ھامان يەنە كول-
دىم. ئاندىن قولۇم بىلەن ئاۋايلاپ ئاچتىم، ئالدىم، ئالتۇن قازان ئىكەن. كولاش
جەريانىدا يۇڭ ئارىلاشتۇرۇلغان سېغىز لايدا ئېتىۋېتىلگەن ئاغزى بۇزۇلۇپ كەتكەنلىك-
تىن ئىچىدىكى تىللالار چېچىلىپ كەتتى، تېرىپ يەنە قازانغا سالدىم، چامامدا، ئالتۇن
قازانغا ئالتە - يەتتە چىنە سۇ پاتىدۇ، شۇنىڭدىن قارىغاندا ئىچىدىكى تىللالار، زىخچە ئالتۇن-
لار 10—12 كىلوگرام ئەتراپىدا كەلسە كېرەك. بېشىمدا قاراپ تۇرغان مىنىڭ لىيەن-
جاڭ ئالتۇن قازاننى قولۇمدىن ئالدى. قازاننىڭ بىر يېنىدىكى قۇلىقى ئاستىدا تامغىدەك
بىر بەلگە بار، بەلگە ئىچىدە مەن ئوقۇيالمايدىغان يېزىق باركەن، ئېھتىمال ھازىر بۇ
يېزىقنى بىلىدىغانلار بولمىسا كېرەك.
1967 - يىل 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى.»

ھەمراخانىم نىجاتنىڭ ھەيرانلىق ئىلكىدە ئوقۇتەك تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىگە
ئۆكۈنۈش تۇيغۇسىدا قاراپ قويغاندىن كېيىن خاتىرىنى يەنە ۋاراقلاپ توختىدى.
«بىزنى ئىشلىتىۋاتقان مىنىڭ لىيەنجاڭ، ئالتۇن قازاننى گوڭشې شۇجىسىغا
تاپشۇرۇپ بەردىم، شۇجى ئامبارچىغا بەردى، دېدى. بىزگە شۇنداق دەپ قويىدىمۇ
ياكى ئۆزى تىقىۋالدىمۇ، بۇ بىر سىر.
1967 - يىل 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى.»

— نىجات، — دېدى ھەمراخانىم قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا خاتىرىسىنى ۋاراقلاۋې-
تىپ، — ئۆزۈڭنىمۇ، مېنىمۇ ئوتقا سالىدىغان بولدۇڭ.
— ئۆزۈمدىن بۇيان ئوتنىڭ ئېشىدا كۆيۈدۇم، ئەمدى ئىچىدە كۆيسەم نېمە
بوپتۇ، ئاپا.
— ھەي ... نادان، ئاڭلا!

«مىنىبىڭ لېيەنجاڭ، شۇجى ئالتۇن قازاننى ناھىيىلىك بانكىغا تاپشۇرۇپ بەردى، دېدى، تاپشۇرغان بولسا بانكا بۇ ھەقتە شۇجىنى تەقدىرلەپ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقارغان، رادىئو كانىيى ئارقىلىق ئاممىغا تەشۋىق قىلىنغان بولاتتى، بەلكىم بۇ گەپ يالغان بولۇشى مۇمكىن. قانۇن يوق بۇ زاماندا شۇنچە كۆپ مال - دۇنيا دۆلەتنىڭ خەزىنىسىگە كىرمەي، ئاشۇ ئاچكۆزلەرنىڭ ساندۇقلىرىغا كىرىپ كېتەرمۇ؟

1967 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى.»

— خاتىرىدە پەقەت مۇشۇ گەپلا بار، داداڭ رىشات ئەپەندى شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى يەنى خاتىرە يېزىپ قويۇپ تۆت كۈندىن كېيىن سېپىل بېسىۋېلىپ قازا تاپقان، بولدىمۇ ئەمدى، — ھەمراخانىم سۆزلەۋېتىپ خاتىرىنى ياپتى، — كۆڭلۈڭ تىنغاندۇ، قوزام.

— رەھمەت ئاپا، — نىجات ئاپىسىنىڭ ئاق ئارىلىغان چاچلىرىغا لەۋلىرىنى تەگكۈزدى، — سىلىنى رەنجىتتىم، مالال قىلدىم، ئەپۇ قىلسىلا، مۇئاۋىن ھاكىم ھەسەن مامۇتنىڭ شۇ چاغلاردا كونا بازار گۇڭشېسىنىڭ شۇجىسى، ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ بولسا گۇڭشېنىڭ ئامبارچىسى ئىكەنلىكىنى بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدىم، ئەمدى ھەممە ئىش ئايان بولۇۋاتىدۇ.

— ئوتنى تۇتساڭ قولۇڭ كۆيىدۇ!

باھار قۇياشى نۇر تۆكمەكتە، تەبىئەت كۈلمەكتە، ھايات كۈلمەكتە. نىجات ھاياتىدا رۇقىيەم بىلەن توي قىلغان كۈنى تۈنجى قېتىم قاتتىق خۇشال بولغانىدى، بۈگۈن بولسا باھارغا جور بولۇپ يېڭىدىن باشلانغان ھاياتنىڭ ئىلھامى ۋە زوقىدىن يەنە قاتتىق خۇشال بولۇۋاتاتتى. ئۇ بۇرۇنقى ھاياتنىڭ ناھايىتى ئاددىي، تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق بىر ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى، ھەقىقىي قايىنام - تاشقىنلىق ھاياتقا ئەمدىلەتىن قەدەم تاشلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىنىدا خۇشاللىقىدىن تېرىسىگە سىغماي قالدى. ئۇ ئالتۇن قازان توغرىسىدىكى سىرنىڭ دەسلەپكى يىپ ئۇچىغا ئىگە بولغانلىقىنى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىش، تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش خىزمىتىنىڭ يەنە بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى دەپ قارىدى. بۇ نۇقتىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى ئالتۇن قازان ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئالتۇنلارنى ئىگىلىۋالغانلارغا بېرىپ تۇتىشاتتى. گەرچە ئۇ بۇ سىرنى ئېچىشتا كۈچلۈك، قۇۋ - مەككار ئادەملەرنىڭ خىرىسلىرىغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىدە ئۇلار ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان بىر قۇدرەتلىك كۈچنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى سېزەتتى، ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ گۇڭشې ئامبارچىلىقىدىن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا يۆتكىلىپ كېلىشى، كېيىن باشلىق بولۇشى ھەسەن مامۇتنىڭ ئىلتىپاتى ئەمەسمۇ؟ ئابدۇكېرىم ئاكىمۇ ناھىيە بازىرى يېنىدىن يەر سېتىۋېلىپ ئۆي سېلىۋالدى. نىجات بۇ مېھرىبان تۇغقىنىنىڭ، باجىسىنىڭ دەسلەپكى تۇرمۇش ھالىتىنى بەش قولدەك بىلەتتى. نىجات ئويغا چۆمدى، ئۇلار ئالتۇن قازان بىلەن

تىللالارنى راستىن بانكىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسىچۇ؟ ئۇ چاغدا ئۆزۈم مات بولۇپ قالمامدىمەن، ئالدىراپ خۇشال بولۇش ئەخمەقلىق، ئاۋۋال ئاستىرىتتىن تەكشۈرۈپ بېقىش زۆرۈر.

ــ ئەجەب خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتىپسىز؟

نىجات رەنانى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ ئىشىك ئېچىلغانلىقىنىمۇ، ئاياغ تىۋىشىنىمۇ ئاڭلىماي قالغانلىقىغا ھەيران بولدى.

ــ يازماقچى بولغان ماقالەم ئۈستىدە ئويلىنىۋاتىمەن.

ــ سىز تاش سانىغىچە باشقىلار قۇم سانايدىكەن، ــ رەنا قولىدىكى ماتېرىيالنى نىجاتنىڭ ئالدىغا قويدى، ــ قاراڭ، تەرجىمىسىنى سېلىشتۇرۇپ بەرسۇن، دەپتىكەن، كۆرۈپ ھەيران قالدىم، سىز يازماقچى بولغان ماقالىنىڭ ئەكسىچە... ئاۋۋال كۆرۈپ بېقىڭ.

نىجات قىزىقىش ئىچىدە ماتېرىيالنى ئاچتى. بۇ ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش گۇرۇپپىسى نامىدا تۈزۈلگەن «ئاقباشخان تەزكىرىسى» ئىدى، نىجات بىر ھازا دىققەت بىلەن ۋاراقلاپ كۆردى، ھەممىنى تولۇق ئوقۇمايلا رەنانىڭ قولىغا بەردى ـ دە، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. «تەزكىرە» دىكى رىۋايەت ـ ئەپسانە تۈسىنى ئالغان نۇرغۇن ۋەقەلەرنى نىجات بۇرۇنمۇ كۆپ قېتىم ئاڭلىغانىدى، سەمەي قارىم ھەربىر نامازدا جامائەتنى ئاقباشخان ئەۋلىيانىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىشقا چاقىراتتى، نامازدىن كېيىن ئاشۇ ئەۋلىيانىڭ دىن يولىدا ئېلىپ بارغان غازاتلىرى، ساۋابلىق ئىشلىرى ھەققىدە ۋەز ئېيتاتتى. سەمەي قارىم ئەمدى شۇ قاراشلىرى ئاساسىدا بۇ «تەزكىرە» نى ئۆز قولى بىلەن يېزىپ چىققانىدى.

ــ بۇ سەۋەنلىكنى نوقۇل ھالدا سىياسىي كېڭەشكە ئارتىپ قويۇشقا بولمايدۇ، چۈنكى ھەرقايسى قاتلام زاتلارنىڭ پىكرىگە قۇلاق سېلىش، ئېتىبار بېرىش، تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلىش، سىياسىي كېڭەش ۋە بىرلىك سەپ سىياسەتلىرىدىكى توپ پرىنسىپ. بىراق، سەمەي قارىم مۇشۇ ئىمكانىيەتتىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلانغان، ھەندىمۇ سەۋەنلىك بار، ئىزدىنىشىم، بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلىشىم ئاستا بولدى.

ــ ئويقۇڭىزنى ئېچىڭ، يازغانلىرىڭىزنى كۆچۈرۈش، تەرجىمە قىلىش ئىشلىرىدا مەن قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن.

ــ نەچچە يىللاردىن بېرى ھېلىمۇ كۆپ ئىشلىرىمغا ياردەم بەردىڭىز، بېيجىڭ، ئۈرۈمچىدىكى ساۋاقداشلىرىڭىز ئارقىلىق «خەننامە»، «سۈينامە»، «تارىخىي خاتىرىلەر» قاتارلىق كىتابلارنى ئەكەلدۈرۈپ بەردىڭىز، يەنە تېخى ئۆزىڭىز تەرجىمە قىلىپ چۈشەندۈردىڭىز. سىزنىڭ ياردىمىڭىز بولمىغاندا مەن ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايتتىم.

ــ مۇھىمى ئۆزىڭىزنىڭ ئىزدىنىش روھىڭىز، شىجائىتىڭىز ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ، سىز مېنىڭ ياردىمىمسىزمۇ ھەر مىللەت تارىخشۇناسلىرىنىڭ، ئېتنوگراف، ئارخېئولوگلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ ئوقۇدىڭىز، ئۆگەندىڭىز، خاتىرە يازدىڭىز.

ــ ئۆگەنمەي بولامدۇ، ــ نىجات مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلدى، ــ تارىخنىڭ چىنلىقىنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تۇنجى نۆۋەتلىك «تارىم ژۇرنىلى» غا بېرىلگەن ئەسەرلەر

| | | |
|---|---|---|
| قۇم باسقان دېڭىز | (پوۋېست) | توختى ئايۇپ |
| تەقدىرنى كىشىلەر يارىتىدۇ | (″ ″) | قاھار جېلىل |
| سەھرالىقلار | (″ ″) | ئالىمجان ئىسمائىل |
| بۇ، چۇش ئەمەس | (ھېكايە) | مەمتىمىن ھوشۇر |
| قىزىق ئىشلار | (″ ″) | ئەخەت تۇردى |
| تۆت قۇلاق | (″ ″) | مەھەممەت باغراش |
| كۈلەيمۇ، يا يىغلايمۇ | (″ ″) | ئەبەيدۇللا ئىبراھىم |
| مەن — كېرەمباي | (ئوچېرك) | قەييۇم تۇردى |
| تۈگىمەس تۇساقلار | (ئەدەبىي ئاخبارات) | زۇنۇن تاھىر<br>ئەركىن قادىر |
| سەھرا نەزمىلىرى | (شېئىر) | تۇرسۇنئاي ھۈسيىن |
| ئانا | (″ ″) | ئابا بەكرى تۈيغۇن |
| دالادا قار، قەلبىمدە باھار | (″ ″) | ئۆمەر مەمتىمىن |
| سۆيگۈ ئۆلمەيدۇ | (″ ″) | ئوسمانجان ساۋۇت |
| ئايىگۈلنىڭ ھېكايىسى | (″ ″) | روزى سايىت |

قوغداش ئۈچۈن ھامان بىر كۈنى كەسكىن مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

— بەك ھاياجانلىنىپ كەتتىڭىزغۇ دەيمەن، — رەنا بۈگۈن رەسىم سىزدۇرىدىغان چاغدا كىيىدىغان كىيىملىرى بىلەن كەلگەنىدى، شۇڭا ئۇ نىجاتنى ئاگاھلاندۇردى، — مۇنازىرىڭىزنى ۋاقتى كەلگەندە قىلىڭ، بۈگۈن رەسىمىمنى سىزىسىز، بىراق بۇ يەردە ئەمەس، رۇقىيەم ماراپ كېلىپ يەنە چاتاق سالمىسۇن دەيمىنا، قانداق؟

رەنا «تەزكىرە» نى ئېلىپ چىقىپ كەتتى، نىجاتنىڭ كەيپى تۇساتتىن ئۆزگەردى، ئۇ ماقالىسىنى يېزىپ پۈتتۈرۈش ئۈچۈن يەنە كۆپلەپ كىتاب - ماتېرىيال كۆرۈشى، كۆرگەن، ئوقۇغان ۋە يازغان خاتىرىلىرىدىكى مەزمۇنلارنى، پاكىتلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، ئىنشەنچلىكلىرىنى تاللىۋېلىشى، يەنە ئىزدىنىشى لازىم ئىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئالاقە قىلىپ كېلىۋاتقان تارىخشۇناسلارغا، كۇرستا دەرس ئۆتكەن مۇتەخەسسىسلەرگە دەررۇ خەت يېزىشى، جاۋاب ئېلىشى كېرەك، پۈتكەن ماقالىلىرىنىڭ سەل ياخشىراقلىرىنى گېزىت - ژۇرناللارغا ئەۋەتىش ئۈچۈن ئاققا كۆچۈرۈشى لازىم ئىدى، نىجات جىددىيلىشىپ ئولتۇرغاندا رەنا كىردى.

— يۈرۈڭ، بىزنىڭ ئۆيگە...

— كىشىلەر نېمە دەپ قالار؟ — نىجات قىزاردى، — سىز كېتىۋېرىڭ، مەن كېيىنرەك باراي.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان

# ئىسمى ئۇلۇغ كەتكەن قىز



ئابلىكىم خېۋىر

(باللادا)

تاڭ قالدۇرغان مېنى ئاتىلار
ئاندا - ساندا قىلغان رىۋايەت.
ئىچى دەريا، ئېچىلسا ئاغزى،
تۈگىمەيدۇ ئېقىپ ھېكايەت...
ئەلمىساقتىن ئاددىي ئانىلار
كۆرسىتەرمىش بەزىدە ھېكمەت.
شۇ ھېكمەتتىن ئەلگە يېتەرمىش،
تاغ - تاغ ھىممەت، بىر ئالەم رىغبەت.
ئوغۇل دەپلا تۇغۇپ قويارمىش
گۈلدۈرماما ياكى چاقماقنى؛
قىز دەپ تۇغار، قارىساڭ بىر ئاي،
گۈزەل، نۇرلۇق مىسلى ئوماقنى.
ھەممە ئانا ئارزۇ قىلاركەن
باتۇر ئوغۇل، ئاي قىز تۇغماقنى.
بەس قويۇشار تۇغۇلسا بوۋاق،
خۇي، پەيلىدىن نېمە بولماقنى.
سادىر شۇنداق، مۇتەللىپ شۇنداق،
ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىمۇ ھەم.
ئاددىي ئانىلاردىن تۇغۇلغان ئوغۇل
رىۋايەتكە تامام كۆمۈلگەن.
ئامانىسا، نۇزۇگۇم دېسەك،
ئەل قەلبىدە بىر دۇنيا ھۆرمەت.
ئون ئالتە ياش ئىدى رىزۋانگۈل
كۆرسەتكەندە جەڭلەردە شەپقەت.

ئىنسانىيەت ئورمانلىقىدا
كۆكرەك كەردۇق ئاشۇلار بىلەن.
بىر قەدىمىي چىنارلىق ئورمان
سۆيۈشىدۇ يۇلتۇزلار بىلەن.
يىللار ئۆتەر، ھەرييل ئېپ كېتەر
شۇ ئورماندىن تالاي يوپۇرماق.
بىراق، چىنار باراقسان، كۆركەم،
ھەر ياپراقتا بىردىن تېپىشماق.

* *

سىگلىم رىزۋان ئۆزۈڭ تۇغرىلىق
تېپىپ ئالدىم بىر خاتىرىنى.
قەلبىم دېدى: رەتلەپ قويغۇلۇق
ئۇلۇغ يىللار يادىكارىنى.
خاتىرىنىڭ مۇئەللىپى كىم؟
ماگىمۇ سىر تېپىچە بۇ ئىش.
ئاشىقانە قۇرلار بەك يارقىن،
ئۇنتۇلغانمۇ ئىسمىنى يېزىش؟!
ئېنىقكى، ئۇ بىر جەڭچى يىگىت
ئېنىقكى، ئۇ ئاۋارە بىر چال.
ئېنىقكى، ئۇ ئاشىق بىقارار،
ئېنىقكى، ئۇ غايىب بىر خىيال.
ئىسىم يېزىش ئارتۇق بىلىنىپ،

تارتىمغاندۇ نازۇك ئىختىيار.
پاراخوتنى لەيلەتكەن دېڭىز،
يىڭنىلەرگە بىكارغۇ، بىكار.
تەپسىلاتلار گۆش ۋە ئۇستىخان،
ھەر قۇردىن يېنىپ تۇرار ئوت.
ھەر قۇردا ئاشىق نەپەسى،
ھەر بېيتتىن چىقار ئاھ ۋە دۇت.
ئىنسانلارغا ئورتاق مۇھەببەت
ئۇنى ئۆرتەپ، پۇچۇلاپ ئۆتكەن.
ۋىلىلدە بىر چاقنىغان سۆيگۈ
قىز قەلبىنى قۇچالماي كەتكەن.
شۇ خاتىرە بەتلىرىنى مەن
كىتابخانىغا ئاتاپ كۆچۈردۇم،
بەزى بەتلەر ئالدىغا ئۆتتى،
بەزىسىنى ئارقىغا سۈردۇم.

### 1-بەت، مېنىڭ ھايات دەپتىرىم

كۆپ ئىشنى ئۆتكۈزدۇم، كۆپ چۈشنى
كۆردۈم
ھاياجان سايەمگە ئايلانغان پېتى.
ھايات دەپتىرىنى يېزىپ پۈتكۈزدۈم،
ئاخىرقى ئاي-كۈننىڭ قالدى چېكىتى.
كۆلگىنىم ھامان ياش تۆككىنىمدىن جىق،
مەيلىكىم تۇتۇلسۇن، ئېچىلسۇن ساما،
ئۆتكەننى ئەسلىسەم كەتمەسمەن ئۆكسۈپ،
ئەرتەمدىن خۇشالمەن، تەھقىق بىتەما.
يۈرىكىم قاتماقتا، مەن ئاڭا ئىقرار،
كۆلمەنسەمەن دېڭىزغا ئوت كەتكەندىمۇ.
يېرىلسا يەر، يىغلاپ يۈرمەيمەن بىكارە
لاۋىلار تاغلارنى سۇ ئەتكەندىمۇ.
قېرىنلىق، ئاجىزلىق تەنگە ھۆكۈمران،
ئەزرائىل چاقىرار، ئىمزا قويغىن، دەپ
قەلەمگە سىياھنى ئىچكۈزۈپ قويدۇم،
ئەزرائىل دەپتەرنى يېپىپ تۇرغىن، دەپ

بىراق يوروق دۇنيا نەقەدەر ياخشى،
تاتلىق ئەسلىمىلەر قانداق لەززەت-ھە؟!
مۇشۇ خاتىرىگە پۈتتۈم بەرنى،
ئەۋلادلار كۆرسە ھەم قەدرىگە يەتسە؟!

### 2-بەت، ئايدا بىر كېچە

بىلمەيمەن، نېمىشقا ئايدا بىر كېچە،
ياپراقتەك تىترەيدۇ تاڭغىچە تېنىم.
ياشلىقتا قايتىمەن تېتىكلەپ شۇنچە،
جۇش ئۇرۇپ ئۇخچۇيدۇ يۈرەكتە قېنىم.
ھەرئايدا بىر كېچە ئۆتىمەن ئويغاق،
ھەر ئايدا بىر كېلەر ماڭا شۇ ئاخشام،
شۇ كېچە ئاي تولۇپ كۆلەر بىر ئوماق،
سوۋۇغان يۈرەكتىن گۈركىرەر ناخشام.
ئاسمانغا قارايمەن كىرپىك قاقماستىن،
سەيلىدە تولۇن ئاي دىلبەر-جانجان.
ماڭا قول سىلكىتەر ئابرال ئۇ قاتتىن،
تولۇن ئاي بىر قىزغا ئايلىنار شۇ ئان.
ئاي شۇنداق، ئايدا بىر تولۇن بولىدۇ،
شۇ تولۇش ئايدا بىر قىلىدۇ دەۋر،
ئۇ قىزچۇ؟
بىر قېتىم گۈل بوپ تۇغۇلۇپ،
تولۇن ئاي بولغانغۇ ئۆز ئۆمرىدە بىر.
قېنى ئۇ؟ دەيمەن-دە، تىترەيدۇ قولۇم،
قوشاقچى ھازىدار ئۆزۈم شۇ كېچە،
قوم كەبى چېچىلار ئۇچقۇر خىيالىم،
سەۋدايىم تۇتىدۇ تا تاڭ ئاتقىچە.

### 3-بەت، تولۇن ئاينى سېزىمەن

سۆتتەك ئايدىڭ كېچە بولارە
يول يۈرۈمەن ھارمايمەن.
كىرپىكىمگە ئاي ئۇلىنار،
مەن قارايمەن، تويمايمەن،

تولۇن ئاينى كۆرسەم - كۆرسەم،
چىققۇم كېلەر ئاسمانغا.
شەيدا كۆڭلۈم كۈلسە يايراپ،
ھەي، سىغمىسام جاھانغا!
ناگان - ناگان ياپسا بۇلۇت
تولۇن ئاينىڭ ھۆسنىنى؛
مەن ئادايمەن گويا بىر ئوت،
كۆيدۈرىدۇ كۆڭلىنى.
ھەسەت بىلەن ئۆيگە يېنىپ،
پەلكۈچۈمنى ئالىمەن.
تولۇن ئاينى سىزىپ - سىزىپ،
رەڭ بېرەلمەي قالىمەن.
گويا سۆيگۈ بەيگىسىدە
ئارغىماقنى مىنىمەن.
ساقىپ - ساقىپ قالىمەن.
تولۇن ئاينىڭ نۇرلىرىنى
تاغاق - سۆزگە ئېتىمەن.
چېگىنشلەنكەن پىكىرلەرنى
يۇيۇپ - تاراپ كېتىمەن.

**4 - بەت، ئىككى ئاي**

ئاسمانغا قارايمەن، يەرگە قارايمەن،
ئىككى ئاي ئالدىمدا پەرق ئېتەلمەي.
ناخۇن تەگكەن سىمدەك تىترەپ قالىمەن،
قايناق ئەسلىمىنى بېسىپ كېتەلمەي.
ئىينەككە ئايلىنىپ قالدىمۇ، دەيمەن،
ئۆيۈمنىڭ تاپىنى ماندا چۆرىسى،
غايىبى خىيالغا ھازىر پۈتمەيمەن،
ئىينەك پول ياساشقا كىمنىڭ چولىسى؟
ئاخىرى كۆرۈمەن بىرلا پەرقنى،
بىر ئاينىڭ ئانىسى بىپايان ئاسمان،
يەنە بىرى كېزەر كۆڭلۈم نەھرىنى،
ئانىسى بىر ئۇيغۇر — ئىلىلىق چوكان،
ئاندىن تۇغۇلغان ئاي - ھاي تولۇن ئاي،

ئاتاڭنى سورايمەن: قۇياشمىكىن تاڭ؟
ئاينى خىرە قىلدى سەندىكى چىراي،
كۆزۈڭگە قونغاندۇ جۈپ قۇياش قاچان؟!
ئىككى تال ئۆرۈلگەن يىپەك چاچتا سۇرە
قونىدۇزدەك قارا - يۇ، تۈن كەبى ھەيۋەت
ئۈستىدە بەرق ئۇرار ھالقا - ھالقا نۇر،
چىللىق ياتىدۇ چەمبەر مىڭ قەۋەت.
لېۋىڭنى لالىگە ئوخشاتقۇم كېلەر،
لالىلەر سارغىيار ئۇنىڭ ئالدىدا.
ئاغزىڭنى ھەر ئاچساڭ گۈللەر تۆكۈلەر
پارلار گۈلباغلار زىنناق، خالىڭدا.
قىزىللىق ۋە ئاقلىق ئىچىدە قۇياش
زەررىگە ئايلىنىپ ياتار مىڭ قاتار.
قىز بولۇپ تۇغۇلغان، ئەي ئايغا تەڭداش
قۇياش ئانىلارلا سەن ئاينى تۇغار.

**13 - بەت، ئانا دەريا بويىدا**

ئاقار تىنماي ئىلى دەرياسى
يەر ئاستىدىن كېلەر شاۋقۇنى
ئۇنىڭ ئېغىر شارقىرىشىدىن
ئاڭلىنىدۇ «قادىر مەۋلانى»
ئانا ئېلىپ ئۇماق قىزىنى،
تاڭ سەھەردە ماڭدى دەرياغا،
ئۆز ئەركىگە قويماس باغرىنى،
دەسسىمە، دەپ، گۈل ۋە گىياھقا
شۇ يىللاردا ھەممە ياز كۈنى،
ھەر سەھەردە شۇ مېڭىش تەكرار
ئانا دەريا بويلاقلىرىدا
جىگىرىنىڭ چېچىنى تارار،
مومىسىدىن ئاڭلىغان ئانا
بۇ دەريانىڭ سۈيى تۇغرىلىق
ئۇلۇغلارنىڭ دەم سۈيى ئىمىش
چاچنى دائىم ئۇندا يۇغۇلۇق،
تاڭ سەھەردە كىم بىرىپ بالدۇر

www.uyghurkitap.com

چاچلىرىنى تاراپ ئۆلگۈرسە؛
ئەجەپ ئەمەس مەڭگۈلۈك بەخت
ئاشۇ قىزنى قۇچۇپ كۆلدۈرسە.
ئانا دەريا - ئانىلار كۆڭلى،
دولقۇنلايدۇ تاتلىق تىلەكتىن.
ئۆز قىزىنى بەخت بېغىدا
كۆرسەك دەيدۇ گۈلدىن، چېچەكتىن...
كۈنلەر ئۇچقۇر، ئايلار قاناتلىق،
ئۆتتى مانا ئونبەش ياز ۋە قىش.
سايە تاشلار ئانا قەلبىگە
تاتلىق ئىستەك، غايىب بىر تەشۋىش...
ئادىتىچە، ئانا تاڭ بىلەن
ئومىقىنىڭ چېچىن تارىدى.
بولدى بىر كىم قارا، دېگەندەك،
بۇلاق تامان ئانا قارىدى.
سۇ ئىچىدە تۇرغان قىز ئەمەس،
بىر تولۇن ئاي بۇلاقتا يانغان،
ئانا، شۇدەم يۈرىكىڭ ئېغىپ،
سىقىرىغان، جىمغ قىلىپ قالغان.
مۇشۇ ئاينى ئۆزى تۇغدىمۇ؟
ياق، بېشىنى چايقىدى ئانا،
كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئالدى چىڭ.
پېتىنىمىدى قاراشقا يانا.
ئات سۇغىرىش ئۈچۈن ئاتىمۇ
شۇ مىنۇتتا كەلدى ئۆلگۈرۈپ.
ئۇمۇ سۇغا بىرلا قارىدى؛
قىزى تامان كەلدى سۈرۈلۈپ.
نېمە كۆردۈڭ؟
چەكچەيدى كۆزۈڭ،
كۆتۈرۈلدى قويۇق قاشلىرىڭ.
كۆردۈڭ سەنمۇ بۇلاقتىن بىر ئاي،
شۇنىڭدىنمۇ باش چايقاشلىرىڭ؟!
ئۆز قىزىڭدىن تا بۈگەمگىچە
كەتمىگەنتىڭ مۇنچە سۆيۈنۈپ.
«تۇمار ئاسقىن قىزىڭغا!» دېدىڭ،
ئىچ - ئىچىڭدىن كۆيۈپ - كۆيۈنۈپ.
ئاتقا مىندىڭ، ئىگەرسىز ئاتقا،
ئاتنى ئۇرۇپ قايرىلدىڭ، كەتتىڭ،
شۇ كېتىشتە دەريا بويىنى
ئۇن - تىنۋىشسىز جىم ماكان ئەتتىڭ.
«تۇمار ئاسقىن قىزىڭغا!» دېسەڭ،
چاقماق چۈشتى ئانا بېشىغا،
ئېسىلغۇسى كەلدى ساڭا بىر
كۆزلىرىنى زورلاپ يېشىغا.
ياش ئانىنىڭ ئەركە كۆڭلىنى
دېڭىزلاردەك داۋالغۇش باستى.
شادلىق بىلەن غەم دولقۇنلىرى
يۈرىكىگە سىغمىدى، تاشتى.
غۇرۇر قوندى ئانا كۆڭلىگە،
ئۈچ - چېكى يوق ئەندىشىلەر ھەم.
تاغاق چۈشتى قولىدىن يەرگە،
قاتتى ئانا تاش بولۇپ بۇدەم...

**14 - بەت، يېنىك بىر جاڭجال**

تۇغۇلغاندا يۈرەك پارىسى،
ئۆيدە بولغان يېنىك بىر جاڭجال،
شېكەر بىلەن ئېغىزلايمەن، دەپ،
تۇرۇپ ئالدى ئانىسى دەرھال.
يانچۇقىدىن چىقاردى ئاتا
ئىككى - ئۈچ تال خوتەن ياڭىقى.
غۇرۇس - غۇرۇس سۇندى ياڭاقلار،
قىسقىنىدا ئاتا بارمىقى.
شېكەر بىلەن ئېغىزلانسا گەر،
بالا تىلى تاتلىق چىقارمىش.
بىراق مەمەدان بولۇپ قالغۇدەك،
ياڭاقتىن تىل ۋەزمىن تاپارمىش.
قانداق ئىسىم چىرايلىق، دېدى
ئاتا خۇشال سۈرگۈنچە خىيال.
ئانا ئاۋۋال دېگىنى ياخشى،

قىز ئاندىن كۆردى ئىقبال.
ئاتا دېدى: رىزۋانگۈل بولسۇن،
ئاتا دېدى: ئۇلۇغ كېتىدۇ؛
ئىسمى ئۇلۇغ كەتكەن بالىنى
تەقدىر هامان بوزەك ئېتىدۇ.
ئانا دېدى: هۆر قىز ئىسمىنى
بىر دانەمگە قويالامدىمەن؟
ئاتا دېدى: سەن لايىق كۆرسەڭ
مەن ئالدىڭنى توسالامدىمەن؟
ئاتا سەل ـ پەل خۇشيا قىمغاندەك
بوۋىقنى ئالدى قولىغا
رىزۋانگۈل دەپ ئەزان قىچقىرىپ
بېغىشلىدى خۇدا يولىغا.
ئانا كۈلۈپ كەتتى پىخىلداپ،
يوتقىنىنى چۈمكەپ بېشىغا.
ئاتا، ئەرغۇ تاغدىشىمۇ ئېغىر،
رەنجىش ئاسان تەپمەس تېشىغا...
پات ـ پات ئەسلەر شۇ ئىشنى ئانا،
ئەرنىڭ يوللۇق چىقمىسا، ـــ هە، دەپ
ئۆزىنى سەل كايىپمۇ قويار،
ئالەم ئىشى بولغاچ مۇرەككەپ.
يامان كۆزدىن ساقلىغىن خۇدا،
شۇ ئانىنىڭ جان ـ جىگىرىنى.
ئوغرى ئاتنى ئېلىپ نە قىلغاي؟
زەر دېمىسە ئات ئىگەرىنى.

### 7 ـ بەت، فرونت چەللايدۇ

يەر تەكتىدىن ئەسرلەپ ياتقان،
ماگمىلارنىڭ پۈتتى سەۋرىسى.
لاۋا بولۇپ ئاقتى ئۇلىلىق،
فرونتتا نەۋرە ـ چەۋرىسى.
ئاتا ماڭدى فرونتقا مانا،
قوللىرىدا ئارا ـ چاپچىسى.
خۇش، دەپ قالدى ئۆيدە ئىككى جان،
يۈرىكىنىڭ ئىككى پارىسى.
بايا ئۆيدە بولدى دە ـ تالاش،
شۇ ۋەجىدىن قىزنىڭ كۆزى ياش.
ئاتا كايىپ كەتتى قىزىنى،
كايىشتا بار سۆيگۈ ۋە ئاياش:
«جەڭگە بېرىش ئەرلەرنىڭ ئىشى»
بۇ ئاتىنىڭ يەكۈنى بولدى.
ئاتا دېگەن ئاتىغۇ ئاخىر،
قىزنىڭ يولى شۇنداق ئۈزۈلدى.
يالۋۇرۇشلار پاختىدەك يۇمشاق،
كېسەلمىدى پولات يەكۈنىنى،
گۈلزارلىقنىڭ قىرى قانداقمۇ،
بەنت ئېتىدۇ غالىب كەلكۈنىنى؟!

### 8 ـ بەت، ئانا كۆڭلى

گۈش مانتۇغا قېنى ئىشتىها،
چاچ نىخدەك ئۇگرە ئاشقا هەم.
ئانا كۆڭلى سۆگەندەكى دان،
تاش ئاستىغا چۈشكىلى نېكەم؟
كېچىلىرى تولغىنىدۇ قىز،
يۇلقۇنىدۇ چوكقۇر ئاھ ئۇرۇپ،
ئىككى كۈندىن ئانا پايپېتەك،
قىز بېشىدا چىقتى تىك تۇرۇپ.
«نېمىشقا قىز بولۇپ يارالدىم،
ئوغۇل بولۇپ قالسامچۇ، ئانا؟!»
ئاشۇ سوئال ئانا كۆڭلىنى،
قوقاس ئارا پۇچۇلار يانا.

### 10 ـ بەت، گۈگۈمدىكى جەڭ

دۈشمەن گارنىزونى ئۇر ـ ئۇرغا قالىدى،
چاپچا، ئارا، چوماق ياسىدى چەمبەر.
تالاي ئەزىمەتلەر قىڭغايدى جەڭدە،
قۇرشاۋ قات ـ قات، قۇرشاۋ چىقتى مۇنەۋۋەر

دۈشمەن پىلىمىوتى ئەجەل چاچىدۇ،
دۈشمەن بېشىغىمۇ تاشلار ياغىدۇ.
تۆمۈرچى دۈكىنى جەڭ مەيدانىدا،
ئورغاقنى تۈزلەيدۇ، ياۋغا ئاتىدۇ،
قاچان تەشكىلىلەنگەن بىر توپ ھەمشىرە،
قىڭغايغان ئەرلەرنى ھاپاش ئېتىدۇ،
نەدە دوختۇرخانا، قەيەردە دوختۇر،
ئۇ قىزلار ئۇچقاندەك ئېلىپ كېتىدۇ،
ئاتا ئاچتى بىر چاغ ئاستا كۆزىنى،
قارىسا بىر ئۆيدە ياتار بىماغدىر.
بەك ئۇزۇن ئۇخلىدىم، دەپ ئويلىدى ئۇ،
ئارىدىن ئۆتكەندۇ قانچە ۋاقىت ھازىر.
ئورنىدىن! تۇرماق بوپ تەمشەلدى، بىراق،
پۇتۇن تېنى تاشقا ئايلانغان چېغى.
ئۇ جەڭگە كىرگەنغۇ، قانداقچە ھازىر،
بۇ يەردە ياتىدۇ ئۇخلىغان پېتى.
ھە... راستلا چاپچىنى سوغۇرۇپ ئېلىپ،
يەنە بىر دۈشمەنگە سانجاي دېگەندە،
قورسىقى پىژ قىلىپ كۆيگەندەك بولدى،
سەۋەبىمۇ ئاشۇ پىژ قىلىش ئىكەن - دە.
ئاغرىق كىردى بەدەن سىزىم تاپقاندا،
ئاتا ئېڭراپ قويدى تىرەن - تىرەندىن،
قورساقنى سىلىدى، قورساق تېڭىلغان،
تۆشۈك ئېچىپتۇ - دە، ئوقلار بەدەندىن.
ئاق خالات كىيگەنلەر كىرىپ - چىقىدۇ،
ھېچكىم كەلمەيدىغۇ ئاتا قېشىغا.
تونۇردەك ئەرلەرنى ھاپاش ئەتكەنچە،
ياتقۇزار قاتار قىپ ئاتا يېنىغا.
ئاق خالات كىيىشكەن قىزلار ئىچىدىن،
بىردىنى ئوخشاتتى رىزۋانگۈلگە ئۇ.
ئاتا چاقىرغىچە چىقىپ كەتتى قىز،
قانچە ئويلىسىمۇ رىزۋانگۈلى شۇ.
ئۇ ئاخىر كەپتۇ - دە، جەڭ مەيدانىغا،
خۇدا، ئۇنى ئامان - ئېسەن قىلغايسەن!
ئۆلۈم ئەلچىسىگە ھېچنى كۆرسەتمەي،
ھىمات سايىسىنى ئاڭا سالغايسەن!
ئاتا نەدىن بىلسۇن، يىقىلغىنىدا،
رىزۋانگۈل ئېپكەلگەن ئۇنى بۇ يەرگە.
تالاي ئوق ۋىژىلداپ ئۆتتى بېشىدىن،
قىز كېلەر، قىز كېتەر چىلىنىپ تەرگە.
كاپ قىلىپ بىلەكتىن تۇتقاندا ئاتا،
رىزۋانگۈل قايرىلدى ئارقىغا ئاندىن.
ئاتىنىڭ چىرايى قانسىز ۋە خۇنۇك،
نەپەس ئېلىشلارمۇ ئۆتىدۇ جاندىن.
ئاتا، خاتىرجەم يات، سېنىڭ مەلەڭنىڭ،
قوي، كالا ۋە ئېتى بەرى مەيداندا.
رېزۋانگۈل ماڭغاندا فرونتقا قاراپ،
ئانىمۇ بىللىلا ماڭغان بويانغا.
ئاتا - ئانىلارنىڭ سېپىدە ئەنە،
تونۇر، ئوچاقلارغا ئۇلار پەرۋانە.
ئىس - تۈتەك قاپلىغان جەڭ مەيدانىنىمۇ
چاڭقىتار پىيازنىڭ ھىدىمۇ يەنە.

**11 - بەت، دوختۇرخانىدا بىخلانغان سۆيگۈ**

داكا بىلەن ئورالغان كۆزۈم،
ئاستا - ئاستا يېشىلگىنىدە؛
قولۇك ئوتىمۇ، گويا يۈزۈمنى،
كۆيدۈرگەندەك سېزىلگىنىدە؛
كۆردىڭىزمۇ، دەپ سوراپ قالدىڭ،
غۇۋا، تۇتۇق ئالەم بىر ھازا.
كۆزلىرىمنى چىمچىقلىتىپمۇ،
ئېنىق كۆرەلمەي قالدىمغۇ تازا.
كۆردۈم دېدىم، مەن كىمنى كۆردۈم
ئاينى كۆردۈم، بىر تولۇن ئاينى.
ئاھ... جۇپ كۆزى قۇياشنى كۆردۈم،
كۆردۈم تېڭى تەھقىق چىرايىنى.
كىم بىلىدۇ ئاشۇ بىر كۆرۈش،
ئەڭ دەسلەپكى ئۇچرىشىش بولدى.

ئەڭ ئاخىرقى كۆرۈشۈشىمۇ شۇ،
يۈمران سۆيگۈ بىخلاندى، سولدى...
نېمىشقىمۇ ئېچىلدىڭ كۆزۈم،
تولۇن ئاينىڭ قوللىرى بىلەن.
ئېچىلغاندىكىن تويۇنساڭ ئىدىڭ،
ئاھ... شۇ ئاينىڭ نۇرلىرى بىلەن.
خەۋەر كەلدى: سولدى قىزىلگۈل،
ھەرەمباغدا بولغان ئۇرۇشتا.
ئىلىدىكى ئاخىرقى ئۇۋا،
قاباھەتنى بۇزۇپ چۇۋۇشتا.
نېمىشقىمۇ ئېچىلدىڭ كۆزۈم،
نېمىشقىمۇ كۆرگەنسەن ئۇنى؟
مۇشۇ سوراق يەتتى ئۆمرۈمگە،
تەقدىر ماڭا پۈتكەنمۇ شۇنى؟!

**32 - بەت، ئابرال سىيرىلدى**

يېڭىشلەر سىگنالى چېلىنغىنىدا،
ئابرال پەسەيگەندەك سىيرىلدى شۇنچە.
قار باسقان چوققىلار ئېغىر سۈكۈتتە،
ياش تۆكەر غول - غوللار ئۆكسىگىنچە.
قوماندان مۇنبەرگە كۆتۈرۈلگەندە،
ئۇنىڭ قۇندۇز چېچى ئاقىرىپ قاپتۇ.
جەڭدە تاماكىنى كۆپ تارتقاچقىمۇ،
چىرايلىق بۇرۇتى سارغىيىپ قاپتۇ.
ئۆرۈلگەن چوققىلار، سولغان غۇنچىلار،
قوماندان ئاغزىدا ئاتالدى بىر - بىر.
كۆكرەك ئىچىدىكى يۈرەكقۇ ئاخىر،
قۇربانلار ئىسمىنى ئاتىماق ئېغىر.
قوماندان ئېيتقاندا سىىنىڭ ئىسمىڭنى،
ئۇ بۇ يىل ئۇن ئالتە ياش ئىدى، دېدى.
پۈتۈن سەپ بۇقۇلداپ ئۆكسىگەن چاغدا،
قوماندان ئۆزىنى يوقاتقان ئىدى...

**33 - بەت، ئىسمى ئۇلۇغ كەتكەن قىزىم**

ئاتاڭ دېسە پۈتمەپتىمەن،
ئىسمى ئۇلۇغ كەتكەن قىزىم.
مەن ئەقلىمگە قوم يەپتىمەن،
ئىسمى ئۇلۇغ كەتكەن قىزىم.

دۈشمەن ئوقى تەگدى ساڭا،
ساڭا ئەمەس، تەگدى ماڭا.
مېنى تاشلاپ كېتەمسىنا؟
ئىسمى ئۇلۇغ كەتكەن قىزىم.

يۈرىكىمدەك بىر تال ئىدىڭ،
جىگەرىمدەك بىر تال ئىدىڭ.
مەن ئۇلارنى جۈپ دەپتىمەن،
ئىسمى ئۇلۇغ كەتكەن قىزىم.

گەپ سائەتتىن چىقتى شۇنداق،
سەنسىز ئالەم ماڭا دوزاخ.
بىللە ئېلىپ كەتكىن مېنى،
ئىسمى ئۇلۇغ كەتكەن قىزىم.

رىزۋانگۈلۈم، رىزۋانگۈلۈم،
ئاسمىنىمدا ئاي ۋە كۈنۈم.
مەن كەتسەمدىم، سەن قالساڭدىڭ،
ئىسمى ئۇلۇغ كەتكەن قىزىم.

**34 - بەت، ئاتا سۆزلەيدۇ**

ياش تۆكمەيمەن، قان تۆكۈمەن،
يا ئۆزۈمدىن، يا ياۋدىن.
ئەر كۆزىدە ياشنى كۆرسە،
ياۋ چىقىدۇ پۇخادىن.
ياش تۆكمەيمەن، ياش تۆككەنگە،
كەلمەيدىغۇ كەتكەنلەر.
قەددىڭ رۇسلا دەرد - ئەلەمدىن
ئەي، بېشىنى ئەگكەنلەر.
قىزىم، رىزۋان، كەچۈر مېنى،
ياش تۆكمىدىم سەن ئۈچۈن.
سەن تۇغۇلغان ئاشۇ كېچە،
يىغلاپ بولغان مەن پۈتۈن.

قىزىم رىزۋان، مېنى كەچۈر،
ئاتاڭ باغرى تاش بولماس،
قۇربان بەرمەي ئۇلۇغ ئىشتا.
يېگىنىمىز ئاش بولماس،
قاراقاتقا، بۆلجۈرگەنگە،
قەۋەت ئامراق ئىدىڭسەن.
ھەر يىلى تاغدىن نۇرغۇن - نۇرغۇن،
ساڭا ئاتاپ تېرەرمەن،
ئەتكەن چايغا ۋە قۇرۇتقا،
قەۋەت ئامراق ئىدىڭسەن.
سېنىڭ ئۈچۈن نەچچە سىيىر،
ئارتۇق بېقىپ قويارمەن.
گۈل ئىچىدە قىزىلگۈلگە،
شۇنچە ئامراق ئىدىڭسەن.
قەبرەڭ ئۈزرە قىزىلگۈلنى،
ھەر تاڭ سۇنۇپ تۇرارمەن.
مەن چىدايمەن، بىراق ئاناڭ،
چىدىمايدۇ بۇ دەردكە.
ئانا كۆڭلى قىلدىن نازۇك،
چىدىماس بۇ قىسمەتكە.

**ئاخىرقى بەت، ئۇنۇتالماي ...**

شۇ بىر كۆرۈش نېسىپ بولغان،
كۆزلىرىڭنى قاغايمەن.
پىراقىڭدا ئۆمۈر بويى،
يۈرىكىمنى داغلايمەن.
چاقماق چېقىپ، ئۆچكىنىدەك،
قىسقا كەلگەن كۆرۈشۈش؛
نە كۆرۈشۈش، ماڭا سەۋدا،
سالغان چەكسىز ئۆكۈنۈش.
ئۇنۇتالمايمەن شۇ دەقىقە،
ئاشۇ چىراي، شۇ ئاينى.
كۆزىدە نەچچە چۆرگىلەيسەن،
دوختۇرخانا بار جايىنى.
ئاي ئۆرلىسە، تولۇن بولسا،
تۇتار مېنى سەۋدالىق.
يىل ئۆتكەنچە كۈچىيىدۇ،
مەندە پىنھان شەيدالىق.
سەن بىلمەيسەن سۆيگىنىمنى،
بىلەر پەقەت تولۇن ئاي.
سەن سۆيەمسەن مېنى، يوقمۇ،
يوق بىلىشكە مەندە راي.
دەريا بويى توقايلىقتىن،
قۇچاق - قۇچاق گۈل تەرسەم،
ئاي نۇرىدا تۇپرىقىڭغا
شۇ گۈللەرنى ئەپ كەلسەم،
كۆڭلۈم ئاز - پاز ئىمەن تېپىپ،
قان يۈگۈرەر چېھرىمگە.
بۇ مۇھەببەت قويغىنى يوق
مېنى بىر دەم مەيلىمگە.
ئۇنۇتالماي شۇ يىللارنى،
ئۇنۇتالماي بىردەممۇ؛
يىگىتلىكتىن قېرىلىققا
بېسىپ سالدىم قەدەممۇ.
خۇشال ئانا، ئەركىن بالا
شاد قىزلارنى كۆرگەندە؛
باغچىلارنى، ساھىللارنى
ئۆزۈم تەنھا كەزگەندە؛
ئۆلۈملەردىن ئېشىپ قالغان،
سەبداشلارنى ئويلايمەن.
جەننەت ئارا يۈرسە ھەقلىق
ئۆلگەنلەر، دەپ توۋلايمەن.

1986 - يىلى ئاۋغۇست، غۇلجىدا يېزىلدى،
1990 - يىلى سېنتەبىر، ئۈرۈمچىدە تۈزىتىلدى.

قۇربان بارات

# شېئىرلار

## پەرۋانە توغرىلىق ناخشا

قۇزغۇنلار يايدى قارا قاناتىنى،
زېمىننى ئورىۋالدى قاراڭغۇلۇق.
پەرۋانە ئۇچۇپ كىردى دېرىزىدىن،
ياناتتى ئۆيدە چىراغ يورۇق بولۇپ.
يورۇقلۇق پەرۋانىگە قۇچاق ئاچتى،
پەرۋانە بوۋاق گويا، چىراغ ئانا.
چىراغقا ئېتىلدى ئۇ، ئايلاندى ئۇ،
كېپىنەك ئايلانغاندەك گۈللەر ئارا.
زەيتۇن رەڭ قانىتىدا چىراغ نۇرى،
تاڭدىكى قىزىللىقتەك تاۋلىنىدۇ.
چاقنىغان قىلىچ ئۇنىڭ قاناتلىرى،
ئۇ چاقناپ نۇر ئىچىدە ئايلىنىدۇ.
پەرۋانە كۆكلەمدىكى مايسا گويا،
مايسىغا شولا چۈشكەن تارام-تارام.
يورۇقلۇق بەخت ئاڭا، هايات ئاڭا،
ئۇ پارلاق نۇر ئىچىدە تاپتى ئارام.
يورۇقلۇق پەرۋانىگە قۇچاق ئاچتى،
پەرۋانە بوۋاق گويا، چىراغ — ئانا.
چىراغقا ئېتىلدى ئۇ، ئايلاندى ئۇ،
كېپىنەك ئايلانغاندەك گۈللەر ئارا.
ئېتىلدى چىراغقا ئۇ شادلىق بىلەن،
ۋە بىردىن ئوت ئىچىدە قونۇپ قالدى.
ئۇ كۆيدى، ئۇنىڭ تېنى تاغدەك بولۇپ،
شۇ ئۇتلۇق دولقۇن ئارا تۇرۇپ قالدى.
ئۇ ئۆلدى... ئۆلدى مەغرۇر ئۆلۈم بىلەن،
بولدۇ ئۆلۈمنىڭمۇ سائادىتى.
ئۇ ئۆلدى، لېكىن ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن،
تارقالدى بىر قۇياشنىڭ هارارىتى.

گۈلنىڭغۇ تىكىنى بار، نۇرنىڭ ئوتى،
نۇرسىزمۇ ياشالايتتى ئۇ هەرقاچان.
ئۇ پاناھ ئىزدىمىدى قاراڭغۇدىن،
نۇر ئۈچۈن ئوتقا كىردى بېغىشلاپ جان!

* *

يەنە بىر زەيتۇن قانات ئۇچۇپ كىرىپ،
چېچىمغا قونۇۋېلىپ يەلپۈنمەكتە.
قەلبىمنى قوشۇپ زۇمرەت كۆزلىرىگە،
ئۇمۇ ئوت ۋە يورۇقلۇققا تەلپۈنمەكتە...

1966 - يىل 8 - ئاي،
قەشقەر يېڭىسار.

## شامال ۋە دولقۇن

مەن دولقۇن — شاماللارغا قۇچاق ئاچقان،
مەن شامال — دولقۇن بىلەن قۇچاقلاشقان.

* *

يايرايدۇ جېنىم مېنىڭ چىقسا شامال،
بولۇتلۇق كۆكنىڭ تەنها ئەركىسى ئۇ.
شاماللار ئۇدۇلۇمدىن ئۇرسا كۈچلۈك،
قەلبىمدىن كۆتۈرۈلەر قارا قايغۇ.
پەنجىرەم تاقىلدىسا، ئۇرسا شامال،
بايرام بولۇپ تۇيۇلىدۇ ماڭا شۇندا.
ۋۇجۇدۇم ئوت ئالىدۇ هاياجاندىن،
تەڭداشسىز بىر قۇدرەتنى كۆرۈپ ئۇندا.

ئۇ ئەركىن، مەغرۇر ئۇچۇپ، كۆكنى قاپلاپ،
توپلاشقان بۇلۇتلارنى ھەيدەپ كېتەر.
چاپىدۇ باياۋاندا كىيىك بولۇپ
ۋە قارلىق چوققىلاردىن ئۇچۇپ ئۆتەر.
ھاياتلىق بېرەر كۆكلەم باغلىرىغا،
ۋە جىمجىت بوستانلارنى ھۇر ئېتىدۇ.
گۈرۈلدەپ تىنىم تاپماس غەيرەت بىلەن،
ئۇيقۇلۇق ئورمانلارنى ئويغىتىدۇ.
ئۇ جۇشقۇن دولقۇنلارنىڭ ئىلھامچىسى،
كېلىدۇ كېزىپ يېشىل ئارالLارغا.
شامال بار، جانلىنىدۇ گۈزەل دولقۇن،
ئۇ تەشنا قوزغاتقۇچى شامالLارغا.

* *

جۇش ئۇرۇپ دولقۇنلىسا ئانا دەريا،
شاد بولۇپ كەتكۈم كەلمەس قىرغاقلاردىن.
بويسۇنماس دولقۇنلاردا ئۇلۇغ كۈچ بار،
كېلىدۇ ئۆركەش ياساپ ئۇزاقلاردىن.
تاڭ سەھەر يۇلتۇزنىڭ چاقنىشى بار،
دولقۇننىڭ ئاپئاق چېچەك - گۈللىرىدە.
قالىمەن قىرغاقلاردا ئۇزاق - ئۇزاق،
دەريادا دولقۇن بولغان كۆڭلىرىدە.
ئاقىدۇ دولقۇن قاتار تاغدەك بولۇپ،
كۆمۈش سۇ مۇز چوققىدەك پارقىرايدۇ.
قۇم باسقان سەھرالارغا سېلىپ دەھشەت،
دولقۇنلار شىددەت بىلەن شارقىرايدۇ.
غەزەپ بار بۇ قەھرلىك شارقىراشتا،
گۈركىرەر گويا باھار بورانلىرى.
مىسالى تۇمەن تۇلپار جەڭگە كىرگەن،
ياڭرايدۇ جەڭنىڭ قىزغىن چۇقانلىرى.
ئۆتىدۇ تىترىتىشىپ تاغۇ - تاشنى،
دولقۇنلار شارقىرىشى — ياڭراق سادا.
قېرىغان كونا دۇنيا، غەمكىن چۆللەر،
ئاجىز دۇر دولقۇنلارنىڭ قارشىسىدا!

* *

مەن دولقۇن — شامالLارغا قۇچاق ئاچقان،
مەن شامال — دولقۇن بىلەن قۇچاقلاشقان.

1966 - يىل 10 - ئاي
قەشقەر.

## قىش قوشىقى

قايغۇلۇق تىكىلمە بۇ قېلىن قارغا،
قارلىق قىش ھامىلدار يېشىل باھارغا.

* *

تۆكۈلگەن چېچەكتەك لەپىلدەيدۇ قار،
جاھاننى ئاقارتىپ، كۆمۈپ ھەممىنى.
قار باسقان چوققىلار پارقىراق خەنجەر،
تۇمانلىق شۇڭغىغان بىلەيدۇ ئۇنى.
بۆرىدەك ھۇۋلايدۇ شىمال شامىلى،
نەدىدۇر ياڭرايدۇ تەمبۇرنىڭ ئۈنى.
دەريالار ئۈستىدە قېلىن مۇز قاتقان،
ئاستىدا گۈركىرەر بوغۇق دولقۇنى.

دالىدا، ئۆگزىدە، كوچىلاردا قار،
قېلىن قار ئۈستىدە ئۆتۈكىنىڭ ئىزى.
ئېتىزلار تۈگۈلغان، توڭ يەر ئاستىدا
ھاياتلىق توپلايدۇ كوكات يىلتىزى.
ھاۋادا ئوينايدۇ قار ئۇچقۇنلىرى،
قەلبىڭگە قونىدۇ ئۇچقۇننىڭ ئۆزى.
كېچىلەر سوغۇقتا تىنىق تېخىمۇ،
كۆمۈش رەڭ چاقنايدۇ قۇتۇپ يۇلتۇزى.

باغچىدا، ھويلىدا، سەينالاردا قار،
كىشىلەر سۆيۈرگە ئالغان قولىغا.

قار قونغان شاخلاردا يېتىلمەكتە بىخ،
دېھقان تاش يۆلەيدۇ ئۆيىنىڭ ھولىغا.
ياشايدۇ ئۈنتىلىپ قارلىق دالىلار،
بولۇتلار قاپلىغان قوياش نۇرىغا.
چوكا مۇز قاپلىغان شارقىراتمىلار
تۇتاشقان كۆكتىكى سامان يولىغا.

قار قىلىن، تۈن ئۇزاق، جاراڭلايدۇ سوغ،
سوغ باھار ياسايدۇ دېرىزىلەردە.
تۈن بويى ئۆيلەردە ئۆچمەيدۇ چىراغ،
ياشانغان كۆزەتچى تېخى ئىگەردە.
كۆرۈنەر قىلىچتەك سوغۇق پارقىراش،
ئاي نۇرى سوزۇلغان، يامرىغان يەردە.
چاقنىغان كۆزلەردە توپلىنار بولۇت،
چاقماق بار بولۇتلار قارايغان يەردە.
تېخىمۇ ياشارغان ئارچىلار قاردا،
ئورمانلار سوزۇلغان ئۇزاقتىن - ئۇزاق.
ئاسمانغا باراۋەر قارىغاي قەددى،
ئۇ قاردا كۆرۈنەر يەنە يېشىلراق.
مۇزلۇقلار ئۈستىدە ھايات كۈلكىسى،
ئېچىلغان قار گۈلى چاچىدۇ پۇراق.
كۆك يۈزى بورانلىق، ئاسمان ئاستى قار،
قارلىق يەر تېگىدىن ئۇرغۇيدۇ بۇلاق.

* *

قايغۇلۇق تىكىلمە بۇ قېلىن قارغا،
قارلىق قىش ھامىلدار يېشىل باھارغا!

1966 - يىل 12 - ئاي،
مارالبېشى.

.٢

قار گۈلى

قار گۈلى ئۈنۈپ چىقتى زىمىستان قىش،
رەڭگىدىن ھايات نۇرى چېچىلىدۇ.
مۇزلىغان چوققىلاردا يىلتىز يايدى،
ئۇ ئاپئاق قار ئىچىدە ئېچىلىدۇ.
ئېچىلغان تالالىرى يېشىل رەڭدە،
يېشىل رەڭ — يېشىل دېڭىز يايغان ئېتەك.
تەۋرىنىشى ئوخشاپ كېتەر دولقۇنلارغا،
ھاياتى دولقۇنلارنىڭ تۈركەشلىمەك.
بۇ گۈلنىڭ تالاسىدا ئاق رەڭمۇ بار،
ئانىنىڭ ھالال سۈتى ئاشۇ ئاقتا.
ئۇ ئۈندى، سۇنۇق دىلغا ئۈمىد سالدى،
زېمىنىنىڭ يېشى ئۇنى سۇغارماقتا.
بۇ گۈلنىڭ تالاسىدا ئاق رەڭمۇ بار،
تاڭدىكى چولپان رەڭگى ئاشۇ ئاقتا.
ئۇ ئۈندى، ئۇندىن ياقۇت نۇر تارالدى،
تۈن باسقان تاغ - ۋادىلار ئاقارماقتا.
يېرىمى قىزىل بولدى گۈل تاجىنىڭ،
قىپقىزىل ئەلەم كەبى قان رەڭگىدە.
نە ئەجەب؟ يۇغۇرۇلغان چەكسىز زېمىن
قان بىلەن ئۇزاق ئەسىر مابەينىدە.
قار گۈلى قارلىق تاغلار ئۆلكىسىدە
شولىسى بولدى كۈتكەن يىراق تاڭنىڭ.
تۈسى بار ئۇنىڭ گۈزەل كۈلكىسىدە،
ئۆلۈمگە تىز پۈكمىگەن قەھرىمانىنىڭ.
قار گۈلى — مۇقەددەس گۈل، ھايات گۈلى،
رەڭگىدىن جەڭ شادلىقى چېچىلىدۇ.
بورانلىق بولار ئۇنىڭ ھايات يولى،
ئۇ مۇزلۇق چوققىلاردا ئېچىلىدۇ.

1966 - يىل 12 - ئاي،
سەپەردە.

خار قىلالماس ئۇنى ھايۋانلارمۇ

كۆك يانتاقمۇ ياخشى دۇنيادا،
جىنەستىدەك گۈزەل چېچەكلىك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


شوخ تورغايلار سايرار ئۈستىدە،
شامال قانات، بوز پۆپۈچەكلىك.
كېيىنەكلەر ئايلىنىپ تاڭدا،
چېچەكلەردىن شەبنەم ئىچىدۇ.

خار قىلالماس ئۇنى ھايۋانلار،
چۈنكى تىكىنى بىلەن ھېسابلىشىدۇ.

1968 - يىل 6 - ئاي.
ئۈرۈمچى.

## خازان ۋە يوپۇرماق

باھار كېلىپ دەرەختە بىخ چىقارسا پۇتاقلار،
قىشتىن قالغان خازانلار تۆكۈلىدۇ تۇپراققا.
كۈندىن - كۈنگە ئۆسىدۇ يېڭى، يۇمران يوپۇرماق،
كىچىككىنە بوستانلىق تولۇپ كېتەر پۇراققا.
بورانلاردا تۆكۈلمەس يېڭى چىققان يوپۇرماق،
خازان ئۈچۈن شاخلارنىڭ مىدىرلىشى كۇپايە.
خازان يېتىپ تۇپراقتا سازاڭ بىلەن قۇرتـقا،
دۇنيادىكى تەقدىردىن سۆزلەپ بېرەر ھېكايە...

1968 - يىل 8 - ئاي، كورلا.

### ئايدىڭ كېچە جىمجىتلىقىدا...

ئېيتتى ئورما ناخشىلىرىنى،
كۈمۈش كېچە نۇرلانغاندا قىز.
قۇلاق سالدى ئاڭا كىشىلەر،
قۇلاق سالدى ئۇيقۇلۇق ئېتىز.
ئەجەب مۇڭلۇق ئانا ئاھاڭلار،
كۆتۈرۈلۈپ ياڭراتتى كۆكنى.
ناخشىدىكى يالقۇن ۋە ئەلەم،
دولقۇنلىتىپ يىغلاتتى كۆپنى...
ھاياجانلىق ۋىسال كۈنلىرى،
كۆرۈشكەنلەر يىغلايدۇ شۇنداق.
ياكى ئۆلگەن يېقىنلىرىنى،
كۆمۈشكەنلەر يىغلايدۇ شۇنداق.
ئەزىز قوشاق، قەدىمىي ناخشا،
قانچە مەغرۇر - قانچىلىك راۋان!
ئايدىڭ كېچە جىمجىتلىقىدا
قىزنىڭ ئۇنى ياڭرايدۇ ھامان؛
ئايدىڭدا ئورغان ئورما،
ئېتىزلاردا باغ قالدى.
ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق،
يۈرەكلەردە داغ قالدى...

1968 - يىل 8 - ئاي،
كورلا.

پازىل قادىر

# بالا سېھرى

(ھېكايە)

ھال ـ ئەھۋال سورىشىپ، ئەرز قىلىپ كەلگەنلەردىن بىرنەچچىسىنى ئۇزاتقاندىن كېيىن ئىشخانام بوشاپ قالدى، ئەمدىلا بىر تال تاماكا ئوراپ تۇرۇشۇمغا ئىشخانا ئالدىدا بىر ئەر كىشىنىڭ گۈلدۈرماماممدەك ئېغىر ۋە بوم ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــ مانا، سوتقىمۇ كەلدۇق، خېتىڭنى ئېلىپ، كۆڭلۈڭنى تىندۇر ئەمدى!

ئۇنىڭغا جاۋابەن بىر ئايال كىشىمۇ بىر نەرسىلەرنى دېگەندەك قىلدى، لېكىن بوش ۋە ئۆكسۈپ تۇرۇپ سۆزلىگەچكە نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىيالمىدىم.

ئارقىدىنلا چىرايلىق ياساپ قويغان بەش ياشلاردىكى ئوغلىنى يېتىلىگەن بىر ئايال ۋە 40 ياشلاردىكى تولىمۇ بەستلىك بىر ئەر كىشى كىرىپ كەلدى. ئايال 30 ياشلار چامىسىدا بولۇپ ئەرنىڭ ئەكسىچە بەكمۇ زىلۋا، ئاق ـ سۈزۈك كەلگەن چىرايلىقىنە چوكان ئىدى. ئۇلارنى ئۇدۇلدىكى ئۈچ كىشىلىك ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدىم. ئەر ئېرەڭسىزلىك بىلەن ئولتۇردى، ئايال ئۇنىڭ بىلەن بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا كۆڭلى تارتمىغاندەك تۇرۇپ قالدى، مەن ئۇنى قايتا تەكلىپ قىلدىم:

ــ سىڭلىم، سىزمۇ ئولتۇرۇڭ.

ئايال ئىلاجى بار ئارىلىقنى يىراق قالدۇرۇش ئۈچۈن ئورۇندۇقنىڭ بۇرجىكىگە يېنىككىنە ئولتۇردى.



بالا غەمكىن، يوغان قارا كۆزلىرىنى يەرگە تىككىنىچە سالمىقىنى بىر پۇتىغا تاشلاپ ئانىسىغا يۆلەندى، مەن ئۇلارغا قايتىدىن نەزەر سالدىم.

ئەرنىڭ قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى قانغا چىلانغان ئەينەكنىڭ كەينىدىن قارىغاندەك سۈرلۈك ۋە خىرە كۆرۈنەتتى. چىرايى قارىداپ كەتكەن بولۇپ، بىر قاراپلا نەشىگە ئۆگەنگەن كىشى ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلدىم. ھاراقنىمۇ ئادەت قىلغان بولسا كېرەك، بەدىنىدىن گۆپۈلدەپ ئاچچىق پۇراق كېلەتتى، قۇلاق ۋە بويۇنلىرىدىكى كىر، چوتكىدەك يىرىك ساقاللىرى بۇ ئادەمگە تېخىمۇ قورقۇنچلۇق تۈس بېرەتتى. شىمىنىڭ بىرمۇ تۈگمىسى ئېتىلمىگەچكە، ئىچ ئىشتىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، قىسقىسى، بۇ ئادەمنىڭ مۇشۇ تۇرقىدىن بىر خىل ياۋايى كۈچ، قاراملىق ۋە غەلىتىلىكىنى كۆردۈم، ئايال بولسا ئورۇۇقلۇقىدىن قورايدەك ئاجىز كۆرۈنەتتى، سول مەڭزىدىكى ئالقاننىڭ ئىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دا قان ئۇيۇپ قاپتۇ. كۆكىرىپ ئىششىپ، پۈلتىيىپ چىققان سىڭا كۆزىگە قارىدىم. ئاندىن ئەرنىڭ تىزىغا قويۇۋالغان قوللىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم، ئارقاندەك بۆرتۈپ چىققان بېغىش پەيلىرى، ھېسپ-تەك تۇم ۋە قاداقلىشىپ كەتكەن بارماقلىرى، كەتمەن كەڭلىكىدىكى ئالقانلىرى ئېيىقنىڭ ئالقانلىرىنى ئەسلەتسە، تەسەۋۋۇرۇمدىكى مۇشتى چۆيۈن توقماقنى ئەسلەتەتتى، شۇ ھالدا بۇ ئادەم بىلەن خالىراق بىر يەردە بىرەر سائەت خاتىرجەم بىللە تۇرۇشقا كۆزۈم يەتمىدى-دە، قورچاقتەك زىلۋا بۇ چوكاننىڭ ئاشۇ ئادەم بىلەن بىر ئۆيدە ياشاپ باللىق بولغانلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەدى. نېمىشقىدۇر كۆڭلۈمدە ئىختىيارسىز ھالدا بۇ ناتونۇش ئەر-خوتۇنلارنىڭ بىرسىگە نەپرەت، بىرسىگە ھېسداشلىق تۇيغۇسى قوزغىلىپ قالدى. مەن تېخى ئۇلاردىن بىرەر ئېغىز گەپ سورىمىغان ۋە ئۆزلىرىمۇ ماڭا ھېچنەرسە دەپ بەرمىگەن بولسىمۇ، بۇ ئائىلىنىڭ پۈتۈن كەچمىشى ئەرنىڭ زوراۋانلىقى، ئايالنىڭ ئازابلىرى ماڭا ئايان بولدى. ئۆزۈمچە ئەگەر ئايال ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلسىلا ھازىرلا ئاجرىشىش خېتى بېرىشنى ئويلاپ قالدىم.

ئاخىر ئۇلاردىن گەپ سورىدىم:

— خاپىلىشىپ قالدىڭلارمۇ نېمە؟

ئايال ساق كۆزى بىلەن ماڭا لاپ قىلىپ قارىدى-دە، ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— سوتچى ئەپەندىم، ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرۇپلا، خاپىلىشىپ دېگەن گەپ بىزگە ئانچە ياراشمايدۇ، ئەجىلىمدىن بۇرۇن تاياقتا ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن.

ئۇ ئېرىنىڭ قوللىرىغا نەپرەت بىلەن بىر قاراپ قويدى.

— پۈتۈشۈپ كەلدىڭلارمۇ؟

— ھەئە!

— قانداق پۈتۈشتىڭلار.

— ئاجرىشىدىغان بولۇپ.

— ئۆيدىكى مال-مۈلۈكلەرنىچۇ؟

ئايال ئېرىگە يىرگىنىچ نەزەرى بىلەن بىر قاراپ قويۇپ:

— سوتچى ئەپەندىم، مۇشۇنداق ئەر بىلەن تۇتقان ئۆيدە قولىغا چىققۇدەك، تالاشقۇدەك مال-مۈلۈك بولامدۇ؟ بۇنىڭ چېكىشى بەڭ، ئىچىشى ھاراق، ئۇخلىشى كوچا تۇرسا، ئۆيگە كەلسە ئالدى بىلەن قىلىدىغان ئىشى مېنى دۇمبالاش تۇرسا، ئاجراشماي قانداق قىلىمەن؟ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، ئەپەندىم. ئاكامنىڭ ئورنىدا بېشىمنى سىلاپ خېتىمنى ئېلىپ بەرسىلە، ئۇنىڭكىم ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا سىلىدىن رازى بولۇپ كېتەي.— دېدى.

— سىزنىڭ پىكرىڭىز قانداق؟

ئەرنى ئىختىيارسىز «سەن» لىگىنىمگە ئوڭايسىزلاندىم. بىراق بۇ ئادەمگە «سەن» بىلەن «سىز»نىڭ ئانچە پەرقى بولمىسا كېرەك، مەندىن رەنجىگەندەك قىلمىدى.

— خېتىنى بېرىمەن، — دېدى ئۇمۇ دەرھاللا، — بېشىغا ئېلىپ يۈرىدىغان ئەردىن بىرنى تېپىپ تېگىۋالار.

ئايال ئولتۇرالماي قالدى.

— ئەر سەندەك بولىدىغان بولسا ئوغلۇمنى بېقىپ تەنھا ئۆتىمەن. ئەر دېگەنگە ھۆ بولدۇم.

شۇ ئان بالا ماڭا بىر قارىدى-دە، سىماب دانىچىسىدەك ئىككى تامچە ياش ئالمىدەك مەڭزىدىن سىرغىپ چۈشتى. يېتىم قېلىش ئالدىدا تۇرغان بىچارىنىڭ باللىق يۈرىكىدىن سىقىپ چىقارغان ئاشۇ ئىككى تامچە يېشى مېنى

زىلزىلىگە سېلىۋەتتى، ئۇنىڭ ياشلىرىدىن، ماڭا تەلمۈرۈپ قاراشلىرىدىن ھەممىنى چۈشەندىم. لېكىن ئايالنىڭ پىكرى مېنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى، ئۇ بالىغا چىدىمايدىكەن. بالىنى ئۆزى باقماقچى ئىكەن، ئەگەر بالىنى دادىسى تالاشسىچۇ؟ ئۇ تالاشسا ئالدى بىلەن ئايال ئاجرىشىمەن دەپ چىڭ تۇرغاندىن كېيىن قانۇن بويىچە بالا ئەلۋەتتە دادىسىغا بۇيرۇلىدۇ، دادىنىڭ رايىنى سىناپ باقماقچى بولدۇم.

— بالا قايسىڭلاردا قالىدۇ؟

— بالا مەندە قالامدۇ، ئەپەندىم، بىزمۇ ئانچە - مۇنچە قائىدە - قانۇن ئۇقىمىز دېسىلە.

ئۇ ھېلىقى بوم، جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن گەپنى كېسىپلا ئېيتىپ مېنىمۇ ئامالسىز قويدى.

ئايال بىردىنلا ھۆ تارتىپ يىغلاپ كەتتى:

— ئەپەندىم، بالىنى ئۆزۈم باقاي، بولمىسا بۇمۇ دادىسىدەك تۈگىشىدۇ.

بۇرنۇم ئېچىشىپ، گېلىم قىمىلداپ قالدى. پۈت - قولۇم كۆيۈشكەن ھالدا ئۆزۈمنىڭ قانۇن ئالدىدىكى سالاھىيىتىمنى ئىقرار قىلدىم:

— گېپىڭىز، سىڭلىم، بىراق ئاجراشساڭلار بالا دادىسىدا قالىدۇ.

ئايال شۇئان بالىنى باغرىغا بېسىپ نالە قىلدى:

— ياق، ئەپەندىم، ياق. ئەمىسە ئاجراشمايمەن. ئۆلسەممۇ مەيلى، بالىنى ئۆزۈم باقاي.

ھاڭ - تاڭ قالدىم، بالا ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ دادىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلدى.

— جىنىم دادا... ئەمدى ئاپامنى ئۇرمىغىن، ئاپام ئاغرىپ قالىدۇ!

يۈرىكىم ئېچىشىپ، كۆزلىرىم نەملەشتى، بىراق ئاۋۇ قۇم قاچىلانغان تاغاردەك تۇرغان ھېسسىياتسىز ئادەم يەنىلا شۇ پېتى ئولتۇراتتى.

— ماڭ بالام، ئۆيگە كېتەيلى.

بالا شۇئان دادىسىدىن ئاجراپ ئانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىۋىدى، ئانا ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە چوكۇلدىتىپ بىرنەچچىنى سۆيدى - دە، خىجىللىقتىن ماڭا قايرىلىپمۇ قارىيالماي بالىسىنى يېتىلەپ چىقىپ كەتتى.

ھېلىقى كىشى كۆزۈمگە مەغرۇر بىر تىكىلىپ قويۇپ:

— ئەپەندىم. ئاڭلىغانلا، پىلىموتتەك سۆزلەيدىغان خوتۇن بۇ! ئاغزى ئىتتىك خوتۇننىڭ نېسۋىسى مۇشت، — دېدى - دە، چىقىپ كەتتى.

يۈرىكىم ئېزىلدى. بۇ قارا يۈرەك، دىۋە سىياقىدىكى ئەر پەيلىدىن يانىدىغاندەك ئەمەس، ئۇنى ئاۋۇ بىچارە ئايال ئەلۋەتتە مەندىن ياخشىراق بىلىدۇ. لېكىن ئۇنى شۇ كۆڭۈلسىز ئائىلىگە، ئېغىر مۇشتلارنىڭ ئاستىغا يەنە قايتۇرۇپ كەتكەن نېمە؟ ئۇنى شۇنچىلىك پىداكار قىلغان قايسى كۈچ؟

بالا مېھرى، بالا مۇھەببىتى.

بىر ئوت، بىر ئىللىق ئېقىم مېنىڭ تومۇرلىرىمدىمۇ ئېقىشقا باشلىدى، چۈنكى مەنمۇ دادا، مېنىڭمۇ ئاشۇنداق بىر ئوغلۇم بار.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن



# كۆزيېشىغا تولغان تەقدىر

ئۆمەر قادىر

(ھېكايە)

مېنىڭ تۇرمۇشۇم گويا چۈشكە ئوخشاش بىردىنلا قالايمىقانلىشىپ كەتتى. مۇنداق بولۇشىغا ھەرگىز ئىشەنمەيتتىم. يىرگىنىچلىك ۋە قورقۇنچلۇق ئاشۇ بىر ھال... ئاھ، مەن بۇنى يۈرىكىمگە قانداقمۇ سىغدۇرالايمەن. مەن ئۆزۈمنى باسالماي ئاچچىقىمدا بارمىقىمنى چىشلىدىم. كۆزلىرىمگە ئىسسىق ياش يامراپ كەلدى. مەن ئۈچۈن ھەممە، ھەممە نەرسە تۈگىگەن، پەقەت رەھىمسىز ھالاكەتلا ماڭا قۇچاق ئېچىپ تۇراتتى. تەقدىرىمنى ئويلىغانسېرى خىياللىرىم ئۇلغىيىپ، ئەزرائىلنىڭ قارا چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغاندەك قورقۇنچ باساتتى. مەن ئىككى بالامنى باغرىمغا چىڭ باستىم. بۇ مېنىڭ جان-جىگەرلىرىم بىلەن ئاخىرقى خوشلىشىشىم، مەڭگۈلۈك ئايرىلىشىم بولىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. خورلۇق ۋە ھاقارەتنىڭ قەلبىمنى بېسىپ كېلىۋاتقان شىددەتلىك تاشقىنى ھەممىدىن ۋاز كېچىشكە، بۇ دۇنيانىڭ بارلىق قايغۇ-ئەلەمىدىن بىراقلا قول ئۈزۈشكە ئۈندەيتتى. مەن ئۆيدىن چىقىپ دەريا بويىغا كەلدىم. قاراڭغۇلۇق ئۆز قوينىغا ئالغان دەريا شاۋقۇنسىز ئاقماقتا. دەريا ساھىللىرى سىرلىق ۋە قورقۇنچلۇق ھالەتتە يېيىلىپ ياتماقتا. نەپەس ئېلىشىم شۇنچىلىك جىددىيلىشىپ كەتتى. مەن دولقۇنلار بىلەن قوشۇلۇپ تولىمۇ يىراق جايلارغا ئېقىپ كېتىشنى ئارمان قىلاتتىم. قىسمەتنىڭ ئاچچىقلىقى ياشاش ھەۋەسلىرىمنى تىتىپ تاشلىۋەتكەن تۇرسا، مەن يەنە نېمىگە تارتىشاي؟ چەكسىز ئانىلىق مېھرىمنى بېغىشلىغان ئىككى بالاممۇ مېنى بۇ ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالالمايتتى. مەن تىزىمغىچە سۇغا كىردىم. دەريا سۈيى بىردەمدىلا مېنى باغرىغا ئېلىپ يالماپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك ئىدى. ۋۇجۇدۇم شۈركىنىپ كەتتى. ئاستىمدىكى دەريا چىرقىراۋاتقاندەك، قاراڭغۇلۇقنىڭ ھەممىسى مۇشۇ جايغا تىقىلىپ قالغاندەك خۇدىمنى يوقىتىپ قويدۇم. تۇساتتىن دەريانىڭ باش تەرىپىدە بىراۋنىڭ «چولتۇق، چولتۇق» قىلىپ سۇ كەچكىنى ئاڭلاندى. ھايال ئۆتمەي بىر قىز ۋارقىرىغان ھالدا مەن تەرەپكە ئېقىپ كەلدى. نېرۋا تالالىرىم ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك زىڭىلدىغىلى تۇردى. يۈرىكىم ئاغزىمدىن ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك دەھشەتلىك سوقاتتى. مەن قورققىنىمدىن نېمە قىلارىم-

نى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. قىز سۇدا بىر
چۆكۇپ، بىر كۆتۈرۈلۈپ هايىت - ھۇيىت
دېگۇچە دولقۇنلار قوينىدا غايىب بولدى.
مەن بۇنىڭ چۇشۇم ياكى ئوڭۇم ئىكەنلى-
لىكىگە كېسىم قىلالماي بىر هازا مەڭدەپ
تۇرۇپ قالدىم. ئۆزۈمگە كەلگىنىمدە
ئەتراپ تىمتاسلىققا چۆمگەن بولۇپ، دەريا
تىنچ ئاقماقتا ئىدى. ھېلىقى قىزدىن بولسا
ھېچقانداق سادا يوق ئىدى.
پۈتۈن بەدەنلىرىم جالاقلاپ تىترەپ
كەتتى. مەن بار ئاۋازىم بىلەن «قۇتقۇزۇڭ-
لار، قۇتقۇزۇڭلار» دەپ ۋارقىراشقا باش-
لىدىم...
شەرق تەرەپنىڭ ئاستا - ئاستا يورۇ-
شى بىلەن كۆڭلۈمدىكى ھەسرەت ۋە ئە-
جەل تۇمانلىرى تارقاپ كېتىۋاتقاندەك تۇ-
يۇلدى. تاڭ قۇياشى بولسا دەريانىڭ ئۇ-
پۇققا تۇتىشىدىغان چېتىدىن كۆتۈرۈلمەكتە
ئىدى. دولقۇنلار شەپەق نۇرىدا قىزغۇچ
رەڭگە تولماقتا. ئىككى بالام گويا قارشى
قىرغاقتا تۇرۇپ قول پۇلاڭلىتىۋاتقاندەك
قىلاتتى. ئۇلار مېنىڭ ئانىلىق باغرىمغا،
ئانىلىق مېھرىمگە نەقەدەر تەشنا - ھە؟
پەرزەنتلەرنى يېتىملىك چۆلىگە تاشلاپ كې-
تىشتىن ئارتۇق دەھشەتلىك ئىش بارمۇ؟ ئانا
رەھىمسىزلىك قىلسا دوزاختا كۆيگىنى شۇ
ئەمەسمۇ؟ چىداي، ھەممىگە چىداي، دەپ-
سەندە قىلىنغان قەلبىمنى كۆتۈرۈپ ياشا-
ۋېرەي. ھاياتنىڭ ماڭا تاتلىقى نېسىپ
بولمىسا يەنە ئاچچىق يۇتۇپ يۈرۈۋېرەر مەن.
دۇنيادا ئۆلۈمگە ئۆزىنى ئۇرۇپ ئاخىردا
مانا مەندەك مۇشۇنداق تارتىشىپ، تېگىر-
قاپ قالغان بىچارىلەر كۆپ بولسا كېرەك.
مەن كېسەلمەن كىشىلەردەك پۈتۈمنى سۆ-
رىگىنىمچە مېڭىپ ناھايىتى تەستە ئۆيگە
كەلدىم. ئۆي ئىچى چېقىلغان، سۇنغان نەر-
سە - كېرەكلەر بىلەن تولغانىدى. ئىككى
بالام بىر خىلدا يۇشۇلداپ ئۇخلىماقتا.
شىرەدە يېرىم بوتۇلكا هاراق ۋە بىر تەخ-
سە خام سەي تۇراتتى. چالا بوغۇزلانغان كا-
لىدەك خارقىراپ ئۇخلاۋاتقان سادىم مەن
ئۈچۈن تولىمۇ نەپرەتلىك ئىدى. ئۇ مې-
نىڭ يۈرىكىمنى لەختە - لەختە قىلىۋاتقان
ئازابنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمىغان-
دەك ئىدى. مېنى يەنە يىغا تۇتتى. مۇن-
داق قىسمەتنى كۆرگىچە ئۆلۈپلا تۈگى-
سەم بولمامدۇ. لېكىن مەن ھېلىقى دەر-
يادا ئېقىپ كەتكەن قىزنى كۆرۈپ ئۆلۈم-
نىڭ دەھشىتىدىن چۆچىدىم. ئۇ قىز سۇغا
چۆكۈپ كېتىۋاتقاندا بەلكىم قىرغاقتا چىقى-
ۋېلىشنى، كىشىلەرنىڭ كېلىپ قۇتقۇزۇۋې-
لىشنى تىلەپ ۋارقىرىغان بولغىيتتى. هايات
نېمىدېگەن تاتلىق.
مەن ئاخىرى سادىمغا ئاجرىشىش
تەلىپىنى قويدۇم. ئۇ:
— خېتىڭنى ئالغىلىڭ بولسا ۋاقتىدا
ئال! — دېدى.
ئۇنىڭ بۇ سۆزى جاراھىتىمنىڭ ئۈس-
تىگە تۇز سەپتى. ماڭا تېخىمۇ ھار كەل-
دى. يېقىندىن بېرى ئۇ بۇرۇنقى سادىمغا
پەقەتلا ئوخشىماي قېلىۋاتاتتى. هە دېسىلا
يېرىم كېچىلەردە مەست كېلىپ ھېچنېمىدىن
ھېچنېمە يوقلا مەن بىلەن سوقۇشىدىغان،
ھەتتا بىرنەچچە كۈنلەپ ئۆيگە قايتماي-
دىغان بولۇۋالغانىدى. قولۇم - قوشنىلاردىن،
ئۇنىڭ بەزى ئايالار بىلەن ناشايان ئىشلارنى
قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغىنىمدا «خەق
دېگەن نېمە گەپلەرنى تاپمايدۇ، ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگىنىم يوق.
بەلكىم ئۇنداقمۇ قىلمىغاندۇ» دەپ ئۆز-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئۆزۈمنى بەزلەيتتىم. ئۇنىڭ بىر چاغـلاردا «كۆزلىرىڭىز نېمە دېـگەن گـۈزەل. سىـز بولمىسىڭىز ماڭا بۇ دۇنيادا قۇياش ئولتۇ- رۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. سىزسىز يا- شاش مەن ئۈچۈن هارام، قەدىرلىكىم» دې- گەن سۆزلىرىـنى ۋە ئۇنىڭ ياخشى تەرەپـ- لىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ باققان بولساممۇ ئۇنىڭ ئۆز ئۆيىمىزدە بو- زۇقچىلىق قىلىشى يۈرىكىمگە پىچاق ئۇرغان- دەك تەسىر قىلدى. مەن ئۈچ ياشلىق قى- زىم دىلنۇرنى ئېلىپ دەريا بويـىـدىكى بۇ ئۆيۈمدىن ئايرىلدىم.

ئايال كىشى ئۈچۈن تەنها ياشاشتىن، بىر ئۆينىڭ ھەممە ئېغىرچىلىقىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىشتىن ئارتۇق روھىي ئازاب بولمىسا كېرەك. مەن نەچچە كـۈن قاتـراپ يۈرۈپ شەھەرنىڭ چېتىدىن بىر ئېغىز ئۆيـ- نى ئىجارىگە ئالدىم. مەن 30 ياشقا كىر- مەي تۇرۇپلا تۇل خوتۇن بولۇپ قالغىنىمغا ئۆرتىنەتتىم. ھەر كۈنى قىزىم دىلنۇرنى ئۆيگە تاشلاپ قويۇپ سىرتلارغا ئىش ئىز- دەپ چىقىپ كېتەتتىم. لېكىن ھەممە يەر- دە ئەرلەرنىڭ مېنى كولدۇرلاتماقچى بولۇ- ۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم. ئۇلار ماڭا ئىچ ئاغرىتاتتى ـ يۇ، بىراق ئارقىدىنلا نى- يىتىنى بۇزاتتى. ئاچ قالساممۇ، ئىگىنلىرىم كونىراپ ئۇچامدىن چۈشۈپ قالسىمۇ ھەتتا باش تىققۇدەك ئۆي يوق تالادا قالساممۇ ئەرلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ يېلىنمايمەن، قو- لۇمنىڭ ئۈچىنى ھەرگىز ئۇلارغا تۇتقۇز- مايمەن، دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە. بىراق ئەتراپىمنى، ھەممىلا جاينى يامان نىيەت- لىك ئەرلەر قاپلاپ كېتىۋاتقاندەك دەككە- دۈككە ئىچىدە يۈرەتتىم. مەن قورۇلۇش ئورنىغا كېلىپ قوم تاسقاش، خىش تو- شۇش، لاي ئېتىشقا ئوخشاش ئېغىر ئىش- لارنى قىلدىم. بۇ ئىشنىمۇ ناھايىتى تەستە تاپتىم. نەچچە ئاي ئىچىدە قارىداپ ئو- رۇقلاپ يۈزلىرىم قوشۇقتەكلا بولۇپ قالدى. ئەرلەرنى جەلپ قىلىدىغان ھۆسنۈممۇ ئاس- تا ـ ئاستا سولىماقتا ئىدى. بىر كـۈنى ئىش- تىن كەچ قايتىپ ئۆيگە كەلسەم قىزىم دىلنۇر بىر كۆڭلەكلىك قىزىل دۇخاۋىنى ئالدىغا يېيىپ ئويناپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇنى چوقۇم مېنى چېكىپ باقماقچى بولغان بىر- سى ئەكەلگەنلىكى ئېنىق ئىدى. يېقىندىن بۇيان ئۆيۈمنىڭ ئەتراپىنى ئەگىيدىغانلار كۆپىيىپ قالغانىدى. بۇ دەردكە، بۇ ھاقا- رەتكە قانداق قىلاي؟ مەن ئاچچىقىمدا بۇ ھاقارەتلىك قىزىل دۇخاۋىنى كۆيدۈرۈۋې- تىشنى ئويلىدىم ـ يۇ، لېكىن بۇ نىيىتىمدىن ياندىم.

سىرتتا يامغۇر شارقىراپ ياغماقتا. قى- زىم ئىككىمىز ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا مۆكـۈغا ياتقان ھالدا دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇراتتۇق. بىر چاغدا ئىشىك چېكىل- دى. كېچىدە كەلگەن مېھماندىن شۈبھى- لىنىپ تامغا يۆلىنىپ قالدىم.

— تولپار ئاي، ئىشىكنى ئېچىڭ!

بۇ يەنە مەن يىرگىنىدىغان ئەرلەر- نىڭ ئاۋازى ئىدى. كۆزلىرىم ياشقا تولدى. مېنىڭ ئېرىم بولغان بولسا بېشىمغا بۇ كۈنلەر كەلمىگەن بولار ئىدى. كىشىلەر كېچىلەردە كېلىپ ماڭا زورلۇقمۇ قىلالمايتـ- تى. مەن دۇنياغا مۇشۇنداق خورلۇقلارنى تارتىش ئۈچۈنلا تۆرەلگەنمۇ؟

— تولپار ئاي، مەن سادىرنىڭ ئاغى- نىسى. سىزنى مۇھىم بىر ئىش بىلەن ئىز- دەپ كەلگەنىدىم. ئىشىكنى ئېچىڭ، بولۇڭ!

مەن ئاخىرى ئىشىكنى ئېچىشقا مەج-

بۇر بولدۇم. بوسۇغىدا كىيىملىرى يامغۇردىن چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن ۋىجىك بىر ئەر تۇراتتى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— مەن سادىمنىڭ ئاغىنىسى بولىمەن، — دېدى ئۇ بىر پەس سۈكۈتتىن كېيىن، — سىز مېنى تونۇمايسىز، بابا كېلىۋىدىم سىز يوق ئىكەنسىز. سىزگە راستىنلا ئىچىم ئاغرىيدۇ. تۇرمۇشىڭىز بەك غورىگىل ئىكەن. ئايال كىشىنىڭ كىيىم بىلەن كۆڭلى ئۆسىدۇ. سىز بەك گۈزەل ئايال. شۇڭا قىزىل دۇخاۋىنى سىزگە ئەكەلگەن...

— ھە، سىز ئىكەنسىز-دە، رەھمەت ماڭا كۆيۈنۈپ كەتكىنىڭىزگە. مېنىڭ ھەممە نېمەم تەل. ماڭا خەقنىڭ نەرسىسى لازىم ئەمەس. ئېلىڭ بۇ نەرسىڭىزنى. قېنى، كەلگەن يولىڭىزغا مېڭىڭ! — دېدىم زەردەم بىلەن.

— تۇلپارئاي، — دېدى ئۇ تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن، — مەن بۈگۈن بۇ يەرگە ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن كەلدىم. مېنىڭ ئۇنداق قىلىش ئويۇممۇ يوق ئىدى. لېكىن ئىشنى سادىم ئۆزى باشلاپ بەردى. مەن سىزگە قىزىل دۇخاۋىنى ئاتىدىم. سىزمۇ ماڭا...

ئۇ شۇنداق دېدى-دە، ماڭا ئېتىلىپ كەلدى.

قولۇمغا نوغۇچنىڭ قانداق چىقىپ قالغانلىقىنى بىلمەيلا قالدىم. ئۇنىڭ باش-كۆزلىرىگە نوغۇچ بىلەن ئۇرۇۋەردىم. ئۇ ماڭا قول تەگكۈزۈپ بولغىچە پېشانىسىدىن قان ئېقىشقا باشلىدى... مەن ئۇنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقاردىم.

سادىمنىڭ ئاغىنىسى بىردەمنىڭ ئىچىدە يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بوشاپ قالغانىدى.

— خەپ سادىم! — دېدى ئۇ سىرتقا چىقىپ كېتىۋېتىپ.

مەن ئۇنىڭ قىزىل دۇخاۋىسىنى تالاغا ئاتتىم. دۇخاۋا پاتقاققا مىلەندى. ئىشىكنى مەھكەم تاقاپ كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلىدىم-دە، ھۆكرەپ يىغلىۋەتتىم. چۈشۈمدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان ئىشلارغا ئەمدى دۈچ كەلمەكتە ئىدىم. ئۆز ۋاقتىدا سادىم ئۇنىڭ ئايالى بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇپ كېتىپ بىز بىلەن قىلچىمۇ كارى بولمىغانىدى. بىر كۈنى ئىشتىن كۈندىكىدىن بىرنەچچە سائەت بۇرۇن ئۆيگە قايتتىم. مەن ئىشىكتىن كىرىپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇلار مېنى كۆرۈپ ئۇپۇر-توپۇر بولۇپ كەتتى. ئايالمۇ ئالدىراش-تېنەشلىكتە كۆڭلىكىنى كىيىشكە باشلىدى. مەن بېرىپ ئۇنىڭ چېچىغا ئېسىلدىم. ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن سادىم قولۇمنى ئۇنىڭ چېچىدىن ئاجرىتالماي قورسىقىمغا تەپتى ۋە باش-كۆزلىرىمگە قاتتىق ئۇرۇۋەتتى...

مەن ئۆز ۋاقتىدا دولقۇنلار قوينىدا ھالاك بولغان بولسام بۈگۈنكى كۈندە ئۆيۈمگە قىزىل دۇخاۋا تاشلاپ ئۆز مەقسەتلىرى ئۈچۈن مېنى ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرمىگەن، بېشىمغا بۇ كۈنلەر كەلمىگەن بولار ئىدى. ھەي سادىم، ھەي سادىم! سەن ئائىلىمىزنى ۋەيران قىلدىڭ. سېنىڭ كاساپىتىڭدىن ئەمدى باشقىلار بىزنى ئاجىز كۆرۈپ بوزەك ئەتكىلى تۇردى...

شۇ ئىش بولۇپ ئارىدىن بەش-ئالتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مەن ناھايىتى تەستە يىغىپ توپلىغان ئازغىنە پۇلۇم ئۆيدىن يوقاپ كەتتى. مەن پۇلنى كاڭغا سېلىنغان كىگىزنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويغانىدىم. ئۆي ئىچىنى قويماي ئاختۇرۇپ چىقتىم. پۇل تېپىلمىدى. روھىم بەكلا چۈشۈپ كەتتى. ئاخىرى سادىمنىڭ ئاغىنىسىنى پۇلۇمنى ئوغرىلىۋالدى، دەپ ساقچىغا مەلۇم قىپتىمەن. ئەسلىدە سادىم سىرتتا ئويناپ يۈرگەن

www.uyghurkitap.com

دىلنۇردىن مېنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىمنى بىلگەن ھەم ئۆيگە كىرىپ، ئۇ يەر بۇ يەرنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ كىگىزنىڭ ئاستىدىكى پۇلنى تېپىۋالغانىكەن. قىزىم ئۇنى ماڭا كېيىنرەك ئېيتىپ بەردى. تېخى ئۇ: مەن سىزنىڭ دادىڭىز بولىمەن، ئۆيگە كەلگەنلىكىمنى ئاپىڭىزغا ئېيتىپ قويماڭ، دەپ جېكىلەپتۇ. مېنىڭ سادىمغا بولغان غەزىپىم تېخىمۇ ئاشتى. مەن شۇ پۇللارنى قانچىلىك تەستە ئىشلەپ تاپقان - ھە؟ مېڭەم بەلگىلىك مۇددەتتە پارتلايدىغان بومبىدەك زىڭىلداپ ئاغرىشقا باشلىدى. مەن گويا ھاڭغا غۇلاپ چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك يەنە ھاياتتىن ئۈمىدىمنى ئۈزدۈم. تارتىۋاتقان دەرد - ئەلىمىم ئازلىق قىلغاندەك بىر كۈنى قىزىم دىلنۇر تۇيۇقسىز غايىب بولدى. مەن ئۇنىڭ بېرىش ئېھتىمالى بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك بېرىپ ئۇنى ئىزدىدىم. بىراق دىلنۇرنىڭ سايىسىنىمۇ تاپالمىدىم. ياش داغلىرى بىلەن تولغان كۆزلىرىم ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. يۈزۈمنىڭ تېرىسىمۇ قارىداپ رەڭگىنى يوقاتقانىدى. مەن ئاخىرى سادىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بېقىش قارارىغا كەلدىم. بىز ئايرىلىپ كەتكەن تۆت يىلدىن بۇيان ئۇنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدىم. يەنە شۇ تونۇش قورۇ. بىراق ئىشىك ئالدىنى ئوت - چۆپلەر بېسىپ كەتكەن، تاملارنىڭ سۇۋاقلىرى چۈشۈپ ئەسكىرىپ كەتكەنىدى. سادىم ئىت باققان بولسا كېرەك. ئالا بويناق بىر ئىت قاۋىغىنىچە ئالدىمغا ئېتىلىپ كەلدى. شۇ ئارىدا ئوغلۇم ئېلشات يۈگۈرۈپ كېلىپ ئىتنى توستى ۋە ماڭا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى. مەن تۆت يىلدىن بۇيان ئۇنى كەينىدىن بولسىمۇ كۆرەلمىگەنىدىم. سادىم ئۇنى سەھرادىكى بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىۋەتكەن ئىكەن. دىلنۇرمۇ ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى. ئىككى بالام ماڭا ئېسىلىپ يىغا-زارە قىلغىلى تۇردى. مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم. ئېلشاتنىڭ كىيىملىرى كىر ۋە يىرتىق، چاچلىرىمۇ ئۆسۈپ پاخپىيىپ كەتكەنىدى. قانسىز يۈزىدىكى كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ بىر يەرلەردە پىلدىرلاپ قالغانىدى. مەن زادىلا چىداپ تۇرالمىدىم.

— سىز ئادەممۇ، باشقا نەرسىمۇ؟ پۇلنى ئوغرىلاپ كەتكىنىڭىزنى ئاز دەپ ئەمدى بالىنى ئوغرىلىدىڭىزمۇ؟ — دېدىم مەن غەزەپ بىلەن، — مەن مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئاغىنىڭىزنى ساقچىغا تۇتۇپ بېرىپتىمەن. سىز قۇتۇلۇپ قاپسىز. دەرھال پۇلنى قايتۇرۇڭ! بالىلارنىڭ دەردىنى ئۆزۈملا تارتاي!

— ئىككى بالىنى ئېلىپ كېتىش نىيىتىڭ بولسا سەن ماڭا باققان ھەققىمنى تۆلە! — دېدى سادىم گۇركىرەپ تۇرۇپ، — شۇ چاغدا مەن بالىلارنى ساڭا قوشۇپ قويىمەن.

— ئۆزۈمنىڭ باغرىدىن تامغان بالىلارنى ئۆزۈم پۇل تۆلەپ ئالامدىم؟! جاھاندا مۇشۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟ سادىم سىز ئالجىپ قالدىڭىزمۇ - يا؟ مۇنداق رەھىمسىزلىك قىلماڭ!

— مەن سېنىڭ ۋالاقلاشلىرىڭدىن قورقۇپ قالمايمەن. پۇل بېرىشكە چىدىساڭ ئەكەت، بولمىسا بالىلار ھويلىنىڭ بوسۇغىسىدىن بىر قەدەم نېرى ئاتلىمايدۇ!

يىغلىدىم، يالۋۇردۇم، ئۇرۇشتۇم، بىراق سادىم بالىلارنى زادىلا بەرگىلى ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ بالىلارغا ئازراقمۇ مېھرى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بولمىسا ئۇ ئۆز بالىسىنى ئۆز ئانىسىغا ساتامدۇ. مەن بۇنىڭ ئوكۇم ئىكەنلىكىگە گۇمانلىنىپ قالدىم. توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ، تولغاق ئازابىدا نەچچە رەت ئۆلۈپ - تىرىلىپ تۇغقان بالىلىرىمنى ئەمدىلىكتە مەن پۇلغا سېتىۋالسام، بۇ نېمىدېگەن دەھشەتلىك، نېمىدېگەن شەپقەتسىزلىك بولىدۇ - ھە؟

بالىلارنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن خېلى كۆپ پۇل لازىم ئىدى. بىراق مەن ئۇنى قانداق تاپىمەن. ئاغزىمغا بىر توغرام نان سالمىغىلى ئىككى كۈن بولۇپ قالغانىدى. ئۈچەيلىرىم تارتىشىپ ھالىمدىن كېتىۋاتاتتىم. ھەي، پۇل! ئادەمنى خار قىلىدىغانمۇ، ئېزىز قىلىدىغانمۇ پۇل! مەن ئۇنى نەدىن تاپىمەن؟ دۇنيادا ياشاش نېمىدېگەن تەس. ئىككى كۆزنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرۇشى ئۈچۈن نان ۋە پۇل لازىم ئىكەن. مەن گويا سەدىقە تىلەيدىغان دىۋانىلاردەك تونۇيدىغانلا كىشىلەردىن قەرز سوراۋەردىم. ئۇلار ماڭا ۋە بالىلىرىمغا ئىچ ئاغرىتىشىپ ئۆزلىرىنىڭ ئاران تەستە يىغىپ توشكەن ئازغىنە پۇللىرىنى ماڭا بېرىپ تۇرۇشتى، شۇ تاپتا قانچە ھەرەج تارتسامۇ بالىلىرىنى ئۆز يېنىمغا قايتۇرۇپ كېلىشتىنمۇ ئارتۇق بەخت يوق ئىدى.

مەن ئۆتنە يېرىم قىلىپ توپلىغان پۇللىرىمنى ئېلىپ، سادىمنىڭ ئۆيىگە باردىم. سادىم ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، روھسىز ھالدا مېنىڭ ئالدىمغا چىقتى. ئۇ قولىغا كىرگەن پۇلغا ئىشەنمەيۋاتقاندەك بىر ھازا ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئۇنىڭ يۈزىگە ئاستا-ئاستا كۈلكە يۈگۈردى. دۇنيادا باغرى مۇزدىن يارالغان ئادەم بار دېيىلسە مانا مۇشۇ سادىم تېپىك مىسالى بولالايتتى. بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى مۇناسىۋەت گويا يىرتقۇچ ھايۋان بىلەن بىچارە قوزا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشاپ كېتەتتى.

ئارىدىن 15 يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ 15 يىل مېنىڭ ھەممە نەرسەمنى ئالماشتۇرۇۋەتتى. مۇنداق تۇرمۇشقا ئېرىشىش ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەنىدى. مەن ھالال تەرىم ئارقىلىق قورۇ-جايغا، خېلى كۆپ مال-دۇنياغا ئىگە بولۇپ قالغانىدىم. چوپ-چوڭ بولۇپ قالغان ئىككى بالام ماڭا چەكسىز كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلايتتى، مەن بۇ بايلىقلارنى ئۆزۈم يالغۇز ياراتقان ئىدىم. لېكىن بېشىمغا ئەڭ ئېغىر كۈنلەر كەلگەندىمۇ ۋىجدانىم بىلەن ياشىدىم. ھۆكۈمەت شەخسىي سودىغا يول قويغاندىن كېيىن ئىككى دۇكان ئېچىۋالدۇق، بىرسىدە قىزىم دىلنۇر كىيىم تىكەتتى، يەنە بىرسىدە ئوغلۇم ئېلشات ھەر خىل گەزلىمە رەختلەرنى ساتاتتى. مەن بولسام ئارىلىقتا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئۇلارغا مال يەتكۈزۈپ بېرەتتىم، ئۆز ۋاقتىدا تۇرمۇش قىيىنچىلىقىدا بالىلارنى مەكتەپتە تولۇق ئوقۇتۇش ئىمكانىيىتى بولمىغانىدى.

يېقىندىن بۇيان سادىم دۇكان ئەتراپىدا پات-پات پەيدا بولۇپ قالىدىغان بولدى. يۈزلىرىگە يول-يول قورۇقلار چۈشۈپ خېلىلا جۈدەپ كەتكەن سادىمنىڭ بۇرۇنقى ياۋۇزلۇقى ئاللىقاياقلارغا يوقىلىپ، خېلىلا مۇلايىملىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ بىر كۈنى روھى چۈشكەن ھالدا دۇكانغا كەلدى ۋە:

— تۇلپارئاي، — دېدى ئۇ ناھايىتى بىچارە قىياپەتتە، — بۇرۇن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ سىزنىمۇ، بالىلارنىمۇ ئېغىر كۈنگە قويۇپتىكەنمەن، ئەمدى ئويلىسام خىجىل بولىمەن. ھازىر مېنىڭ بېشىمغا كۈن چۈشتى. شۇڭا سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ياردەم سوراپ كەلدىم. پۇل قەرز بېرىپ تۇرسىڭىز. مەن سىزدىن ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا رازى بولۇپ كېتەي. بىرسى پۇلنى سوراپ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ.

موھتاجلىق يەنە ئۇنى مېنىڭ ئالدىمغا ئەكەلگەنىدى. مەن قەلبىمدە داۋالغۇپ تۇرغان بارلىق ھەسرەتلىك خىياللارنى، ئاچلىق ۋە يوقسۇزلۇق ئىچىدىكى بەختسىز كۈنلىرىمنى، ئىش قىلىپ سادىمنىڭ مېنىڭ ھاياتىمغا ئېلىپ كەلگەن بارلىق ۋەيرانچىلىقلىرىنى ئۇنتۇپ ئۇنىڭغا لازىم بولغان

پۇلنى بەردىم. مەن ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ نەزە-
رىدە قۇتقۇزغۇچى خۇدا بولۇپ قالغانىدىم.
سادىم تارشىدەك قاتقان قولى بىلەن
پۇلنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مەن نە كۈ-
لۈشنى، نە غەزەپلىنىشنى بىلەلمەي، رەختلەر-
گە يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. ئېلشات بولسا
سادىمغا كۆزلىرىنى ئالايتىپ قويۇپ دۇكان-
دىن چىقىپ كەتتى. مەن تەقدىرنىڭ كارا-
مىتىگە ھەيران قالدىم. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز
ئەنە شۇنداق ئالمىشىپ قالغانىدى. مەن
سادىمنىڭ مۇنداق بىچارە ھالەتتە ئالدىمغا
كېلىشىنى زادىلا ئويلىماپتىكەنمەن. مەنمۇ
تۇرمۇشۇمدا ناھايىتى چوڭ بىر كاۋاكنىڭ
بارلىقىنى ئاستا-ئاستا بىلىپ يەتتىم. شۇن-
چە كۆپ مال-دۇنيانى يىغدىم. بىراق بۇ
نەرسىلەر مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئازراقمۇ خۇش
قىلالمىدى.

سادىم مەندىن پۇل قەرز ئېلىپ ئىك-
كى كۈندىن كېيىن كۆتۈلمىگەن بىر ۋەقە
يۈز بەردى. سادىم ئاغىنىلىرى بىلەن يول
بويىدىكى ئاشخانىدا ھاراق ئىچىپ ئولتۇ-
رۇشقان ئىكەن. ئازراق ئىچىپ شىركەيىپ
بولۇپ قالغان ئېلشاتمۇ بىرنەچچە ئاغىنى-
لىرى بىلەن بۇ ئاشخانىغا تاماق يېگىلى
كىرىپتۇ. ئۇ سادىمنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئال-
دىغا دىۋەيلەپ بېرىپتۇ.

— سەن قايسى كۈنى ئاپامدىن پۇل
تىلەۋاتقانتىڭ، ئەمدى قايسى ھالىڭغا بۇ
يەردە ھاراق ئىچىپ ئولتۇرىسەن. بۇرۇن
سەن بىزنى ئاپامغا ساتقانىدىڭ، بىزمۇ چوڭ
بولدۇق، پۇل تاپتۇق. بىلىپ قوي، بىزگە
قىلغانلىرىڭ ئۈچۈن سېنى...

ئېلشات سادىمنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپتۇ.
ئۇزۇقچە ئاغىنىلىرى ئۇنى ئاجرىتىۋېلىپ
ئاشخانىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

كۈنلەر شۇنچە تېز ئۆتمەكتە. ئېل-
شاتنىڭ توي مەرىكىسى يېقىنلىشىپ قالغانى-
دى. قىزنىڭ ئۆيىگە چوڭ چايىنى ئاپىرىشقا
ئىككى كۈن قالغاندا كاللام قېتىپ تېڭىرقاپ
قالدىم. سادىمىمۇ ئاتىلىق مەجبۇرىيىتى
بىلەن قۇدىلارنىڭ ئۆيىگە بارسا قانداق
بولار؟ سادىم بارارمۇ؟ ئېلشات قوشۇلارمۇ؟
دېگەنگە ئوخشاش خىياللار مېڭەمنى چىر-
مىۋالدى. ئويلىغىنىمدەك سادىمنى چاقىرىشقا
ئېلشات ئۇنىمىدى.

سادىم ئېلشاتنىڭ توي خەۋىرىنىمۇ
ئاڭلىيالمىدى، تويىنىمۇ كۆرەلمىدى، دەپ
ئويلاپ يۈرۈپتىمەن. لېكىن قوشنىلار توي
كۈنى سادىمنىڭ بىزنىڭ قورۇنىڭ ئەتراپى-
نى ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى، غەرق مەست
ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە پەر-
زەنت ئوتى ئەمدىلەتىن يېنىۋاتقان بولسا
كېرەك. مەن بىردىنلا ئۆزۈمنىڭ رەھىم-
سىزلىكىگە پۇشايمان قىلدىم، شۇ سادىمنىڭ
پۇشتىدىن تامغان بالا ئەمەسمۇ؟ تويىغا
قاتناشقان، ئاتىلىق نامى بىلەن قۇدىلارغا
سالام بەرگەن بولسا نېمە دېگەن ياخشى
بولار ئىدى، لېكىن بولار ئىش بولۇپ
بولغانىدى.

بىر كۈنى سادىمنىڭ بالنىتسىدا يېتىپ
قالغانلىقىنى ۋە كېسىلىنىڭ خېلىلا ئېغىرلى-
قىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم. مەن ئىلگىرى
سادىمنىڭ گېپى چىقسىلا ئاچچىقىم كې-
لەتتى، سەپرايىم ئۆرلەيتتى. ئەمدىلىكتە تو-
رۇپلا ئۇنىڭغا ھېسداشلىقىم قوزغىلىپ
قالدى. دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۇنى يوقلاش
نىيىتىگە كەلدىم، ئۇ ياش چاغلىرىدا مېنىڭ
قىزلىق قەلبىمگە يوقالماس ئىزلارنى باس-
قانىدى. ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ مېنى
بارلىقى بىلەن سۆيەتتى. مەن ئۈچۈن جې-
نىنى قۇربان قىلىشقىمۇ رازى ئىدى. بىز
دەريا بويلىرىدا، مەجنۇنتال تۈۋىلىرىدە بە-
ختلىك، مۇھەببەتلىك كېچىلەرنى ئۆتكۈز-
گەنىدۇق. دەرياغا چۆمۈلۈپ ئوينىغانىدۇق.
ئۇ قەلبىمىزدە مۇھەببەت ئوتلىرى ئاتەش

بولۇپ يانغان، ياشلىق ھەۋەسلىرى ئۇرغۇپ تۇرغان چاغلار ئىدى.

مەن خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئېلىپ دوختۇرخانىغا سادىمنى يوقلاپ باردىم. ئۇ چوڭ ئادەمنىڭ ئالدىدا ئىزا تارتىپ تۇرغان بالىدەك يەر تېگىدىن ماڭا قاراپ قوياتتى، ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى. مەن قىسمەتنىڭ كارامىتىگە ھەيران قالدىم، بىر چاغدا مەن ئۆلۈۋېلىش ئۈچۈن دەريا بويىدا بىر كېچىنى ئۆتكۈزگەنىدىم. لېكىن شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمىگەن بولغىيدىم. ئەمدىلىكتە بولسا مەن ئۇنىڭ كېسەل كارىۋىتىدىكى نىمجان ۋۇجۇدىغا قاراپ خىيالغا پاتماقتىمەن. ئۇ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ ماڭا تەلمۈرمەكتە. ئاھ، بۇ نېمىدېگەن دەھشەتلىك تراگېدىيەھە. مەن ئەينى ۋاقىتتا دولقۇنلار قوينىدا ھالاك بولغان بولسام سادىمنى بۈگۈنكىدەك بىچارە ھالەتتە كۆرمىگەن بولاتتىم، ئەپسۇسكى رېئاللىق ئادەم خىيال قىلغانىدەك بولمايدىكەن. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆزگىرىدىكەن. بۇنىڭغا نېمە ئامال؟

— قانداقراق تۇرىسىز؟ — دېدىم مەن ئۇزاق خىيالدىن كېيىن ئۆزۈمگە كېلىپ، — سىزنىڭ قېشىڭىزغا ۋاقتىدا كېلەلمىدىم...

سادىم گاڭگىرىغان، ھودۇققان ۋە يېلىنغان قىياپەتتە كۆزلىرىنى ماڭا ئاغدۇردى. مۇشۇ تاپتا مەن ئۇنىڭ پۇشايمان ئوتىدا ئۆرتىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەتتىم. ئۇ ئورۇقلاپ كۆپكۆك تومۇرلىرى كۆرۈنۈپ قالغان قوللىرىنى ئاستا يىغىپ، چىشلىرىنى چىشلەپ شۇنچىلىك تەستە بېشىنى كۆتۈردى - دە، تامغا يۆلەندى. ئۇ بىرنەچچە قېتىم قېقىلىپ يۆتەلگەندىن كېيىن قان تۈكۈردى - دە، ماغدۇرسىزلىنىپ بېشىنى يەنە كارىۋاتقا قويدى. مەن بىر ئىستاكانغا قايناقسۇ قۇيۇپ ئۇنىڭغا تەڭلىدىم.

سادىم قايناقسۇنى ئىچىپ چاڭقاپ كەتكەن ئادەم تەشنالىقى قانغانىدەك بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن ئۇرغۇۋاتقان ھاياجىنىنى زادىلا باسالمىدى. كىچىك بالىلاردەك ئاغزىنى ئۆمچەيتتى.

— تۇلپارئاي، جېنىم تۇلپارئاي، خۇدا ماڭا مۇشۇنداق كېسەلنى سالدى. بىر ئايدىن بۇيان نەچچە ئۆلۈپ نەچچە تىرىلدىم. سىزنى، بالىلارنى كۆرمەي دۇنيادىن كېتىدىغان ئوخشايمەن دەپ ئويلىغان. ھېلىمۇ ياخشى سىز كەپسىز، مەن سىزگە نېمە دېيىشىمنى زادىلا بىلەلمەيۋاتىمەن. مەن ئاغرىپ دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىنلا ئايال كىشىنىڭ، ئۆز پۇشتۇمدىن بولغان بالىلارنىڭ قەدرىگە يەتتىم. ئەينى ۋاقىتتا سىلەرگە قىلغانلىرىمنى ئويلىساملا ئۆزۈمنىڭ گۆشىنى ئۆزۈم يېگۈدەك بولۇپ ئازابلىنىمەن. شۇنداق ئىناق ئائىلىمىزنى ۋەيران قىلىۋەتتىم. سىزنى، بالىلارنى ئازاب - ئوقۇبەت دېڭىزىغا ئىتتىرىۋەتتىم. مەن سىلەرگە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئىشلارنى قىلدىم. جېنىم تۇلپارئاي، مەن سىزدىن نەچچە قېتىم كەچۈرۈم سوراشنى ئويلىدىم. سىزگە تىزلىنىشنىمۇ نىيەت قىلغانىدىم. بىراق قايسى يۈزۈم بىلەن شۇنداق قىلىمەن؟ نەچچە قېتىم جېنىمدىن كېچىپ ئۆلۈۋالماقچىمۇ بولدۇم. بىراق ھاياتتىن ۋاز كېچەلمىدىم. سىلەرنى يىراقتىن كۆرۈپ بولسىمۇ كۆڭلۈمنى بەزلەپ كەلدىم. مەن نېمە ئۈچۈن ياخشى دادا بولالمايمەن؟ مەن نېمىشقا ئايالىم بىلەن بالىلىرىمنى يېتىم قىلدىم؟ مەن

www.uyghurkitap.com

ھايۋانغا ئوخشاپ قالغانلىقىمدىن قاتتىق پۇشايماندىمەن. مەن بەربىر ئۆلۈپ كېتەمەن تۇلپارئاي، مىنى، خۇدا يولىدا كەچۈرۈۋېتىڭ، سىزگە سالغان ئازابلىرىمنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ.

سادىمنىڭ مىجەزى بارا ـ بارا پەسلەپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ يۈرىكىدىن چىقىۋاتقان سۆزلىرىگە زادىلا چىداپ تۇرالمىدىم. كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياش تامچىلىرى قۇيۇلۇشقا باشلىدى. كۆز ئالدىمدىن سادىم ئىككىمىزنىڭ دەريا بويىدىكى خۇشال كۈلكە ـ چاقچاقلىرىمىز، توي كۈنىدىكى چەكسىز ھاياجانلار، ھۇجرىدىكى قىزغىن ئىشقى ـ مۇھەببەت ۋە خۇمالىق بېقىشلار... ئاشۇ 25 يىلىنىڭ ئالدىدىكى كۆرۈنۈشلەر چاقماق تېزلىكىدە ئۆتمەكتە ئىدى. مەن ئائىلىمىزنىڭ تۇنجى پەرزەنتى بولغان ئېلشاتنى تۇغقاندا، ئۇ ئۇچرىغانلا كىشىلەرگە: «ئايالىم ئوغۇل تۇغدى، ئايالىم ئوغۇل تۇغدى!» دېگەن خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگەندە ھەمدە تۇنجى ئاتىلىق مېھرى بىلەن بالىنى سۆيگەن چاغدا مەن نەقەدەر زور ھاياجانغا چۆمگەنمەن ـ ھە؟ ئۇ چاغلاردا سادىم كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ئىككى مەڭزى گىردە ناندەك قىزارغان چەبدەس يىگىت ئىدى. مەھەللىدىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلاتتى. مەن بولسام سادىمنى باشقىلاردىن قىزغىنىدىغان، كۈندەشلىكى يامان قىز ئىدىم.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا ئىشىكتىن ئېلشات، دىلنۇر ۋە يېڭى كېلىنىمىز كېسەلخانىغا كىرىپ كەلدى. بالىلار بىر ماڭا، بىر سادىمغا قارايتتى. ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىكى جاراھەت ھەر ئىككىمىزگە ئايان ئىدى. ئۇلار «دادا!» دەپ چاقىرىشقا نەقەدەر تەشنا ـ ھە؟ بىراق... ئاتا ـ بالىلارنىڭ مۇنداق ئۇچرىشىشىغا زادىلا چىدىيالمىدىم. دۇنيادا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارنىڭ ئالدىدا گۇناھكارلارچە باش ئېگىپ، ئۇلارنىڭ نەپرەتلىك بېقىشلىرىغا ئۇچراش نەقەدەر ئازابلىق ـ ھە؟

— ئوغلۇم، قىزىم، يېقىن كېلىڭلار، مەن سىلەرنى ياخشىراق كۆرۈۋالاي،— دېدى سادىم كارىۋات بېشىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان بالىلارغا ئىما قىلىپ،— يېقىنىراق...

بالىلار كارىۋاتقا ئولتۇردى. سادىم ۋۇجۇدىدىكى بارلىق كۈچىنى يىغىپ تەستە بېشىنى كۆتۈردى ـ دە، ئۆزىنى ئېلشاتنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. ئۇ بالىلارنىڭ «دادا!» دەپ چاقىرىشىنى، بالىلىق مېھرى بىلەن كۆڭلىگە تەسەللى بېرىشىنى شۇنچىلىك ئارمان قىلاتتى. بىراق بالىلار «دادا!» دەپ چاقىرمىدى، تەسەللىمۇ بەرمىدى. پەقەتلا كۆز يېشى قىلدى. سادىمغا بىردىنلا زېمىن پىرقىراۋاتقاندەك، قۇياش شىددەتلىك كۆيدۈرگۈچ نۇرىنى تۆكۈۋاتقاندەك، دەريا سۇلىرى غەزەپلىك قىيانىنىڭ بېسىپ كېلىشى بىلەن قىنىدىن تېشىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى ھەمدە ئۇ ئۆزىنىڭ كېسەل كارىۋىتى بىلەن قوشۇلۇپ چوڭقۇر ھاڭغا غۇلاپ كېتىۋاتقاندەك قورقۇنچقا چۆمدى. بالىلار شۇندىلا زۇۋانغا كېلىپ:

— دادا...— دەپ توۋلىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر: كامىل تۇرسۇن

مېھرىنىسا مامۇت

# ئەقىدە

(ھېكايە)

سەلىمە پەرىشان ھالەتتە مەكتەپتىن بالدۇرلا يېنىپ كەلدى، ئۇ بوسۇغىدىن پۇتىنى ئېلىپلا ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى ئۈجمە دەرىخى ئاستىدا خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ قالغان ئانىسىنى كۆردى - دە، ئىتتىكلا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

نۇسرەتخان ئانا ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن كىرىپ كېلىۋاتقان سەلىمەنى كۆرۈپ سورىدى:

— قىزىم، بۈگۈن بالدۇرلا قايتىپلىغۇ؟

— ھەئە ئانا، بۈگۈن مەكتەپتە مەجلىس ئېچىلغان، شۇڭا بالدۇر قايتتۇق، — دېدى ئۇ ۋە ئانىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاستا ئۆيگە بۇرۇلدى. ئۆيگە كىرىپلا شىرە ئۈستىدە تۇرغان خەتنى كۆردى - دە، قانداقلا بولمىسۇن بىر ئوقۇپ باققۇسى كېلىپ خەتنى قولىغا ئالدى. خەت ئۇنىڭ قەلب قەسىرىدىن سۈرگۈن قىلىنغان ساۋاقدىشىدىن كەلگەچكە ئاخشام ئاچچىقىدا ئوقۇمايلا تاشلاپ قويغانىدى.

سەلىمە خەتنى ئاچتى، خەت قېرىنداش بىلەن ئىمىر - چىمىر يېزىلغانىدى:

«سالام قىممەتلىك سەلىمە، قانداق ئەھۋالىڭىز؟

مەن بۇ خەتنى، ياق، ئادەمخور مەخلۇقنىڭ بۇ ئىقرارنامىسىنى كۆركەم ياسالغان قەۋەتلىك بىنالاردا، ئازادە ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ ئەمەس، بەلكى زەي تۆرمىدىكى بورا ئۈستىدە ئولتۇرۇپ يېزىۋاتىمەن، بۇندىن بۇرۇنقى خەتلىرىم ھەۋەسنىڭ ھەممە كوچىلىرىدا ئەركىن تاماشا قىلىپ ئۆگىنىپ قالغان پەسكەش كۆڭلۈمنىڭ ئىزھارى بولغان بولسا، بۇ خېتىم، ياق، بۇ ئىقرار نامەم سىزنىڭ چىن دىل بىلەن سۆيگەن يىگىتىڭىز ئەكبەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىگۇناھ قىز - يىگىتلەرنىڭ پاك سۆيگۈ غۇنچىسىنى ۋاقىتسىز نابۇت قىلغان ئادەمخور جاللاتنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدىكى تۆۋىنامىسىدۇر.

ئاھ! سەلىمە، ئىنساننىڭ قانداقلىقى خۇددى مەشھۇر پېداگوگنىڭ سۇخوملىنسكىي ئېيتقاندەك، ئۆزى تەنھا قالغان ۋاقىتتىلا بىلىنىدىكەن، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى ھەقىقىي ئىنسانىي ماھىيەت، ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى باشقا بىرسى ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆز ۋىجدانى باشقۇرغاندىلا نامايان بولىدىكەن، سەلىمە، شۇ تاپ خېتىمنىڭ مەز-

مۇنىنى چۈشەنمەيۋاتسىزغۇ دەيمەن، ئاڭ-
لاڭ، ئەكبەرنىڭ ياش ھاياتىنى ۋاقىتسىز
نابۇت قىلغان مەن، سەلىمە، مەن ئەسلى
ئۇنداقلاردىن ئەمەس ئىدىم. ئازماس ئاللا دې-
گەندەك، ئازمايدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك.
ئەينى ۋاقىتتا تەڭداشسىز مۇھەببەت ۋە
رەشك ئوتى مېنى ئاشۇنداق تەلۋىلىك
قىلىشقا مەجبۇرلىغان، سىزنىڭ بۇ خېتىمنى
ئوقۇپ مەندىن قانچىلىك يىرگىنىدىغانلى-
قىڭىزنى سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن، قان - زەر-
دابقا تولغان شۇ جاراھەتلىك يۈرىكىڭىزنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ مەڭگۈ مۇمكىن-
ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرساممۇ، ھالاكەت
گىرداۋىدا تۇرۇۋاتقان شۇ مىنۇتلاردا بۇ
خەتنى يازماي تۇرالمىدىم، شۇ تاپ ھەس-
رەت ۋە پۇشايمان ئىچىدە كۆيۈپ كۈلگە
ئايلىنىپ كېتەيلا دەپ قالغان يۈرىكىم سىز
ۋە سىزگە ئوخشاش قىز - يىگىتلەردىن كە-
چۈرۈم سوراۋاتقىنىدا تەقدىرىم رەھىم-
سىزلىك بىلەن كۈلمەكتە. نېمە ئامال؟ دا-
دامنىڭ ھوقۇقى تۈپەيلى ھورى ئىچىدىلا
يېپىلىپ كېلىۋاتقان جىنايەتلىك قازىنىم-
نىڭ تۈۋىقى ئاخىرى ئېچىلىپ، ئۆمۈر-
لۈك تۇتقۇنلۇققا مەھكۇم قىلىندىم، مانا
ھازىر ئۆزۈمنىڭ قايسى ھالغا چۈشۈپ قال-
غانلىقىمنى قەغەز يۈزىدە تەسۋىرلەپ بې-
رەلمەيمەن، ھاياتنى، سۆيگۈنى، مۇھەببەت-
نى چۈشىنىپ يەتكىنىمدە... ئاھ! بولدىلا،
بۇ سۆزلەرنى يېزىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئەمدى
پايدىسى يوق، بىلىمەن، سىز مېنى كە-
چۈرمەيسىز، مەن ئالدىڭىزدا ئۆمۈرلۈك
گۇناھكار، جىنايەتچى، مېنىڭ رەزىل قىل-
مىشىمنى ئاڭلىغان ھەرقانداق بىر ئىنسان-
مۇ مېنى كەچۈرمەيدۇ...»

سەلىمە قولىدىكى خەتنىڭ يەرگە چۈ-
شۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيمىدى، قانچە
ئاي، قانچە كۈنلەردىن بېرى ئۇنىڭ يۈ-
رىكىنى غاجىلاۋاتقان قۇرت بىردىنلا كۈچ-
لۈك يىلانغا ئايلىنىپ ئىچ - باغرىنى يە-
ۋاتقاندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدى ئاچچىق ئاغ-
رىق دەستىدىن جۇغۇلداپ كەتتى، ئۇنىڭ
كۆزلىرى بىر نۇقتىغا قادىلىپ قالدى.
كۆكىرىپ كەتكەن لەۋلىرى توختىماي تىت-
رەيتتى.

ئىشىكتە بىر نەرسە كۆتۈرۈپ كى-
رىپ كەلگەن نۇسرەتخان ئانا سەلىمەنىڭ
تاتارغان چىرايىنى كۆرۈپ يۈرىكى جىغ
قىلىپ كەتتى ۋە ئىتتىكلا سەلىمەنىڭ قې-
شىغا كەلدى:

— ئۆزلىرىگە نېمە بولدى، قىزىم؟

سەلىمە چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ
ئالدىدا تۇرغان ئانىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.
ئانىنىڭ تىلىم - تىلىم قورۇق چۈش-
كەن ياداڭغۇ يۈزىدە، ھەسرەتكە تولغان
نۇرسىز كۆزلىرىدە قىزغا نىسبەتەن ئانىلىق
مېھىر، سۆيۈنۈش تۇيغۇلىرى جىلۋە قىلىپ
تۇرغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭمۇ يۈرىكىنى
ئۆرتەۋاتقان چوڭقۇر ئىچكى ئازاب مانا
مەن دەپ چىقىپلا تۇراتتى، بولۇپمۇ ئا-
نىنىڭ داۋاملىق ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان
كۆزلىرى ئۇنىڭ قەلب يارىسىنى ئاشكارى-
لاپ تۇراتتى، ھازىرمۇ ئۇ قانداقتۇر بىر
ئەندىشە ئىچىدە تىپىرلاپ قېلىۋاتقاندەك
قىلاتتى.

سەلىمە ئانىغا مەيۈس قىياپەتتە بىر
پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن گەپ قىل-
مايلا سىرتقا قاراپ ماڭدى، ئەگەر ئۇ
سەللا غەيرەت قىلمىغان بولسا ئانىغا ئېسى-
لىپ يىغلىۋەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن قاي-
تا ھازا باشلىنىپ كەتكە بولاتتى، سەلىمە-

www.uyghurkitap.com

نىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىش ئورنىغا، ئۆزىگە
پەرىشان قاراپ قويۇپ چىقىپ كېتىشى ئانىنىڭ
يۈرەك باغرىنى ئېزىۋەتتى. ئۇ نېمە قىلى-
شىنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى.

سەلىمە ئۆزىنىڭ قاندىقلارچە قەب-
رىستانلىقتا كېلىپ قالغانلىقىنى سەز-
مەي قالدى، پەقەت تونۇش قەبرىلەر
كۆزىگە چېلىقىشى بىلەنلا ئاندىن ئېسىگە
كېلىپ كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى.

خارابىلىككە ئايلىنىپ كېتەيلا دەپ
قالغان بۇ ۋەيرانە قەبرىستانلىقنىڭ كۈن-
چىقىش تەرىپىدە كۆكۈل قويۇپ ياسىلىپ،
تۆت ئەتراپىغا ھەرخىل گۈللەر ئۆستۈرۈل-
گەن ھەيۋەتلىك بىر قەبرە ئالاھىدە كۆز-
گە تاشلىنىپ تۇراتتى.

سەلىمەنىڭ كۆزى ئاشۇ تونۇش قەب-
رىگە چۈشۈشى بىلەن ئۆزىنى زادىلا تۇتۇ-
ۋالالمىدى، ئۇ دەلدەڭشىگىنىچە بېرىپ ئۆزىنى
قەبرە بۆشۈكىگە ئاتتى - دە، بۇقۇلداپ
يىغلاپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئال-
دىدا ئۆتكەنكى بەختلىك چاغلىرى ھەم
ئازابلىق كۈنلەر گەۋدىلىنىپ، خىيال كەپ-
تىرى يىراقلارغا ئۇچۇشقا باشلىدى...

تۈن يېرىمىدىن ئاشقان چاغ.

يۇلتۇزلارنىڭ ئەتراپقا تەكشى چې-
چىلغان كۈمۈش رەڭ نۇرلىرىدىن ياتاق ئىچى-
مۇ خۇددى كۈندۈزدەكلا يورۇپ كەت-
كەن بولۇپ، دېرىزە رۇجىكىدىن كۆرۈنۈپ
تۇرغان ھىلال ئايمۇ قەلبى تەسۋىرلىگۈ-
سىز شادلىقتىن كۆۋەجەپ دولقۇنلاۋاتقان
سەلىمەنىڭ خىيال دېڭىزىدا بەھۇزۇر ئۈ-
زۈشكە يار - يۆلەك بولۇۋاتقاندەك، ياتاق
ئىچىگە ئىللىق نۇرىنى چېچىپ تۇراتتى،
ئەنە، باش تۇخۇمۇ چىللىدى، سەلىمەنىڭ

كۆزلىرىگە ھېچ ئۇيقۇ كەلمىگەندەك ئەمەس
ئىدى، ياتاق ئىچى جىم-جىت بولۇپ،
بەخت ئۇيقۇسىدا تاتلىق ئۇخلىشىۋاتقان يا-
تاقداشلىرىنىڭ يېنىك پۇشۇلداشلىرىدىن
باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى، مۇستەقىل ھا-
يات، ئۆزى بىلەن تەڭ دىمەتلىك قىزلار
بىلەن بىر ياتاقتا يېتىش ئۇنىڭ سەبىي
يۈرىكىدە ئاللىقانداق ھېسسىياتلارنى ئويغات-
تىمىكىن، قەلبى ئاجايىپ تاتلىق ھېسسى-
ياتلار ئىلكىدە دولقۇنلىناتتى، خىيال
قۇشلىرى تەپەككۇر ئاسمىنىدا پەرۋاز قى-
لىپ ئۇنى ھەر تەرەپلەرگە ئېلىپ كېتەت-
تى، شۇ ئەسنادا ئۇ ئىختىيارسىزلا ئاتا -
ئانىسىنى ئەسلەپ قالدى.

ئۇنىڭ دادىسى پېشقەدەم مائارىپچى
بولۇپ، ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقى-
لابى» دا قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئانىسىمۇ
شۇ سەۋەبتىن يۈرەك كېسىلىگە گىرىپ-
تار بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كەتكە-
نىدى، ئاتا - ئانىسىدىن بىراقىلا يېتىم
قالغان سەلىمە شۇنىڭدىن كېيىن تاغىسى-
نىڭ ئۆيىدە تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى ۋە
شۇ ئۆيدە يېتىپ - قوپۇپ ئوقۇشىنى دا-
ۋاملاشتۇردى. بىراق سەلىمە بۇ ئۆيدە
ياخشى كۈنگە ئېرىشەلمىدى، تاغىسىنىڭ
ئايالى ناھايىتى پىخسىق، قىتىغۇر ئايال
بولۇپ، تاغىسىمۇ ئايالىنىڭ سىزغان سىزى-
قىدىن چىقالمايتتى، شۇ سەۋەبلىك سەلى-
مە كۈن بويى تىل - دەشناملاردىن قۇ-
تۇلالمايتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئۆگىنىش-
نى ھەرگىز بوشاشتۇرۇپ قويمىدى، كۈن-
دىلىك ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى ۋاقتىدا پىش-
شىقلاپ ئۆگىنىپ ماڭدى. كىچىك تۇرۇپ-
لا تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلىرىنى
بېشىدىن كۆچۈرۈپ كېلىۋاتقان سەلىمەنىڭ

يۇمران قەلبىدە مۇھەببەت - نەپرەت، گۈزەللىك - رەزىللىككە نىسبەتەن ئېنىق كۆز قاراش تىكلەندى، ئۇ دەرستىن سىرتقى بوش ۋاقىتلىرىدا مەشق تەرىقىسىدە كىچىك - كىچىك ھېكايە ۋە شېئىرلارنىمۇ يازاتتى، ئاخىرى تىرىشىپ ئۆگىنىش نەتىجىسىدە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى بويىچە ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى.

سەلىمە ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزىنى ئىنتايىن بەختلىك ھېسابلاپ، كەلگۈسى توغرىسىدىكى شېرىن خىياللارنى قىلىدىغان بولدى، قەلبى ئۇلۇغ ئارزۇ - ئىستەكلەرگە تولۇپ، تۈنلەرنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزۈپ چىقتى، ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە سىغمايتتى، كەلگۈسىدە چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلىشنى، ۋەتەننىڭ، خەلقنىڭ شۇنداقلا مەرھۇم ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاشنى كۆڭلىگە پۈكەتتى، ئۇ ئاشۇ ئىرادە، ئىستەكلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە ئالىي مەكتەپتىمۇ تىرىشىپ ئۆگەندى، بىراق «خۇشاللىققا خاپىلىق ھەمراھ» دېگەندەك، ئۇنىڭ ئەندىشىلىرىمۇ يوق ئەمەس ئىدى، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ قەيسەر ئىسىملىك ئوغلى سەلىمە بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيتتى، سەلىمە مەكتەپكە كېلىپ بىر يىل ئۆتەر ئۆتمەستىنلا قەيسەر ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ، ھەدېسىلا تېتىقسىز خەتلەرنى يېزىشقا باشلىدى، ئۇ سەلىمەدىن دەككىسىنى يېگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا! ھەر خىل سۆز-چۆچەكلەرنى تارقىتىشقا باشلىدى. بۇ ئىش سەلىمەنىڭ يۈرىكىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن نەپرەت پەيدا قىلىۋاتاتتى. 3 - ئوقۇش يىلىغا كەلگەندە تاساددىپىيلا قولىغا تەگكەن بىر پارچە خەت سەلىمەنىڭ قەلب تارىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، يۈرەك باغرىنى ئېرىتىۋەتتى، سەلىمە ئۆزى بىلەن پاراللېل سىنىپتا ئوقۇيدىغان ئەكبەر ئىسىملىك بۇ يىگىتنى تونجى قېتىم فاكۇلتېت بىناسىنىڭ ئالدىدىكى قارا تاختىغا خەت يېزىۋاتقان چاغدا كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ خېتىنىڭ شۇنچىلىك چىرايلىق ئىكەنلىكىگە ھەيران قالغانىدى. ئىككىنچى قېتىم ئۇلار مەكتەپ بويىچە «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى»لارنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا سەھنىدە بىللە مۇكاپاتلاندى.

ئېگىز بوي، قوڭۇر چاچ، بۇغداي مايسىلىرىدەك كۆكىرىشكە باشلىغان يۇمران بۇرۇتى چىرايىغا بەكمۇ ياراشقان 22 ياشلار چامىسىدىكى بۇ يىگىت ناھايىتىمۇ چىرايلىق بولۇپ، كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە ئوماق كۆرۈنەتتى، شۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىرقانچە قېتىم ئۇچراشقان بولسىمۇ تېخى بىرەر ئېغىز پاراڭ سېلىشىپ باقمىغانىدى.

سەلىمەنىڭ تونجى سۆيگۈسى ئەنە شۇ خەت بىلەن باشلاندى، قەددى - قامىتى كېلىشكەن، كەم سۆز، ئېغىر - بېسىق بۇ يىگىت سەلىمەنىڭ كۆڭلىدىكىدەك يىگىت بولۇپ، ھەر ئىككىيلەننىڭ ھەۋىسى، قىزىقىشى ئورتاق ئىدى، يېزىقچىلىق مەشقلىرىدە ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئورتاق مۇھاكىمە قىلىشاتتى، ھەر ئىككىيلەن ئۆز بەختىدىن تولىمۇ خۇرسەن ۋە رازى ئىدى، تەقدىرنىڭ مۇنداق ئۇچراشتۇرغىنىغا ئاپىرىن ئېيتاتتى.

بىر شەنبە كۈنى دەرستىن چۈشكەندە سەلىمە بىر نەرسە ئېلىش ئۈچۈن مەكتەپ ماگىزىنىغا كىرىپ تۇيۇقسىزلا قەيسەر

بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— ھە، سەلىمە، ماگىزىنىغا كىرىدىغان ۋاقىتلىرىڭىزمۇ بولىدىكەن - ھە؟! — پۇڭكەيگە يۆلىنىپ تاماكا چېكىپ تۇرغان قەيسەر قولىدىكى تاماكا قالدۇقىنى تاشلاپ سەلىمەنىڭ ئالدىغا كەلدى، — ھودۇقماڭ، بىز ساۋاقداش ئەمەسمۇ؟ ئەگەر سىز ماڭا ماقۇل دەيدىكەنسىز، مەن دادامغا دەپ سىزنى مۇشۇ مەكتەپكە ئېلىپ قالغۇزىمەن، پۇل، مال، كىيىم - كېچەكلەرگە كۆمۈۋېتىمەن، قانداق؟

سەلىمە گەپ - سۆز قىلماي قەيسەرگە ئاجايىپ بىر غەلىتە نەزەر بىلەن تىكىلدى، بۇنى ئۆزىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولغانلىق، دەپ ئويلىغان قەيسەر تېخىمۇ قىزىشىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— سەلىمە، مېنى... مېنى قىينىماڭ، مەن سىز ئۈچۈن جېنىمنى قۇربان قىلىشقىمۇ رازى، ئويلاپ بېقىڭا، ئەكبەردەك مۆرىمەستىن مېنىڭ نەرىم كەم - ھە؟! — قەيسەر سەلىمەگە يېقىنلاشتى، ئۇنىڭ قىزىل كۆزلىرى خومالىشىپ يومۇلۇپ كېتىۋاتاتتى، سەلىمە ئەمدى زادىلا چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ:

— تىلىڭىزنى تارتىڭ، كىشىلەرنى خالىغانچە ھاقارەتلەشكە ھەققىڭىز يوق! — دەپلا ماگىزىنىدىن يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى.

ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانلىرى ئېلىنىۋاتقان چاغ. كەچلىك مۇزاكىرىدىن چۈشۈشكە چېلىنغان سىگنال ئاۋازىدىن ئەكبەر بىلەن سەلىمە قىزغىن تالاش - تارتىش ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان مۇنازىرىلىرىنى توختىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى.

— بولدى سەلىمە، ئەتىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىمتىھاننى ياخشى بېرىشىمىز كېرەك، چارچاپمۇ قالغانسىز، كىرىپ ئارام ئالايلى، — دېدى ئەكبەر مۇلايىم ئاۋازدا. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ تۇيۇقسىزلا بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھە راست، ئانامدىن خەت كەپتىكەن، خېتىدە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ھەر ئىككىڭلار مېنىڭ قېشىمغا قايتىپ كېلىڭلار، دەپتۇ...

سەلىمەنىڭ يۈزى ھوپپىدە قىزىرىپ، يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، ئۇ ئۆزىدىكى ھاياجانلىق ھودۇقۇشنى بېسىۋالغاندىن كېيىن سىلىق ئەمما قەتئىي ئاۋازدا:

— بىزمۇ شۇنداق كېلىشكەنغۇ... — دېدى.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى ئەكبەر ھاياجانلانغان ھالدا سەلىمەگە قاراپ، — خوش ئەمىسە ياخشى چۈش كۆرۈڭ.

ئىشىكنىڭ چېكىلىشىدىن ئويغىنىپ كەتكەن سەلىمە دېرىزىگە قاراپلا تاڭنىڭ سۈزۈلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدى - دە، كىيىملىرىنى ئالدىراپ كىيىپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى.

ئىشىكتە ئەكبەرنىڭ ئاغىنىسى غۇلام ئۆڭ - ئۆسۈلى ئۆچكەن ھالدا تۇراتتى.

سەلىمە تېڭىرقاپ قالدى.

— نېمە بولدى؟

— يۈرۈڭ، سىرتقا چىقىپ پاراڭلىشايلى، — غۇلام شۇنداق دەپلا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ماڭدى. سەلىمەنىڭ كۆڭلىگە ئەنسىزلىك چۈشتى. ئۇ ئۈن - تىنسىز غۇلامغا ئەگىشىپ ماڭدى.

— سەلىمە، سىز ھەرقانداق ئىشقا ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلالايسىز، مەن بىر كۆڭۈلسىز خەۋەر ئېلىپ كەلدىم، كېچە ئەكبەر نامەلۇم لوكچەكلەرنىڭ زەيانكەشلىكىگە ئۇچراپتۇ، بىز بۇنىڭدىن

www.uyghurkitap.com

ھايلا خەۋەر تاپتۇق، ئەكبەر ھازىر دوختۇرخانىدا قالدى...

سەلىمە غۇلامنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمىغاندەك قېتىپ تۇرۇپلا قالدى، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ ـ سارغىيىپ كەتتى. گېلىنى بىرسى بوغۇۋالغاندەك گەپ قىلالمىدى، خېلىدىن كېيىن:

ـــ ھازىر ئەكبەر قانداقراق؟ ـــ دېيەلىدى.

ـــ ئەكبەر سالامەت، ئۇنىڭ قېشىغا كىرگەندە يىغلاپ پاراكەندە قىلماسلىقىمىز كېرەك، دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇنىڭغا روھىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشىمىز بەكلا زۆرۈركەن، ـــ غۇلامنىڭ ئاۋازى كەسكىن، بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا ئىدى.

پۈتۈن بەدىنى بوشىشىپ، بارغانسېرى دەرمانسىزلىنىپ كېتىۋاتقان سەلىمە، كۆكلەم يامغۇرىدەك قۇيۇلۇۋاتقان كۆز ياشلىرىنى ھېلىدىن ـ ھېلىغا سۈرتۈپ، غۇلامغا ئەگىشىپ دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلگەندە ئەكبەرنىڭ كارىۋىتى ئەتراپىدا ئۈچ ـ تۆت سېستىرا ۋە بىر ياشانغان دوختۇر تۇراتتى، ئەكبەرنىڭ بېشى داكا بىلەن ئورالغان بولۇپ، يۈز ـ كۆزلىرى ئادەم تونۇغۇسىز دەرىجىدە كۆكىرىپ ئىششىپ كەتكەنىدى.

سەلىمە دوختۇرنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئىچ ـ ئىچىدىن قاپساپ كېلىۋاتقان كۈچلۈك يىغىنى كۈچ بىلەن توسقان بولسىمۇ ئەكبەرنىڭ كارىۋىتى ئالدىغا كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى، غۇلام تۇتۇۋالمىغان بولسا ئۇ ئەكبەرگە ئۆزىنى ئېتىۋەتكەن بولاتتى.

شۇ ئارىدا سەل ھوشىغا كەلگەن ئەكبەر بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئىڭىرىدى ۋە ئاستا كۆزىنى ئاچتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى قان قۇيغاندەك قىپقىزىل بولۇپ كەتكەنىدى، ئۇ بېشىدا قاراپ تۇرغانلارغا سەپسېلىپ قارىدى، كۆزلىرى سەلىمەنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى، لەۋلىرى تىترىدى، ئۇ گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ، ئاغزىنى مىدىرلاتتى:

ـــ سە ... لىمە ... ئا ... نام ...

ئەكبەر شۇنداق دېيەلىدى، بىر پەستىن كېيىن ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى ـ دە، بېشى يانغا چۈشۈپ كەتتى. شۇئان سەلىمە ئارقىسىغا دىرىڭڭىدە ئۆچۈپ كەتتى...

ئۇ ھوشىغا كەلگەندە جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىكى يولداشلارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن كېيىن ئەكبەرنىڭ جەسىتى يۇرتىغا ئېلىپ كېتىلگەن بولۇپ، پۈتۈن مەكتەپتە مۇشۇ توغرىدا غۇلغۇلا باشلىنىپ كەتكەنىدى، كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئىشلار سەلىمەگە ئىنتايىن قاتتىق تەسىر قىلغان، ئۇ ئازابتىن تۇگەنشىپلا كەتكەنىدى، ئۇنىڭ بۇرۇنقى چىرايى قالمىغان، كۆزلىرى ئولتىرۇشۇپ كەتكەن بولۇپ، كۆرگەن ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك ھالغا كېلىپ قالغانىدى، ئادەمنى ئېچىندۇرۇپ، ھەسرەتتە قويىدىغان بۇ پاجىئە ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغمىغاچقا بۇنىڭ قورقۇنچلۇق بىر چۈش بولۇپ قېلىشىنى، ھېلى ئويغىنىپلا بۇ ئازابتىن خالاس بولۇپ كېتىشىنى ئويلايتتى، بىراق رەھىمسىز رېئاللىق بۇنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇۋاتقاچقا بۇ ئازابتىن ھەرقانچە قىلسىمۇ خالاس بولالمايتتى، ئۇنىڭغا كۈن ئۆتكۈزۈش ھەقىقەتەن تەسكە چۈشۈپ قالغانىدى. ئەمدى ئۇ ۋىجدانىنىڭ ئۆزىگە قويۇۋاتقان مۇشكۇل

سوئالىغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن توختىماي ھاش قاتۇراتتى.

ئوقۇش پۈتكەلدە، سەلىمە قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، خىزمىتىنى ئەكبەرنىڭ يۇرتىغا تەقسىم قىلدۇردى ۋە ئەكبەرنىڭ ئانىسىنىڭ قېشىغا كۆچۈپ كەلدى.

مەرھۇم يولدىشىدىن تەۋەررۇك قالغان بىردىنبىر يۆلەنچۈكىنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كېتىشى ئانىغا قاتتىق تەسىر قىلغاچقا، ئۇ بارغانسېرى تاماقتىن، ئۇيقۇدىن قېلىپ تېنى ناھايىتى ئاجىزلىشىپ كەتكەنىدى. سەلىمەنىڭ بۇ ئۆيگە كېلىشى ئانىنىڭ مۇڭلۇق قەلبىگە تەسەللى بولدى.

سەلىمەنىڭ بۇ ئۆيگە كەلگەنىدىن بۇيان بىرىنچى قىلغان ئىشى ئەكبەرنىڭ قەبرىسىنى قايتىدىن ياساتقۇزۇش بولدى، ئۇنىڭ كۈندىلىك ھاياتى قەبرىسىنى يوقلاش بىلەن باشلىناتتى، ئۇ نېمىشقىدۇر ئانا ئالدىدا ئۆزىنى گۇناھكار ھېس قىلاتتى. يەنە ئانىغا قاراپ تەسەللى تاپاتتى. ئەگەر شۇ ئانا بولمىغىنىدا ئۇ ئاللىبۇرۇن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان بولاتتى، ئانا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ مۇقەددەس تەۋەررۇك، ئانىنىڭ تىنىقلىرى ئۇنىڭ دەردلىك يۈرىكىگە زور مەلھەم، ئۇ ياشاۋاتقان زېمىن، ئۇ تۇرۇۋاتقان ئۆي، ئۇ دەسسەۋاتقان تۇپراقمۇ شۇنداق، ئانىغىمۇ شۇنداق، بولۇپمۇ بۇ قىزنىڭ ئوغلىغا بولغان ئەقىدىسى ئانىنىڭ يۈرەك يارىسىغا شىپالىق بېغىشلىغان، قىزنىڭ چىرايىدىن، يۈرۈش-تۇرۇش، ھەرىكەتلىرىدىن ئوغلىنىڭ سىيماسىنى كۆرگەندەك بولۇپ مىسكىن قەلبى بىر-ئاز بولسىمۇ تەسكىن تاپقانىدى.

— قىزىم، — يىغا ئارىلاش تىترەپ چىققان بۇ ئاۋاز سەلىمەنىڭ خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈۋەتتى، ئۇ بېشىنى ئاستا قەبرىدىن ئاجرىتىپ يېنىدا ياش تۆكۈپ تۇرغان ئانىنى كۆردى - دە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئانىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتى، ئانىمۇ ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالماستىن دەلدەڭشىپ قىزغا تاشلاندى.

ھەسرەتلىك يىغا ئاخىرى ئۇلارنى ھالسىرىتىپ قويدى، ھەر ئىككىيلەن ماغدۇرىدىن كەتكەن، لەۋلىرى قۇرۇپ نەپەسلىرىمۇ ئىتتىكلىشىپ كەتكەنىدى، ئۇلار شۇ ھالەتتە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى سەزمىدى. ئاخىرى سەلىمە ئانىنىڭ سوغۇقتىن تارشىدەك قېتىپ كەتكەن قوللىرىنى بوينىدىن ئاستا ئاجرىتىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئانىنىڭ كىيىملىرىنى قېقىشتۇردى، ئۇلار بىر بىرىسىنى يۆلىگىنىچە كۆزى قىيمىغان ھالدا قەبرىدىن يىراقلاشتى.

كېتىۋېتىپ سەلىمە كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئەكبەرنىڭ قەبرىسىگە يەنە قارىدى، ئۇ كۆڭلىدە نىدا قىلدى: ئەكبەر، مۇشۇ سۆيۈملۈك زېمىندا ئانىمىزنىڭ قېشىدا تۇرۇپ بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلىش ئىككىمىزنىڭ ئارزۇيىمىز ئەمەسمىدى؟ ئەپسۇس، بىزنىڭ بۇ گۈزەل ئارزۇيىمىزنى رەھىمسىز دۈشمەن نابۇت قىلدى. بىزنى ئۆمۈرلۈك داغۇ ھەسرەتتە قويدى. لېكىن تەقدىر ئادەم تېرىسىگە ئورىنىۋالغان ئۇ مەخلۇققىمۇ تېگىشلىك جازاسىنى بەردى. ئەكبەر، قېشىمدا سىز يوق، لېكىن ساپ مۇھەببەتكە تولغان روھىڭىز مەڭگۈ مەن بىلەن بىللە، ئۆيگە كىرسەم ئانام، سىنىپقا كىرسەم 40 جۈپ سەبىي كۆز ئۈمىد بىلەن ماڭا باقىدۇ. شۇلار ماڭا تەسەللى، شۇلار ماڭا ئەڭ زور ئۈمىد، تىنىچ يېتىڭ، قەدىرلىكىم...

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئەركىن روزى

## ياشلىق دېگەن شۇنداق بولاركەن

### بىلمىگەن سۆيگۈ ئۇ يېڭى بىر ئازاب

سۆيگۈسىز يىغلىشىم، كۈلۈشۈم نەدە،
سۆيگۈ بار، ياشىدىم غورۇر، ۋاپا دەپ.
ئىنتىلىپ، قىينىلىپ سوقار يۈرىكىم،
ئەتىنىڭ، ئۆگۈننىڭ غەملىرىنى يەپ.

بىلمەن، سۆيگۈ ئۇ يېڭى بىر ئازاب،
ئاھ، ئەجەب ئۈنىگدىن ئۈمىد تۇغۇلار.
بەگىباشلىق، تەنتەكلىك قالار بەربىر،
سۆيگۈنىڭ قەرزىگە يىللار بوغۇلار.

ئىزدەيمەن سۆيگۈنى، سۆيگۈ بىر ئازاب،
مەيلى ئۇ قىينىسۇن تېپىلىپ بىر كۈن.
بىر كۈلۈپ، بىر يىغلاپ ياشاي ئاشۇنداق،
تەشنالىق، شادلىقىم، پاكلىقىم ئۈچۈن.

### ئويلىنىش

يەربىر كېلىدۇ ئاشۇ كۈن ماڭا،
جىنازام ئالدىدا يىغلار نەۋرىلەر.
دوستلىرىم ئاھ ئۇرۇپ ئېيتىلار ئاڭا،
يەپ كېتەر مېنى شۇ مىسكىن قەبرىلەر.

*   *

هېسلىرىم ئالدىسا، ئالدىراپ چاپسام،
دىلىمنى يايراتسا هۇزۇر - هالاۋەت.
شادلىنىپ تۆت كۈنلۈك بەختىمنى تاپسام،
بۇمۇ بىر هاياتكەن شۇنداق كارامەت.

ئاشۇنداق ياشىسام ئاسان، بەك ئاسان،
لېكىن مەن ئىزدىسەم يوقكەن ئىزلىرىم.
ئۆزۈمنى دەپتىمەن يايراپ هەر قاچان،
ئۇنتۇلغان تامامەن ئوغۇل - قىزلىرىم.

*   *

ئۆلۈمنى ئويلىدىم يىغلىدىم ئۇزاق،
يىغلىدىم ئۆتكەن شۇ كۈننى چاقىرىپ.
ئەقلىمنى تاپقاندا بۈگۈن قارىغا،
ماغدۇرۇم كېتىپتۇ، چېچىم ئاقىرىپ.

### بىر بالا يۈرىدۇ دېڭىزنى بويلاپ

كۆردۈڭمۇ بىر بالا دېڭىز بويىدا،
قۇچىقى چىرايلىق سەدەپكە تولغان.
كۆردۈڭمۇ كۆزىدە ئۈمىد يۇلتۇزى،
بېشىغا ئامەتنىڭ قۇشلىرى قونغان.

شۇ بالا مەن ئۆزۈم، تونۇۋال ئەمدى،
بەختىڭنى دېڭىزدىن تاپتىڭ دېمىگىن.
ئىزدەيتتىم ھەقىقەت دېڭىزىنى مەن،
شۇ ئىدى دۇنيادا قىممەت ھەممىدىن.

### ئۇركۇمەڭلار، قۇشلار مېنىڭدىن

ئۇچراشتۇق بۇ چىغىرىيولدا بىز
ماڭا ھۇزۇر سايراشلىرىڭلار.
قاناتلىقتەك سەزدىم ئۆزۈمنى
مۇڭدىشايلى، تۇرىۋېرىڭلار.

ئۇركۇمەڭلار، كەتمەڭلار ئۇچۇپ،
جېنىڭلارغا تەگمەيمەن پەقەت.
مەن رەھىمسىز ئوۋچى ئەمەسمەن،
قەدىرلەيمەن ھۆرلۈكنى قەۋەت.

ئۇركۇمەڭلار قۇشلار مېنىڭدىن،
شۇم نىيەتتىن خالى بەندىمەن.
ياشاش ئۈچۈن يۈرسەم ئىزدىنىپ،
ياشىغاننى تۇتۇپ يەمدىمەن؟!

### چوڭلارغا

ياشلىق دېگەن شۇنداق بولاركەن،
كۆڭۈل، سۆيگۈ، پىكىرلەرمۇ ياش.
يىغا، كۈلكە، ناخشىلارمۇ ياش،
ھەيران بولۇپ لىڭشىتىڭلار باش.

ياشلىق دېگەن شۇنداق بولاركەن،
قەلبىمىزدە گاھ كۈن، گاھ بۇلۇت.
قىينار ئىكەن شادلىق ھەم قايغۇ،
ھەر ئىككىسى كېلىپ ئۇشتۇمتۇت.

ياشلىق دېگەن شۇنداق بولاركەن،
تۈنلەردىمۇ يوقكەن ئاراملىق.
لاۋۇلدىغان ئوتكەن بىر پارچە،
ھەمراھ ئىكەن ئاڭا قارامىلىق.

چوڭلار، چوڭلار ئەپۇ قىلىڭلار،
بىز سىلەرنىڭ ئوغۇل - قىزىڭلار.
ياشلىق كۆچكەن بىزگە سىلەردىن
بىز بولغاچقا ئۆچمەس ئىزىڭلار.

**ئابدۇلھەيى ئابدۇلھەق**

## شېئىرلار

### پەندىيات

بىر كۈنى بىر ئۆيگە كىردىم، بىر يېقىن ياران بىلەن،
گۇڭگىلىقتا تارتتى تاۋاكاغا بىرى «پەرمان» بىلەن.
مەن دېدىم: رەھمەت بۇ يەرگە ئويلىماي كەپ سالپتىمەن،
يۈر دېسە، ماڭغانچە بۇ سىرداشمىغان مېھمان بىلەن.
— قويسىلا، بۇ گەپلىرى قامىلاشمىدى، ئولتۇرسىلا،
ئاڭلىساق ئامراق ئىكەنلا دەتتىكامغا جان بىلەن.
بىر زامان يوق تەلىيىم، دەپ ئويىنماس بولۇۋاپتىلا،
ئەمدى ئامەتنىڭ قۇشى كەلگەن چېغى «دەۋران» بىلەن.
ھەي، كۆڭۈل توختاتسىلا سورۇندا ھېچكىم پىر ئەمەس،
دەپتى ئولتۇردۇم پېشىمدىن نەچچىسى تارتقان بىلەن.
بەردى ئۇشۇقنى قولۇمغا «ياپىرىم» دەپ تاشلىدىم،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ئۆردى يەلكەمگە «سىيا» دەپ «دوستلىرىم» چۇقان بىلەن.
تازا ماختاشتى، ئۇچۇردى:— ئەھلىكەنلا ئۆزلىرى،
بىزگە چۆشمەيدۇ سىيا پەملەپ تۇرۇپ ئاتقان بىلەن.
توختىماي ئاتتىم بۇ «رىغبەتلەر» بىلەن، ئۇتتۇم ئۇدا،
كەتكىلى تۇردۇم سەۋەبلەر كۆرسىتىپ يالغان بىلەن.
كاپ قىلىپ ئالدى ياقامدىن ھەم دېدى ئەزۋەيلىشىپ:
— بىزمۇ بار، ئولتۇر تېخى، يول يوق ئۇتۇپ قاچقان بىلەن.
نائىلاج يەكتىز چۆكۈپ، ئالدىم يەنە قولغا ئۇشۇق
كەتتى دو مەندىن شۇئان ھەرقانچە تولغانغان بىلەن.
ئۇتقىنىمغۇ كەتتى ھەتتا قالمىدى ھەميانىدىكى،
ئۆيگە ياندىم، يېگىلى نان يوق قورساق ئاچقان بىلەن.
تەلۋە جەددالنىڭ يولى ئازدۇردى ئەقلىمدىن مېنى،
بار بىساتىم، ئۆينى ساتتىم، باش قوشۇپ شەيتان بىلەن.
دەتتىكام، ئاھ، دەتتىكام دەپ ھەممىدىن بولدۇم جۇدا،
ئاخىرى قالدىم ماكانسىز، ئەسكى ماز چاپان بىلەن.
بۇنچە شور پېشانە بولماستىم ئۇشۇقنى تۇتمىسام،
ئەمدى قالدىم دېنى يوق خاماندا كور چاشقان بىلەن.
پەندىيات، ھەرگىز قىمارغا يولىما ئەي ئادىمى،
شۇ ئۈممدتە، قىسمىتىم قىلدىم ئايان ۋىجدان بىلەن.

## ئىنتىلىش كۈيى

چۆشلىرىمگە كىرىپ كېلىسەن،
كۈلۈپ قۇچاق ئاچىمەن ساڭا.
كۆزۈم ئاچسام غايىب بولىسەن،
ھىجرانلارنى قالدۇرۇپ ماڭا.

گۈل ۋەسلىگە يەتسە بۇلبۇلنىڭ،
ئاشىقلىقى سۇسلىشار بەلكى.
گۈل ۋەسلىنىڭ دەۋەتلىرىدىن،
ساداقىتى بەرقارار بەلكى!

ھىجران ئوتى ئەمەس، بۇ ئەسلى،
ئىنتىلىشنىڭ شېرىن نېمىتى.
تەلپۈنۈشسىز قەلبلەر ئۈچۈن،
مەۋجۇدلۇقنىڭ نېمە قىممىتى.

شۇڭا ۋىسال سىناقلىرىدا،
ئىشقىنىڭ ئوتى ئۆچمىسلا، بەس.
ئىنتىلىشنىڭ تىنىمسىزلىقى،
قوزغار دىلدا ھاياتقا ھەۋەس.

## ئوغلۇمغا

ئەي، كۆزۈم نۇرى، جىگەر بەندىم ئۆزۈڭسەن جان ماڭا،
ئەل سۆيەر، ئىلىم سۆيەرلىك، پاكلىقىڭ ئىمان ماڭا.

يانسا دىل مۇلكۈڭدە ئادەملىك نۇرىدىن شام-چىراغ،
ئۇ قۇياش مەۋاسىدىن زور ئىلتىپات-ئېھسان ماڭا.

كۆلسە ساپ ئەجرىڭدىك، ھالال تەرىڭ بىلەن بىر تال گىياھ،
ئۇ ئۈمىدىم ئالىمىدە ياشنىغان بوستان ماڭا.

كۆپ ئۆتەر يولدىن ئەگەر ئالساڭ بىرەر تاش يا تىكەن،
قىلمىساڭ مىننەت، شۇنىڭ ئۆزى ئېسىل ۋىجدان ماڭا.

سۆز بېرىپ ئېزگۇ نىيەت-ئىستەككە، ئەسلا يانمىساڭ،
ئارزۇيۇم شۇ: بول قوزام، لەۋزى ھالال ئوغلان ماڭا.

ئەزىزى

## شېئىرلار

### شامال، قۇش، دەرەخ

1

سوغۇق شامال سوقار توختىماي.
نېمىگىدۇر زەردە قىلغاندەك،
نېمىگىدۇر ئالدىرىغاندەك.
بىلمىدىم،
تەبىئەتنىڭ
يېشىللىقتىن كۆڭلى قالدىمۇ،
تەنتەك يىگىت سەبىي قىزلارنى
سۆيۈپ، سۆيۈپ كۆڭلى قالغاندەك.

2

تەنھا بىر قۇش
ئۈگدەيدۇ شاختا
خىيال بىلەن سەپەرنى كۆزلەپ.
يىراق
كەلمەس ئۇنىڭ بۇندىن كەتكۈسى
نېمىندۇر، نېمىنى ئەسلەپ.
چۈنكى،
مۇشۇ دىيار،
مۇشۇ چىمەنزار
شادلىق بېرىپ سايراتقان،
ئەركىلەتكەن ئۇنى پەپىلەپ.

3

تەۋرەتكەندە شامال دەرەخنى
چۆچۈگەندەك
قۇش ئۈركىدى،
كەتتى ئۇزاقلاپ.
دەرەخ قالدى
كۆيلىگەندەك سىرلىق بىر كۈينى
غەمكىن شىنرىقلاپ.

4

دەرەخ چۈش كۆردى،
چۈشىدە

uyghurkitap.com

تەمشەلدى ئۇ
ياپىراقلاردىن قانات كېرىپ ئۇچۇۋشقا.
بىراق شۇ چاغ پەيلىرى توزۇپ،
ئايلىنىپ قالدى
چۈشىدە كۆرگەندەك،
قاناتسىز قۇشقا ...

### دېرىزەمدە ئۇخلايدۇ شامال

ئولتۇرىمەن كۆلبەمدە تەنھا،
كۆزلىرىمدە قۇياشنىڭ ئىزى.
خىيالىمغا ئوخشاپ كېتىدۇ،
مۇخۇركىنىڭ گىرىمسەن ئىسى.

تىپىرلايدۇ يۈرىكىم ئەنسىز،
تەپەككۇرۇم ئۈزۈلگەن قارماق.
گاھ كۆرۈنۈپ، گاھى كۆرۈنمەي،
ئېزىتقۇنى ئەسلىتەر قىرغاق.

دېرىزەمدە ئۇخلايدۇ شامال،
تۇرۇپ جۆيلۈپ، تۇرۇپ پۇشۇلداپ.
تۈگۈلۈكۈمدىن مارايدۇ يۇلتۇز،
تۇمان ئىچرە غۇۋا پىلدىرلاپ.

هاياجاندا ئېرىپ ۋۇجۇدۇم،
ئاخشاملىرى ئۇخلىمىقىم تەس.
يازالمسام ئوتلۇق مىسرالار،
ئەقدەمنى يۇلتۇز بىلسە بەس!

### ئالدىنىش

شەيتان كېلىپ سالسا ۋەسۋەسە،
يېيىمۇەتتىك كۆڭۈل سىرىڭنى.
پەرىشتىلەر ئىزدەپ يۈرۈيدۇ،
قار ئاستىدا قالغان ئىزىڭنى.

هەي، بىر كۈنى ئاشۇ ئىزىڭدىن،
ئۆكسۈپ، ئۆكسۈپ يىغلاپ كېلەرسەن.
هەسرىتىڭنى شامالغا تۆكۈپ،
ئالدانغاننى شۇ چاغ بىلەرسەن.

هەسرىتىڭنى شامالغا تۆكۈپ،
ئالدانغاننى شۇ چاغ بىلەرسەن.
خىيالىڭدا مەككىگە بېرىپ،
شەيتانغا تاش ئېتىپ كۈلەرسەن.

### ماركىسىز مەكتۇپلار

هەر ئاخشىمى
ساڭا ئاتاپ مەكتۇپ يازىمەن،
لېكىن ئۇنى ئوغرىلاپ كېتەر
تاڭ سەھەردە قىزغانچۇق شامال ...

1

نە ئامال،
ۋىسال ئىزدەپ سۈرەتلىرىڭدىن
ئۆز-ئۆزۈمنى ئالدىدىم ئۇزاق.

بىر خىلدىلا كۈلۈپ تۇرىسەن
سۆيۈنسەممۇ،
ئازاب چەكسەممۇ،
گويا مېنى قىلغاندەك مازاق.
سەدىقە قىلدىم
شۇڭا ئاشۇ سۈرەتلىرىڭنى،
دېرىزەمدىن مارىغان ئايغا.
رەنجىمەيمەن،
ئەركىلەتسە،
ياكى ئۇنى سۆيۈپ ئوينىسا،
ئېسىپ قويۇپ پىنھانە جايغا.

2

ئېسىڭدىمۇ
كۆيۈپ تۇرغان يۈرەك سېزىلىپ،
كىتابىڭغا قىستۇرۇلغان خەت؟

ئېسىڭدىمۇ،
بىز دۇنيانى يوقىتىپ قويۇپ،
يەنە قايتىدىن تېپىۋالغان چاغ؟!

ئېسىڭدىمۇ،
بىر - بىرىگە قېنىشماي كۆزلەر،
مەيۇسقىنا خوشلاشقان دەملەر...

3

بۈگۈن كېچە
كۆرۈپ قالدىم يەنە چۈشۈمدە،
تۇرغۇدەكسەن خىيالغا پېتىپ،
لەيلەپ تۇرغان ياپراق ئۈستىدە.
يېقىن بارسام
سەن ئايلىنىپ شۇئان شەبنەمگە،
غايىب بولدۇڭ — سىرغىدىڭ يەرگە.

ئوقۇغانتىم مۇڭلۇق مەرسىيە،
ئۈنۈپ چىقتىڭ تۆت قۇلاق بولۇپ.

4

خىيالىمدا قۇشقا ئايلىنىپ،
سەن تەرەپنى كۆزلەپ ئۇچىمەن،
خىيالىمدا قۇشقا ئايلىنىپ.

خىيالىمدا قۇشقا ئايلىنىپ،
سەن تەرەپنى كۆزلەپ ئۇچىمەن؛
تۇمان يېرىپ، بۇلۇت قۇچىمەن،
خىيالىمدا قۇشقا ئايلىنىپ.
تارلىق قىلار ئەمما ئاسمىنىڭ،
مەن ئەگەردە قۇشقا ئايلانسام.

5

غەزىپىڭ چاقماق،
شەپقىتىڭ يامغۇر،
سەن خۇداغا ئوخشايسەن دىلدار.
بىلىپ تۇرۇپ ئاشىقلىقىمنى
تاشلاپ يەنە ۋەيلۇن دوزاخقا،
كۆيدۈرۈشتە نېمە مەقسەت بار؟

6

گۈل ئۆستۈردۈم
يۈرەك دەپ ئاتالغان چوغنىڭ ئۈستىدە،
بىر قارا تاش ئۇنىڭ ئۇرۇقى.

يېشىل - يېشىل ياپرىقى بولماس،
ياپرىقىدا يۇلتۇز توختىماس،
غۇنچىسىدۇر كۆزنىڭ قارىقى.

قېقىنۇسنىڭ تىنىقلىرىدەك،
قان پۇرايدۇ ئۇنىڭ پۇرىقى.
گۇناھ قىلىپ تەڭرى ئالدىدا،
كۆرۈشكەندە تۇتارمەن ساڭا.

7

سۆيگۈ
خىسلەتلىك تۇيغۇ،
دىل قەسرىگە ئۇيۇغان ئوكيان.
گاھىدا تىپتىنچ، گاھى چايقىلىپ.
يوگەنسىز ئات كەبى قىلىدۇ ئىسيان.
بىراق مۇشكۇل ئۇنىڭ قىسمىتى،
ۋىسالدىن كۆپ ھىجران - ھەسرىتى.

تەمتىرەپ قالماسمەن ھىجران ئالدىدا،
سەندىن مەڭگۈ بولساممۇ جۇدا.
ۋىسالدىن لەززەتلىك،
ۋىسالدىن شېرىن
سېغىنىش بەھرىدە ياشارمەن ئەمما.

ئەھمەت جاپپار

### ئۈمىد

بېشىمدىن ئۆتكەن ئىش چېچىمدىن تولا،
ئېسىمدە قالغىنى پەقەت بىر قەترە.
بەزىدە چۆل كەزدىم، ماكانىم دالا
بەزىدە تۇرغىنىم بىزەكلىك قەسرە.

ئۆتكۈزدۈم قىرىق قىش، قىرىق باھارنى،
ئۆمرۈمنىڭ تارىخى قىرىق بەت تېخى.
تېنىمدىن باش ياردى شاخ ئايرىدى ھەم،
ئۇ مېنىڭ ياشلىقىم، ھاياتىم بىخى.

قانچىلىك ياشىشىم نامەلۇم ماڭا،
تىنىقىم بولسىلا ئاشىمەن داۋان.
تەلپۈنۈپ چوققىغا نۇرلۇق قۇياشقا،
قوشۇلۇپ بارىمەن ئۇپۇققا ھامان.

ئۈمىدلىك ياشايمەن قۇدرىتىم ئۈمىد،
تىزىمغا كەلمەيدۇ توپان بالاسى.
مىسراغا سىڭگىنى يۈرىكىم قېنى،
قەلبىمدىن ئۇخچۇغان شادلىق ساداسى.

غەيرەت غوپۇر

### ياشىغىن ئانا، ياشىغىن ۋەتەن

بۈركۈت قىلدىڭ، يەڭدىم بورانىنى،
ئاسمىنىم ھەم زېمىنىم ئانا.
ئېتىقادىم، ئېھتىرامىم سەن،
مۇھەببەتسەن، شەپقەتسەن يانا.

قىزىڭ پەرى، ئوغلۇڭ پىداكار،
قالغان ساڭا بۈيۈك روھ ۋەتەن.
ئىزگۈلۈك، چىنلىقتا ئۆزۈڭ قىبلىگاھ،
ياشىغىن ئانىجان، ياشىغىن ۋەتەن.

نىجات جېلىل

### ئۈچ رۇبائىي

چىرايلىق بولسىمۇ مەرمەردەك سۈزۈك،
قىلىقىڭ ئەمەسقۇ بىزەمۇ تۈزۈك.
ئېگىلمەي تاياقتەك تۇرغان جۈپ قولغا
ئۇلۇغلۇق بىرەرمۇ شۇ ئالتۇن ئۈزۈك.

*

پۇشايمان ئىچىدە قالغانلىق بىر ئان،
قىلمىغىن ئەمدى سەن قايتا پۇشايمان.
بىر تايسا، يەنە بىر تايمايدۇ ئېشەك،
بىر خاتا مىڭ قېتىم ساۋاقتۇر ھامان.

*

مەي دەپتۇ ئادەمگە دەرد تۆكۈپ يىغلاپ،
ئەي سېخىي سۇندۇرما مېنى كۆپ تىللاپ.
گۇناھىنىڭ بارىنى ئارتمىغىن ماڭا
مەن سېنى يېنىمغا كەلمىدىم چىللاپ.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئوسمانجان ساۋۇت.



## پېرىنىڭ ئەدەبىياتچىمىز

# شائىر قۇربان بارات



ئۆزىنىڭ قويۇق مىللىي پۇراقتىكى ئىگە شېئىر، داستانلىرى بىلەن كىتابخانلارغا تونۇلغان ئىقتىدارلىق شائىر قۇربان بارات ئاتۇشنىڭ ئاغۇ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ «كاككۇك» دېگەن تۇنجى شېئىرى 1956 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان. ئۇ 1958 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەندىن باشلاپ شېئىرىيەت ئۈستىدە قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ، ئۈزلۈكسىز ئىجاد قىلىپ، مەكتەپ پۈتتۈرگىچە 20 دىن ئارتۇق شېئىر ۋە «قىزىلگۈل» قاتارلىق بىرنەچچە داستاننى ئېلان قىلىپ، شېئىرىيەت سەھنىسىدە تونۇلۇشقا باشلىغان. شائىر قۇربان بارات ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە مۇخبىرلىق قىلغان. بۇ جەرياندا تەڭرى تېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى نۇرغۇن شەھەر، يېزا - قىشلاقلارغا بېرىپ، تۇرمۇش بىلەن ئىنچىكىلەپ تونۇشقان. شائىر شۇ مەزگىلدىن باشلاپ ئۆزىگە خاس شېئىرىي ئۇسلۇب يارىتىشقا كىرىشىپ، «كۆزلىرىكىسى»، «يېشىل ھايات»، «سەھرا تەبىئىتى»، «تۈن كېچە — دىلبەر كېچە» قاتارلىق لىرىكىلارنى ئىجاد قىلغان.

شائىر پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن «تارىم» ژۇرنىلىدا «ئاپەتلىك يىللاردىن ئاچچىق خاتىرە» دېگەن چوڭ ماۋزۇ ئاستىدا ئېلان قىلىنغان بىر يۈرۈش نادىر شېئىرلىرى بىلەن شېئىرىيەت سەھنىسىگە قايتىپ كېلىپ، كىتابخانلارغا كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلدى. ئۇ 1980 - يىلى شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدىن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا ئالمىشىپ كېلىپ، «بۇلاق» مەجمۇئەسىدە مەسئۇل مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىدى. 1981 - يىلى ئۇنىڭ «يېشىل ھايات» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، 1985 - يىلى «ئاق رومallىق پەرىزات» ناملىق داستانلار توپلىمى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ «ئاسىيا ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز» ناملىق داستانى 1982- يىلى «تارىم» ژۇرنىلى تەرىپىدىن 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «ئاق رومallىق پەرىزات» ناملىق داستانى 1985 - يىلى 2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاشتا مۇنەۋۋەر داستان مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شائىر قۇربان بارات ئۆزىنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرى ئارقىلىقلا ئالقىشقا ئېرىشىپ قالماستىن، بەلكى كلاسسىكلىرىمىزنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىنى نەشرگە تەييارلاش ۋە جۇڭ-

www.uyghurkitap.com



گو، چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ شېئىر ـ داستانلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا تونۇشتۇرۇش ئارقىلىقمۇ قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى. ئۇنىڭ «نۇر قەسىدىسى» ناملىق تەرجىمە ئەسىرى 1984 ـ يىلى «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى تەرىپىدىن 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

قۇربان بارات ئىقتىدارلىق شائىر، ئەدەبىي تەرجىمان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە پىششىقان مۇھەررىردۇر. ئۇ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ئىشلىگەن مەزگىلدە «بۇلاق» مەجمۇئەسىنى 3 ـ ساندىن 18 ـ سانغىچە چىقىرىپ ۋە 1985 ـ يىلى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىغا ئالمىشىپ كەلگەندىن بۇيان ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ھەرخىل ژانىر ۋە ھەرخىل كەسىپلەرگە تەئەللۇق بولغان 60 پارچىدىن ئارتۇق كىتابنىڭ تەھرىرلىكىنى قىلدى. ئۇ مەسئۇل مۇھەررىر بولغان «پسىخولوگىيە» ناملىق كىتاب شىمالدىكى 15 ئۆلكە، شەھەر ـ ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 2 ـ قېتىملىق مۇنەۋۋەر پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن كىتابلىرىنى تاللاپ باھالاشتا 2 ـ دەرىجىلىك تەھرىرلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ 1988 ـ يىلى 11 ـ ئايدا كاندىدات ئالىي مۇھەررىر ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

شائىر قۇربان بارات ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە يېڭى پەللە يارىتىش ئۈچۈن كۆپ جەھەتلەردىن ئىزدەنمەكتە. ئۇنىڭ شېئىر ۋە شائىرغا قويىدىغان ئېستېتىك پرىنسىپى شېئىر ـــ سەنئەتنىڭ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ نازۇك تۈرلىرىدىن بىرى، شۇڭا ئۇ ئالدى بىلەن سەنئەتكە مەنسۇپ بولۇشى، سەنئەت قانۇنىيەتلىرىگە رىئايە قىلىشى، سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ئۆلچەملىرىنىڭ تەلىپىدىن چىقىشى، ماھىيەتلىك ۋە تىپىك بولغان ئىچكى دۇنيا ھادىسىلىرىنى تاشقى، ئېنىق ئوبرازلاردا ئىپادىلەپ بېرەلىشى، ھېسسىيات يېقىدىن ئىنسانغا خۇددى مۇزىكىدەك تېز تەسىر قىلالىشى، خەلقنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان غۇرۇرى ۋە ئىشەنچىنى كۈچەيتىشى، ئۇنىڭ تارىخىي تەقدىرىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىشى، شائىر يۈكسەك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇشى كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت.

ئۇنىڭ 30 پارچە شېئىرى ۋە ئىككى داستانى كىرگۈزۈلگەن «يېشىل ھايات» ناملىق توپلىمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ خەنزۇ تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئۇ ئۆزىنىڭ شېئىرىيەت جەھەتتىكى كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن «جۇڭگو ئەدەبىياتى لۇغىتى»، «جۇڭگونىڭ ھازىرقى زاماندىكى مەشھۇر ياشلىرىنىڭ لۇغىتى»، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلەر ئىندېكسى» ناملىق كىتابلارغا كىرگۈزۈلدى. ئۇ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى.

شائىر قۇربان بارات ھازىر «تاشقا ئايلانغان ئەجداد» ناملىق داستانى ئۈستىدە ئىشلەۋاتىدۇ.

تەييارلىغۇچى ياللاۋن روزى

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ھېزىم قاسىم

# ئوبرازلىق تەپەككۇر پائالىيىتىدىكى بىلىش جەريانى ۋە ئوبرازلاشتۇرۇش قانۇنىيىتى

ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئوبرازلاشتۇرۇش قانۇنىيىتى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئىدىيە، پىكىر، جۈملىدىن تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇخىل ھادىسىلەرنى مەنتىقىي تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى ياكى نوقۇل ئابستراكت ئۇقۇملار، تەييار خۇلاسىلەر، ماتېماتىكىلىق ئىپادىلەر، سىياسىي - ئىقتىساد ئۇقۇملىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى روشەن ئادىمىي ئوبرازلار، مۇھىت ۋە مەنزىرىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىش قانۇنىيىتىدۇر.

ئوبرازلىق تەپەككۇر ئەقلىنىڭ مەنبەسى بولغان ئادەم مېڭىسىنىڭ مەلۇم بىر خىل ھەرىكەت شەكلى بىلەن باغلانغان، تەسەۋۋۇر ئارقىلىق يۈرگۈزۈلىدىغان، ئۆزىنىڭ ئابستراكت پائالىيىتى نەتىجىسىدە ئوبيېكتىپ رېئاللىققا نىسبەتەن مۇقىملاشقان ئۇقۇملارنى يارىتالايدىغان ۋە بۇ ئۇقۇملارنى شەيئىلەر (ئوبرازلار) گە تەتبىق قىلالايدىغان بىر خىل تەپەككۇر شەكلى. تەپەككۇر بولغانىكەن، ئۇ بىلىش كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ جەريان ھېسابلىنىدۇ. تۇرمۇشتىكى خام ماتېرىياللارنى توپلاشتىن تارتىپ بەدىئىي ئوبرازنى ئۆز ماھىيىتى بىلەن بىلىشكىچە بولغان جەريان بىلىشنىڭ تۆۋەن باسقۇچى (ھېسسىي بىلىش) دىن يۇقىرى باسقۇچى (ئەقلىي بىلىش) غا قاراپ ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل تەپەككۇر جەريانى بولۇپ، بۇ بەدىئىي تەپەككۇر پائالىيىتى ياكى ئوبرازلىق تەپەككۇر دېيىلىدۇ. بۇنداق تەپەككۇر ئابستراكت تەپەككۇردىن پەرقلەندۈرۈلۈش ئۈچۈن، ئوبرازلىق تەپەككۇر دەپ ئاتالغان. ئەمەلىيەتتە، بىلىش كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولغان بۇ ئىككى خىل تەپەككۇرنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىلىشنىڭ ھېسسىي ۋە ئەقلىي باسقۇچلىرىدىن ئۆتىدۇ. چۈنكى، مەيلى پەيلاسوپ ياكى يازغۇچى بولسۇن، بىلمەكچى بولغان شەيئىي (ئوبراز) بىلەن بىللە بولمىسا، ئۇنىڭ ئايرىم پائالىيەتلىرىنى ۋە شۇ ئاساستا ئۇنىڭ يۈرىكىنى، ماھىيىتىنى ئىگىلىيەلمىسە، شۇ شەيئى (ئوبراز) نى مەڭگۈ چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ، بولۇپمۇ ھېسسىي ماتېرىياللارغىلا ئېسىلىۋېلىپ تۇيغۇ، تەسىراتقىلا يۆلىنىپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئىگە بولغىنى «سامان»لا بولىدۇكى، ھەرگىز «بۇغداي» بولمايدۇ؛ ھادىسىلەر دۆۋىسىلا بولىدۇكى، ھەرگىز ماھىيەت بولمايدۇ، شۇڭلاشقا پەيلاسوپمۇ، يازغۇچىمۇ بىلىشنى ھېسسىي باسقۇچتىلا توختىتىپ قويماي، ئەقلىيلىككە كۆتۈرۈشى، كۆرۈپ، ئاڭلىغانلىرىنىلا ئاساس قىلماي، تەھلىل قىلىشى، ئومۇملاشتۇرۇشى؛ تاللاش، ئىلغاش ئېلىپ بېرىپ، بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆيگە كىرى-

شى، ساختىسىنى تاشلىۋېتىپ، چىنلىرىنى ئىگىلىشى لازىم، بۇ، يازغۇچى ئىجادىيىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان بىر جەريان، لېكىن بۇ، ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ شەكىللەنگەنلىكى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئالدىنقى تەييارلىق.

يازغۇچىنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇر جەريانى يازغۇچى تۇرمۇشتىن ئىگىلىگەن ھېسسىي ماتېرىياللار ئاساسىدا چىقارغان مەلۇم بىر خىل ئەقلىي يەكۈن (ئىپادىلىنەمەكچى بولغان مەلۇم بىر خىل ئىدىيىۋىلىك) نىڭ دەسلەپكى بىر ھالىتىدىن تەدرىجىي ھالدا يەنىمۇ چوڭقۇرراق بولغان يېڭى بىر ھالىتىگە ئۆتۈش، ياكى ئۆز ھېسسىي تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن چىقارغان دەسلەپكى ھۆكۈمدىن ئايرىملىقنى ئەمەس، بەلكى ئومۇملۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى ھۆكۈم پەيدا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىش جەريانىدۇر. بۇ جەرياندا يازغۇچى ۋاسىتىلىك ياكى بىۋاسىتە ئېرىشكەن بىلىملىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنداق قىلسام بولارمۇ ياكى مۇنداق قىلسام بولارمۇ دېگەنگە ئوخشاش نەتىجىسى، ئۇنۇمى خىلمۇخىل بولغان ھۆكۈملەرنى بىر-بىرىگە شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن سېلىشتۇرۇپ، ئۇلاردىن ئەڭ ئاخىرقى بىر يېڭى ھۆكۈم چىقىرىپ، ئىپادىلىمەكچى بولغان بەدىئىي ئوبراز ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدە تۇرمۇشى توغرىسىدا ئىخچاملانغان بىلىم ھەم بىر قىسىم تۇرمۇش لوگىكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قائىدە-قانۇنىيەتلەرگە ئىگە بولىدۇ. يازغۇچى ئىگە بولغان بۇ قائىدە-قانۇنىيەتلەر يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئوبراز رېئاللىقىدىن ھاسىل قىلغان ھېسسىي بىلىملىرىنى تاشلىۋەتمەي ئۇنى بىردىنبىر ئاساس قىلغانلىقى، ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىدىيىۋىلىك بىلەن ئاخىرقى ھۆكۈم بىرلەشتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ رېئاللىققا ئۇيغۇن، توغرا بىلىم بولغان بولىدۇ. بۇ جەريانلارنىڭ ھەممىسى بەدىئىي ئوبرازنىڭ ئايرىم، ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ يازغۇچى مېڭىسىدە پەيدا قىلغان ھېسسىي ئوبرازى ئارقىلىق ئورۇندالغانلىقى ئۈچۈن، يازغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇرى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان بولىدۇ، يازغۇچىنىڭ مۇشۇ باسقۇچتا ئۆز تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق ئۆزى چۈشەنگەن، ئۆز سەرگۈزەشتىسىگە ئايلاندۇرغان نەق ئادەم، نەق ئىشلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىخچاملاپ ياكى خىيال بىلەن كېڭەيتىپ ۋە ياكى كىچىكلىتىپ، ئۇنى جەمئىيەتتىكى مەۋجۇت ئادەم، مەۋجۇت ۋەقە، مەۋجۇت ئىشقا ئايلاندۇرۇپ چىقىش جەريانى ئۇنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇرىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى بولىدۇ، بۇ جەرياندا يازغۇچى پەيلاسوپقا ئوخشاش، خام ماتېرىياللارنى يېيىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا ھۆكۈممۇ قىلىدۇ، ئۇقۇممۇ پەيدا قىلىدۇ، ئۇقۇملاردىن ئەقلىي يەكۈنمۇ چىقىرىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوبرازدىن ئايرىلمايدۇ، يازغۇچىنىڭ پائالىيىتى مانا مۇشۇنداق ئوبرازلىق تەپەككۇر پائالىيىتىدۇر. ئوبرازلىق تەپەككۇر پائالىيىتى ئۆز ھەرىكىتىدە ئۆزى ئوبيېكت قىلغان ھەرقانداق ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىنى ھەجىم، شەكىل ۋە قىممەت جەھەتتە ناھايىتى ئاددىي، يۈزەكى، ئايرىم ھادىسىلەر بىلەن ناھايىتى كەڭ، چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ، قىسمەنلىك ئارقىلىق ئومۇملۇقنى، شەكىل ئارقىلىق مەزمۇننى ئېچىپ بېرىش ئۇنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى. ئۇ، ماددىنىڭ، رېئاللىقنىڭ مەھسۇلى، ئۇ، ئوبرازدىن، شەيئىدىن ئايرىلمايدۇ، شەيئى ئارقىلىق پىكىرنى، مەلۇم ئىدىيىۋىلىكنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇ روھ، ئىلاھ، مۇتلەق ئوي-پىكىرنىڭ

مەھسۇلى ۋە قۇراشتۇرۇلمىسى ئەمەس، كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتى بىلەن باغلانمىغان
ھېسسىي سەزگۈ ۋە تەسەۋۋۇر ئەمەس، ئۇ ماددىلار ھادىسىسىگە مەھكەم باغلانغان، ھادىسىلەر
ئارقىلىق قانۇنىيەتنى، ماھىيەتنىڭ ئەھمىيىتى ۋە خۇسۇسىيىتىنى ئېچىپ بېرىدىغان ئىدىيە-
نى تەسەۋۋۇر ۋە ئوبرازلار بىلەن باغلايدىغان پائالىيەتچان جەريان، ئۇ، تۇرمۇشنى باشقا پەن-
لەرگە ئوخشاش تومتاق ئىبارە، ئايرىم خۇلاسە ۋە مەلۇماتلار بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاي-
رىم، كونكرېت ئوبرازلار ياردىمى بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ، مەلۇم دەرىجىدە ئابستراكسىيە-
لەپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

شەيئى (ئوبراز) ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش، تەپەككۇر، ئىدىيىنى ئوبراز ئارقىلىق
كونكرېت ئىپادىلەش، ئوبرازدىن زادىلا ئايرىلماسلىق ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئالاھىدە
خۇسۇسىيىتى بولغانىكەن، ئۇ ھالدا ئوبيېكتىپ تاشقى ۋەقە، ھەرىكەت ۋە پائالىيەتلەر
ئىچىدە ئىپادىلىنىدىغان ئوبرازنىڭ يازغۇچى يۈرىكىگە تەسىر قىلغان ۋە مەلۇم جەھەتتىكى
ئەھمىيىتى بىلەن ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە بولغان تۇرمۇش مەزمۇنلىرىنى ئايرىش،
تاللاش، پىششىقلاپ ئىشلەپ تېپىك بەدىئىي ئوبراز ھاسىل قىلىش، ھاسىل قىلىنغان
ئوبرازلار پائالىيىتىنى بەدىئىي بۆلەكلەرگە بۆلۈش، تەشكىللەش ۋە بايان قىلىشقا كىر-
رىشىشكىچە بولغان پۈتكۈل جەرياندا تەپەككۇرنىڭ ئابستراكتلاشتۇرۇش سىستېمىسى
تەپەككۇرنىڭ ئوبرازلىق سىستېمىسىنى بېسىپ چۈشكەن، ھەتتا يېتەكچى ئورۇنغا چىق-
ۋالغان بولىدۇ، ئوبرازنىڭ شۇنداقلا تۇرمۇشنىڭ يازغۇچىدا پەيدا قىلغان ئىنكاسى بىلىش-
نىڭ تۇيغۇ باسقۇچىدا پەيدا بولغان ھېسسىي ئىنكاس بولۇپ، ئۇ، مۇشۇ باسقۇچتىلا
توختاپ قالماي، بىلىشنىڭ يۇقىرىراق باسقۇچى بولغان ئەقلىيلىككە يېتىپ بېرىشى لازىم،
چۈنكى، تۇيغۇ ماتېرىياللىرى ئارقىلىق يارىتىلغان ئوبراز ئەينەكتە ئەكس ئەتكەن
ئۆلۈك چىراي، ئاپپاراتتا تارتىلغان ئۆلۈك رەسىم بولۇپ قېلىشتىن ئەسلا خالى بولالماي-
دۇ، شۇڭلاشقا تۇيغۇ ماتېرىياللىرىنى، يەنى يازغۇچى ئايرىملىقتا كونكرېت ھېس قىلغان
ماتېرىياللارنى ئومۇملۇق بەلگىلىرىگە ئىگە ماھىيەتلەشتۈرۈلگەن خاس ماتېرىياللارغا ئاي-
لاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ پەقەت ئابستراكت تەپەككۇرنىڭ ياردىمى بىلەن يەنى
يازغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇرى، خىيالىنىڭ ياردىمى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئادەم مېڭىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىقتىدارىنىڭ مەھسۇلى بولغان تەسەۋۋۇرنىڭ
شەيئىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشى تۇيغۇغا قارىغاندا سىستېمىلاشقان، تېخىمۇ ئىخچام،
تېخىمۇ ئابستراكت بولۇپ، ھېس قىلىنغان ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلىپ ئىلغاش،
سېلىشتۇرۇپ ئومۇملاشتۇرۇش ۋە شۇ ئاساستا روشەن ھېسسىي ئوبراز ھاسىل قىلىش
ئۇنىڭ ۋەزىپىسى. ئۇ، ھەممە نەرسىنى ئەقىلگە مۇۋاپىقلاشتۇرىدۇ. شۇڭلاشقا ئۆز ئايرىم-
لىقى بىلەن چىنلىق بولۇپ تۇيۇلغان ھەرقانداق ماتېرىيال ئامىللىرى تەسەۋۋۇردىن
ئىبارەت بۇ «ئەگلەك» تە تاسقىلىشى، ئىجادىي ھالدا «ئىككىنچى رېئاللىق» يارىتىلىشى
لازىم. تەسەۋۋۇر قايناپ تۇرغان بىر «پېچ». ھەممە ئىپتىدائىي نەرسىلەر، قوپال، سەت، بىر-
بىرىگە قولاشمايدىغان، يېپىشمايدىغان، بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرغان نەرسىلەر بۇ «پېچ» تە
ئېرىتىلىپ «خېمىر» قىلىپ يۇغۇرۇلۇپ، ئەسلىدىكى شەكىل، تۈس، ھەرىكەت، ھالەت، رەڭ جەھەت-

ىتىن پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ، باشقىچە شەكىل، تۈس، ھەرىكەت، ھالەت، رەڭگە ئىگە بولغان، ئەسلىدىكى پۈرىقى بولسىمۇ ئەمما سۈپەت جەھەتتىن ئۇنىڭدىن ئېسىل، ئۇنىڭدىن مۇكەممەل بولغان، چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك قىممىتىگە ئىگە نەرسە قىلىپ چىقىرىلىدۇ. مانا بۇ تەسەۋۋۇرنىڭ ھاياتىي كۈچى. تەسەۋۋۇر بولمايدىكەن، تۇرمۇشنىڭ لوگىكىلىق سىستېمىسىدا يەككە - يىگانە ھالدا تۇرغان ھادىسىلەرنى بىر - بىرىگە باغلىغىلى، گەۋدىلەشتۈرگىلى؛ گەۋدىدەك كۆرۈنگەن، ئەمما ئوخشاش بولمىغان نەرسىلەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تاشلىغىلى بولماي قالىدۇ. گەرچە تەسەۋۋۇر تۇيغۇغا قارىغاندا ئالىي نىرۋا پائالىيىتىنىڭ نىسبەتەن يۇقىرىراق بولغان باسقۇچىدا پەيدا بولىدىغان، شەيئىلەر توغرىسىدىكى ئەمەلىي تەجرىبە، بىلىمنىڭ يىغىندىسى بولغان ئومۇمىي تەپەككۇر زەنجىرىدىكى بىر خىل تەپەككۇر شەكلى بولسىمۇ، لېكىن يازغۇچىنىڭ ئىجادىي تەپەككۇر پائالىيىتىدە ئوبرازدىن ئايرىلمايدىغانلىقى ئۈچۈن، تولىراق ئۇ يەنىلا بەدىئىي تەپەككۇر ھېسابلىنىدۇ. تەسەۋۋۇر باغلاپ تەپەككۇر قىلىش ۋە ياندىن تەپەككۇر قىلىش ئامىللىرى بىلەن تولۇپ تاشقان بولىدۇ. ئۇ، يازغۇچىنىڭ يېزىش ئۈچۈن ئىگىلىگەن ماتېرىياللار سىستېمىسىدىكى تەپسىلاتلار، پاكىتلارنى لوگىكىلىق تەرتىپ بويىچە ئۇلاش رولىنى ئۆتىگەندىن باشقا، مۇشۇ لوگىكىلىق تەرتىپتە يازغۇچى ئالدىن ئويلاپ ئۈلگۈرەلمىگەن جايلارنى تەڭشەش، تولۇقلاشقا كەڭ ئىمكانىيەت بېرىدۇ، ناھايىتى مول بىلىمگە ئىگە بولغان يازغۇچىنىڭمۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇش توغرىسىدىكى بىلىمى ھامان چەكلىك بولىدۇ. ئۇ ھەممىنى بىلىپ كۆرۈپ، ئاڭلاپ ئۈلگۈرۈپ كېتەلمەيدۇ، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ ئەمەس، شۇڭلاشقا ئۇ، مۇنداق جايلارنى تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ ھەل قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن يازغۇچى كۆرمىگەن، بىلمىگەن نەرسىلەرنىمۇ خۇددى كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قولى بىلەن ئىشلەۋاتقاندەك قىلىپ يېزىپ چىقالايدۇ. بۇ يازغۇچى ئىجادىيىتىنىڭ نەق ۋەقەلىكلەرنىلا ئاساس قىلماي، بەلكى تەسەۋۋۇر قىلىش ئارقىلىق «نەق» تەك كۆرۈنگەن ۋەقەلىكلەرنى توقۇپ چىقىدىغانلىقىنى، بەلكى مۇنداق «توقۇش» نىڭ پۈتۈنلەي زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، گەرچە توقۇلغان ۋەقە رېئاللىقتا يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ، كىشىگە خۇددى يۈز بەرگەندەك ھەقىقىيلىك ھېس قىلدۇرالىسا بولىدۇ. تەسەۋۋۇر كۈچى يازغۇچىنىڭ ئەڭ بۈيۈك تالانتى ۋە ماھارىتى، ئىجادىيەت جەريانى رېئاللىققا ئۇيغۇن بولغان ئىجادىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ، خالاس.

يازغۇچىنىڭ ئوبيېكتىپ چىنلىق توغرىسىدا تۇيغۇدىن باشلاپ ھاسىل قىلغان بىلىمى پەقەت يازغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇر پائالىيىتى، يەنى چەكلىك بولغان ئىدراكى پائالىيىتىدە بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ ۋە تەرتىپكە سېلىنىپ، مەلۇم ئۇقۇم ھاسىل قىلىدۇ. ھاسىل بولغان بۇ ئۇقۇمدا شەيئى (ئوبراز) نىڭ ھەرىكەت، جەريان شەكلى نەزەرىدىن ساقىت قىلىنىپ ئۇنىڭ ماھىيىتى، سۈپىتى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش ئاساسىي جەريانى بولىدۇ، بۇ جەريان پەقەت ئۇقۇملار ئارقىلىق پىكىر قىلىش جەريانىدۇر، بىز بۇنىڭدىن بەدىئىي ئوبراز يارىتىش جەريانىنىڭ پەقەت ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىش جەريانىلا ئەمەس، بەلكى مەنتىقىي تەپەككۇر قىلىش جەريانى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىۋالالايمىز. مەيلى ئوبرازلىق تەپەككۇر ياكى مەنتىقىي تەپەككۇر ئۇسۇلى بولسۇن، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى تەپەككۇردىكى

كونكـرېتلىقىقا ئېرىشىش، بىراق مەقسەتكە يېتىشـنىڭ ئۇسۇلـ
لىرى ئوخشىمايدۇ، ئوبرازلىق تەپەككۇردىكى تەپەككۇرنىڭ كونكرېتلىـقى تۇيغۇ ماتېرىـ
ياللىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلەنسە، مەنتىقىي تەپەككۇر-
دىكى تەپەككۇرنىڭ كونكرېتلىقى فورمال لوگىكا قائىدىسى بويىچە تەسەۋۋۇردا تۇرغۇزۇلـ
غان ئۇقۇم ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.
بەدىئىي ئوبراز ئۇقۇمى جەھەتتىن ئالغاندا، مەنتىقىي تەپەككۇرنىڭ ئوبراز يارىتىش جەھەتـ
تىكى رولىنى تەكىتلەش ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ رولىنى يوققا چىقارغاندەك بولۇپ كۆرۈ-
نىدۇ. ئەمەلىيەتتە، تەپەككۇرنىڭ بۇ ئىككى خىل شەكلى تەپەككۇر قىلىنىۋاتـقان شەيئى
ئۈستىدە (بولۇپمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە) ئـۆزئارا ئاجرىتىۋالغـۇسىز دەرىجىدە بىر-
بىرى بىلەن باغلىنىشى، بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىشى، بىر - بىرىنى تولۇقلىشى لازىم. چۈنكى،
قايسىلا تەپەككۇر شەكلى بولمىسۇن، ھەر ئىككىلىسى تۇيغۇ ماتېرىياللىرىنىڭ، ئوبيېكتىپ
رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى، شۇڭلاشقا بەدىئىي ئوبراز ئۈستىدە ئىشلىگەندە، مەنتىقىي تەپەككۇر-
مۇ قوللىنىلىشى لازىم، مەنتىقىي تەپەككۇر قوللىنىلمايدىكەن، ئوبراز گەۋدىسىدە ئىپادىلىنەمەكـ
چى بولغان ئەقلىيلىككە يېتىپ بېرىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، ئەمما ئۇقۇم ئارقىـلىق
ھۆكۈم ۋە ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىشقا بولغانلىكى ئوبيېكت ئۈستىدە مەنىۋى ئوبراز ئارقىـ
لىقمۇ شۇنداق نەتىجىگە ئېرىشىش تامامەن مۇمكىن.

ئۇنداق بولسا، مەنتىقىي (ئابستراكت) تەپەككۇرنىڭ ئەدەبىـي ئىجادىيەتتىكى
رولى نېمىلەردىن ئىبارەت؟ بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، يازغۇچىنى ئەڭ بىۋاسـتە
ھالدا بەدىئىي ئوبراز ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى توغرىسىدىكى دائىمىي ۋە قانۇنىيەتلىك
بىلىم بىلەن تەمىنلەش. ئۇنىڭ ئۇسۇلى بەدىئىي ئوبراز تۇرمۇشىدىكى خىلمۇخىل ھادىسـ
لەرنى تەھلىل قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش، دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئۇيغۇن كېلىدىـغان ئەڭ
ئومۇمىي ھۆكۈملەرنى چىقىرىش، ئۇقۇملار ئارقىلىق ئەقلىي خۇلاسىلەرنى چىقىرىش، شۇنداق
قىلىپ يازغۇچىنىڭ بىۋاستە ۋە ۋاسىتىلىك تۈردە توپلىغان ماتېرىياللىرى ھەمدە ئۆزىنىڭ
بەدىئىي ئوبراز تۇرمۇشىدىن ئالغان شەخسەن تەجرىبە ۋە تەسىراتلىرىنى ئۆز بەدىئىي قىممىتى
بويىچە تاللاپ رەتكە سېلىپ، يىغىپ، كېڭەيتىپ، قوشۇپ، ئېلىپ، ئاجرىتىپ، بىرىكتۈرۈپ،
ئوبراز تۇرمۇشـى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ تۇرغان يېڭى ئىدىيىۋىلىكنى جانلىق، تولۇق ئىپادىلەپ
بېرەلەيدىغان بىر مۇكەممەل مەنىۋى ئوبراز يارىتىش ئۈچۈن زېمىن ھازىرلاش. بۇ تولىمۇ
مۇرەككەپ بىر جەريان. بۇ جەريانلارنىڭ ھەممىسىدە يازغۇچى بىر پەيلاسوپ سالاھىيىتى بىلەن
ئوتتۇرىغا چىقىپ، ماتېرىياللارنى شۇنداق قۇراشتۇرسا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقى، پېرسوناژلار-
نى شۇنداق تەبىقە، كەسىپكە ئاجراتقانلىقىنىڭ ۋەقەلىكنى قانات يايدۇرۇشقا، كېيىنكى قەدەمنى
يۆتكەشكە پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان-بولمايدىغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ھامان مەنتىقىي تە-
پەككۇر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئەمەلىي يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندا بولسا، ھامان ئوبراز-
لىق تەپەككۇر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئەمما يازغۇچىنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتىدە ئوبرازلىق تەپەككۇر
ھامان ئاساسىي ۋە بېسىم ئورۇندا تۇرىدۇ. پۈتۈنلەي مەنتىقىي تەپەككۇربىلەن شۇغۇللانغىنىدا، ياز-
غۇچى يازغۇچى بولماي، بەلكى پەيلاسوپ بولۇپ قالغان بولاتتى، مەنتىقىي تەپەككۇردىن ئۇ ئۆز-

www.uyghurkitap.com

ئورنىدا مۇۋاپىق پايدىلىنىدۇ، ئۇلارنى ماسلاشتۇرىدۇ، تەڭكەشمۇ قىلىدۇ، قايسى ئورۇن ۋە قايسى پەيتلەردە تەپەككۇرنىڭ بۇ ئىككى خىل شەكلىنىڭ ئورنىنى تەڭشەپ ئىشلىتىش يازغۇچىنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئىختىيارىدىكى ئىش.

ئوبرازلىق تەپەككۇر رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە ئۇنى چۈشىنىشتە ئادەمنى ئوبرازدىن ئايرىلمىغانىكەن، ئۇ ھالدا ئۇ ئادەمنى ئوبرازنىڭ قەلبىنى باشقۇرىدىغان، ئۇنىڭ پۈتۈن ھەرىكەت پائالىيىتىنىڭ ماتورى بولغان ھېسسىياتىنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. ئادەمنىڭ تۈپ خۇسۇسىيەتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر خۇسۇسىيىتى ھېسسىيات ئىكەن، ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ، بەدىئىي ئوبرازنىڭ ھېسسىياتنى ئاساس قىلماسلىقى، ھېسسىياتنى ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلىمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. ياخشى يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ كىتابخانلارنى جەلب قىلىۋالغانلىقى بەدىئىي ئوبرازلار بىلەن سۆزلىشىدىغان ئورتاق تىلغا، ئورتاق تۇرمۇش ۋە ئوخشاش سەرگۈزەشتىلەرگە ئىگە بولۇپ قالغاندەك تۇيغۇنىڭ پەيدا بولۇپ قالىدىغانلىقى باشقا بىر نەرسە ئەمەس، بەلكى بۇ ئەسەرلەرنىڭ دەل ناھايىتى مول، كۈچلۈك ھېسسىياتقا تويۇنغانلىقى، يازغۇچى ھېسسىياتىنىڭ بەدىئىي ئوبرازغا سىڭدۈرۈلگەنلىكى، ئوبرازنىڭ ھېسسىياتتىن پۈتكەنلىكى مەسىلىسىدۇر. ھېسسىيات ئەقىلنى مەنبە قىلىپ، ئەقىلگە تەسىر قىلىدىغان، تىزگىنلەيدىغان، تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان رولغا ئىگە بولۇغانىكەن، ئۇ ھالدا، ھېسسىيات ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى بولغان بولىدۇ. شۇنداق ئېيتىش مۇمكىنكى، يازغۇچى بىلەن بەدىئىي ئوبرازنىڭ بىر-بىرىگە سىڭىشكەن ھېسسىياتى ئەدەبىي ئەسەر تېمىسىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىدىن تارتىپ، تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى تاللاش ۋە تاۋلاشقىچە بولغان بىر پۈتۈن جەرياندىكى ستراتېگىيىلىك تەكرار ئورۇنلاشتۇرۇش، تەكرار بۇزۇش جەريانلىرىدىن ئۆتۈپ، ئاخىرقى بېكىتىلگەن نۇسخا تەييارلانغىچە بولغان مىكرولۇق ۋە ماكرولۇق بىر تەرەپ قىلىشلارنىڭ ھەممىسىنى باشقۇرىدۇ، شۇڭلاشقا ئوبرازلاشتۇرۇش قانۇنىيىتىدە ھېسسىياتنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇردا تۇتقان ئورنىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، تۇرمۇشنى مەنبە قىلىدىغان، يازغۇچىنىڭ مەنبە توغرىسىدىكى ئىلگىرىكى تەجرىبىلىرى، سەزگۈ ۋە تۇيغۇلىرى ئاساسىدا بىلىشنىڭ ئىككى خىل شەكلى بولغان تەپەككۇر ئابستراكتسىيىسىدىن ئۆتۈپ يارىتىلىدىغان، ئۆزىنى ۋە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بەدىئىي ئوبرازنى ئۆز مەيلىچە مېخانىكىلىق ھالدا توقۇپ چىقىدىغان، بىۋاسىتە تۇيغۇ ۋە سېزىمنىڭ مەھسۇلىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان چاكىنا ئىدېئالىستىك خاھىشلاردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا چىنلىقلىقى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغان تەسىرلىك، جېنى ۋە روھى بار بەدىئىي ئوبراز يارىتىش ئۈچۈن يىغىنچاقلاش، ئومۇملاشتۇرۇش، سەپلەش ئارقىلىق يارىتىلىدىغان ئوبرازلاشتۇرۇش قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئوبرازلاشتۇرۇش قانۇنىيىتى بويىچە يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇ، يازغۇچىنىڭ ئابستراكت تەپەككۇرى جەريانىدا تەقدىرگە تەن بېرىدىغان «پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى» بويىچە ئىش كۆرۈپ، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ھەممە پائالىيىتى، تەسىرى، ئەمىر-پەرمانلىرىنى بولجۇتماي ئىجرا قىلىدىغان، مۆمىنلەرچە بويسۇنىدىغان مېخانىكىلىق بويۇملۇقتىن قۇتۇلۇپ، ئاڭغا ئىگە، ھەممىنى كاللىسىدىن، ۋىجدا-

ىدىن ئۆتكۈزىدىغان، قوبۇل كۆرسە ئىشلەيدىغان، بولمىسا قارشى تۇرىدىغان، تەشەببۇسكار،
ھەرىكەتچان، ئۆزىگە ۋە ئۆز ئىشلىرىغا خوجايىنلىق قىلالايدىغان ئادىمىي خىسلەت، خۇسۇ-
سىيەت ۋە قەدىر - قىممەتكە ئىگە ھەقىقىي ئادىمىي ئوبراز بولۇپ مەيدانغا چىقىدىغانلىقى
ئۈچۈن، ئۇ ئۆز تۇرمۇشىنىڭ پۈتۈن لوگىكىلىق سىستېمىغا، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھەرىكەت
قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولغان بولىدۇ، شۇڭلاشقا مۇنداق بەدىئىي ئوبرازلار كۈچلۈك
ئىچكى ھېسسىياتقا ئىگە بولۇپ، تولىمۇ جىگەرلىك، تەدبىرلىك كېلىدۇ. مۇنداق بەدىئىي
ئوبرازلار بەكمۇ جانلىقلىق، كونكرېتلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئىندىۋىدۇئاللىق ۋە
ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇملۇقنىڭ كەڭلىك دائىرىسىگە ھېچنېمە تەڭ كەلمەيدۇ، بۇنداق
ئەسەر شەكلىدىن تارتىپ مەزمۇنىغىچە ناھايىتى تولۇق ۋە مۇكەممەل بولۇپ، كىتاب-
خانلارغا بېرىدىغان تەسىرىمۇ شۇنچە چوڭقۇر، كۈچلۈك بولىدۇ. قىسقىسى، ئوبرازلاشتۇرۇش
قانۇنىيىتى ئارقىلىق يارىتىلغان ئوبرازلار، تۇرمۇشتىكى ئادەملەرگە قارىغاندا مۇكەممەل،
ئىخچام، ئومۇمىي خاراكتېرى كۈچلۈك، تىپىك، ھەتتا تولىمۇ غايىۋى بولىدۇ.

تۇرمۇشنى ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈش — ئەدەبىياتنىڭ باشقا ئىجتىمائىي
ئىدېئولوگىيىلەر، جۈملىدىن سىياسىي ئىقتىساد، تارىخ، پەلسەپە، قانۇنشۇناسلىققا ئوخشاش
ئىجتىمائىي پەنلەردىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان توپ خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى
ئىكەن، ئۇ ھالدا، يازغۇچى ئەدەبىياتنىڭ چىنلىق قانۇنىيىتىگىلا ھۆرمەت قىلىپ قالماس-
تىن، بەلكى ئوبرازلاشتۇرۇش قانۇنىيىتىگىمۇ تولۇق ھۆرمەت قىلىشى، بەلكى پۈتۈن ما-
ھارىتىنى ئوبرازلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم نۇقتا ئۈستىگە قويۇشى لازىم. يازغۇچى
مۇنداق قىلمايدىكەن، رېئاللىقنى ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ،
كونكرېت، جانلىق بەدىئىي ئوبرازلار گەۋدىسىدە شەكىللەنگەن لوگىكىلىق مۇكەممەل
سىستېمىغا ئىگە مەنزىرىلەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ؛ ئادەمنى ئادەمدەك
يازماي، ئۇنى ياكى پەرىشتىدەك گۈزەل، ساپ، تەڭرىدەك مۇكەممەل ياكى دىۋىدەك
بەدرەڭ، ئالۋاستىدەك قارا كۆڭۈل قىلىپ قويۇشتىن، روھ، كۆڭۈل ۋە خاراكتېر ھەرىكىتى
فۇنكسىيىسىگە ئىگە بولمىغان، «دەردى يوق كېسەك» قىلىپ قويۇشتىن ئەسلا خالى
بولالمايدۇ. قىسقىسى، ئادەمنى ماددىي ۋە مەنىۋى پائالىيەتچانلىققا ئىگە ئادەم قىلىپ
يېزىپ چىقالمايدۇ، شۇڭلاشقا رېئاللىقنىڭ ئەسلىدىكى قىياپىتى، نۇسخىسى بويىچە قايتا
پىششىقلاپ ئىشلەپ، روشەن، كونكرېت، جانلىق ۋە ئىشەنەرلىك تۇرمۇش مەنزىرىسى يارىتىشنى
مەقسەت قىلىدىغان ھەربىر ئادەم، ھەربىر مۇھىت، ھەربىر پائالىيەت سورۇنى ئايرىم ئالغاندا
بىر خىل ئوبراز ھېسابلىنىدىغان ئوبرازلاشتۇرۇش قانۇنىنى ئەدەبىياتنىڭ ئىككىنچى مۇ-
ھىم قانۇنىيىتى دېيىمىز. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، ئوبرازلاشتۇرۇلىدىغان ئوبراز
ئەڭ ئالدى بىلەن چىنلىققا، راستچىللىققا ئىگە بولۇشى لازىم. ئوبراز چىنلىققا ئىگە بول-
غاندىلا، ئاندىن ئوبرازلاشتۇرۇشتىن گەپ ئاچقىلى بولىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

www.uyghurkitap.com

## «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجىسى

### ماقالىلەر

قەييۇم تۇردى ...... زۇنۇن قادىرغا تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن سۆز ...... 2 - سان
زۇنۇن قادىرنى دەپنە قىلىش ھەيئىتىنىڭ تىزىملىكى... 2 - سان
ئۈرۈمچىدە ئاتاقلىق يازغۇچى زۇنۇن قادىرغا تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى...... 2 - سان
ياسىن خۇدابەردى ...... زۇنۇن قادىرنى ئەسلەيمىز...... 2 - سان
فېڭ داجىن ...... دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنى راۋاجلاندۇرايلى ۋە گۈللەندۈرەيلى ...... 4 - سان
لى كاڭنىڭ ...... يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ...... 5 - سان
قەييۇم تۇردى ...... يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى... 5 - سان
تەھرىر بۆلۈم ئوبزورچىسى...... شانلىق مۇساپە، يېڭى قەدەم...... 9 - سان
قۇربان ئىمىن...... «تارىم»غا تەشەككۇر ...... 9 - سان
ئەرشىدىن تاتلىق ...... ئۆركەشلە «تارىم» ...... 9 - سان
رەھمىتۇللا جارى ...... قىرىق يېشىڭغا مۇبارەك بولسۇن! ...... 9 - سان
مۇھەممەتجان سادىق ...... ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى يېڭى باھار...... 9 - سان
قاھار جېلىل ...... «تارىم» ۋە تۇنجى ئەسەر...... 9 - سان
مەتىمىن ھوشۇر...... «تارىم» — بەدىئىي يېتەكچىم...... 9 - سان
مۇھەممەت ئىمىن...... «تارىم» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ رەڭدار گۈلزارى ... 9 - سان
رەخىم قاسىم ...... «تارىم» مېنىڭ مەكتىپىم ...... 10 - سان
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن... تەبرىك ۋە ئۈمىد ...... 10 - سان
تۇرسۇن مەھەممەت پەخرىدىن... ئالقىش ۋە ئۈمىد...... 10 - سان
مەمتىمىن بارى ...... ئاددىي مۇھەررىر — نامسىز قەھرىمان...... 10 - سان
ھۆرنىسا تۇردى ...... «تارىم» ژۇرنىلى مېنىڭ پەخرىم...... 10 - سان
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ قايغۇلۇق ئۇقتۇرۇشى ...... 11 - سان

يولداش ياسىن هاجى خۇدابەردىنى دەپنە قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئىسمىلىكى ... 11 - سان
تەبرىك خەتلەر .......................... 11 - سان

### بېغىشلىمىلار

سەيپىدىن ئەزىزى .......................... 10 - سان
ئىسمايىل ئەمەت .......................... 〃 〃
سۇڭ خەنلىياڭ .......................... 〃 〃
تۆمۈر داۋامەت .......................... 〃 〃
جانابىل .......................... 〃 〃
هامىدىن نىياز .......................... 〃 〃
بادەي .......................... 〃 〃
فىنىڭ داجىن .......................... 〃 〃
ئۇلاتايېۋ .......................... 〃 〃
ئىسمايىل مەخسۇت .......................... 〃 〃

### پوۋېستلار

ئابدۇرېھىم ئابدۇللا ........... داۋانلىق يوللار ........... 1 - سان
جالالىدىن بەھرام ........... نومۇسسىزلىق ........... 2 - سان
غاپپار تەۋەككۇل ........... هايات كومېدىيىسى ........... 3 - سان
5 - سان
پەرهات تۇرسۇن ........... مۇزلىغان دېرىزە ........... 6 - سان
7 - سان
مۇهەممەت باغراش ........... ياۋا ئەتىرگۇل ........... 8 - سان
10 - سان
ئالىمجان ئىسمايىل ........... تىمتاس گۈگۈم ........... 11 - سان
خالىدە ئىسرايىل ........... رەڭدار قۇيۇن ........... 11 - سان

### ئەدەبىي ئاخبارات، ئەسلىمىلەر

ئابدۇراخمان قاهار ........... شۇنداق شائىر ئۆلمەيدۇ (ئەسلىمە) ........... 3 - سان
ماخمۇتجان ئىسلام ........... مەن بىلىدىغان ئەھمەد زىيائى (ئەسلىمە) ........... 〃 〃
ئابلىز ئوسمان ........... تالانت، ئادەم، كېلىچەك (ئەدەبىي ئاخبارات) ...... 8 - سان
ئەركىن روزى ........... دۆڭكۆۋرۈكتىكى كىشىلەر (ئەدەبىي ئاخبارات) ...... 9 - سان

### هېكايىلار

تۇردىهاجى ئابدۇغوپۇر ........... قۇتلۇق كېچە ........... 1 - سان
مۇهەممەت ئۆمەر ........... قەلەندەرنىڭ ۋەسىيىتى ........... 〃 〃

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خالىدە ئىسرايىل ............ ھاڭگىرت كۆلى ............ 1 - سان
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ............ ئىككى ھېكايە ............ 〃 〃
نۇرمۇھەممەت توختى............ يېڭى قوشنا ............ 2- سان
مۇھەممەت لىتىپ............ كۆتۈلمىگەن پاجىئە ............ 〃 〃
مۇھەممەت ئىمىن ............ ئاينۇرى ............ 〃 〃
ئەمەتجان قادىر ............ چىراي ۋە سۆيگۈ ............ 3 - سان
جاپپار قاسىم ............ ۋىجدان ئازابى ............ 〃 〃
غەيرەت ئاسىم ............ قۇياش ھەممىگە شاھىد ............ 〃 〃
ماخمۇت مۇھەممەت ............ خورلۇق ............ 〃 〃
ئالىمجان ئىسمايىل............ ئوي مەھەللىنىڭ ئادەملىرى............ 4 - سان
مەھەممەتجان راشىدىن ............ تۇنجى ئەسىرىم ............ 〃 〃
ئەكبەر غولام ............ئىككى ھېكايە ............ 〃 〃
قادىر ئارسلان............كۆتۈلمىگەن ھادىسە............ 〃 〃
ياسىن خۇدابەردى ............ قەلبداش ............ 5 - سان
مالىك كېۋىر............ يېزا دوختۇرى ............ 〃 〃
ئابلىكىم ھاپىز............ تۈگىمەس ئىشلار ............ 〃 〃
زۇنۇن تاھىر ............ پەتىچى ............ 〃 〃
ھۆرنىسا تۇردى ............ گۈلبانۇم ............ 〃 〃
تەبىجان مەخمۇت............ «تىرىلگەن» پېرسوناژ ............ 〃 〃
مەھەممەتجان راشىدىن ............ «شۇم ئېغىز» ............ 6 - سان
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ............ ئىككى ھېكايە ............ 〃 〃
راخمانجان رۇسۇل ............ ھاكىمنىڭ كېسىلى ............ 〃 〃
ئايگۈل مۆيدىن ............ ۋاپا ............ 〃 〃
ئۆركەش ئىبراھىم ............ خىيال ۋە تەبەسسۇم ............ 〃 〃
قادىر ئارسلان ............ تۇرمۇش قايىنىمىدا ............ 〃 〃
غەيرەت ئاسىم ............ پەردىدەم............ 〃 〃
مۇھەممەت ئىمىن............ ئىككى ھېكايە ............ 〃 〃
زۇنۇن تاھىر ............ تەرسا قىز............ 〃 〃
ئايشەم قادىر............ خىجىللىق ............ 〃 〃
ياسىن نىياز............ تاللاش............ 〃 〃
نۇرگۈل يۇنۇس ............ ئاھ، دادام............ 〃 〃
ئەنۋەر غوپۇر ............ ئايالىمنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى............ 8 - سان
ئەرشىدىن تاتلىق............ ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟............ 〃 〃
ياسىن نىياز............ سىزنى سۆيەتتىم............ 9 - سان
ئابدۇكېرىم ھاشىم............ پەندىيات............ 〃 〃

ئابدۇقادىر مۇھەممەت ........ مېنىڭ ساۋاقدىشىم ........................ 9 - سان
ئەخمەت تۆمۈر ............ ئاھ... مېنىڭ باللىرىم.......................... 〃 〃
قادىر ئارسلان ............ مېنىڭ باشلىق بولغۇم يوق........................ 〃 〃
سۇلتان ھاشىم ............ يوچۇن ئادەم.................................. 〃 〃
ماخمۇت مۇھەممەت ........... ئىش باشقا، ھەۋەس باشقا.......................... 10 - سان
تۇردىھاجى ئابدۇغوپۇر ........ تىترەك........................................ 〃 〃
قاھار جېلىل ............ ئۈچ ھېكايە..................................... 〃 〃
ئەنۋەر داۋۇت ............ تۇرمۇش كومېدىيىسى............................. 〃 〃
توختى ئايۇپ ............ ئەرۋاھلار........................................ 11 - سان
ئابدۇرۇسۇل ئابدۇراخمان...... بېدە كۆكى..................................... 〃 〃
تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن........... كېسەللىك تارىخى ............................ 〃 〃
ئابدۇراخمان قاھار ........... ھاسىلىق ئادەمنىڭ پۇلى.......................... 〃 〃

### نەسىرلەر

سەيپىدىن ئەزىزى............ سەپەر خاتىرىلىرى ............................ 4 - سان
ئەسئەت ئابدۇقادىر ........... نەسىرلەر........................................ 〃 〃
ئەسقەر ياسىن ............ نەسىرلەر........................................ 〃 〃
ھۇسەنجان ئەسقەر............. ئۈچ نەسىر........................................ 〃 〃
قاھار نىياز ............ ئىككى نەسىر...................................... 〃 〃
يەھيا سادىق ............ سەپەردە ........................................ 5 - سان
نىياز ئىمىن ............ نەسىرلەر ....................................... 8 - سان
ئادىلجان تۇنىياز ........... كۆكۆل گۈلدەستىلىرى............................ 〃 〃
مۇنىرە خالىق.............. قەدەم............................................ 〃 〃
نۇرمەھەممەت توختى ......... خىياللىرىم .................................... 10 - سان
ياسىن ئىمىن................ يېزا يولى........................................ 11 - سان
ئەزىزى ............ ھايات قىسسىلىرى ............................... 〃 〃

### مەسەللەر

جاپپار ئەمەت ............ ئىككى مەسەل ................................. 1 - سان
تۇرسۇن ئابباس ............ بار مۇنداقمۇ قىلىقلار............................ 〃 〃
ئۆمەر ئىسمايىل ............ «پارا ئالمايدىغان» باشلىق ھەققىدە قوشاق ......... 〃 〃

### شېئىرلار

ئابدۇرېھىم مۇھەممەت............ سۆيگۈم مېنىڭ چەكسىز بىر دېڭىز........... 1 - سان
ئۆمەر مۇھەممەت ئىمىن ...... شېئىرلىرىم سۆزلەيدۇ............................ 〃 〃
ھەبىبۇللا رەجەپ ............ چاقناپ ئۆتتى بىر ئۆمۈر شۇنداق ........................ 〃 〃

غەيرەت غوپۇر ...... ئىككى شېئىر ...... 1 - سان
مۇھەممەتجان سادىق ...... شېئىرلار ...... 〃 〃
جاپپار ئابدۇرۇسۇل ...... مەن ئۇيغاقمەن سۇبھى تاڭغىچە ...... 〃 〃
ئابدۇلئەھەد سەلەي ...... سۆيگۈدىن تۇغۇلغان خىياللار ...... 〃 〃
پەرھات جامال ...... ئىككى شېئىر ...... 〃 〃
ئۆمەرجان غوپۇر ...... مېنىڭ كۈيلىرىم ...... 〃 〃
ئابلىمىت تۇردى ...... ئىككى شېئىر ...... 〃 〃
ئابدۇرېشىت بارات ...... نەزمىلەر باھارغا كېلەر قۇت تىلەپ ...... 〃 〃
قۇربان ئەمەت ...... قارىچۇقىمدىن تۆكۈلگەن يوللار ...... 〃 〃
تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم ...... قىز كۆلەر، يىگىت يىغلار ...... 〃 〃
مۇھەممەتسىدىق تۆمۈرى ...... ھېسسىياتىم شاۋقۇنلۇق دېڭىز ...... 〃 〃
ئىبراھىم ئىزاقى ...... غەزەللەر ...... 〃 〃
ئابلىز قۇربان ...... شائىر قەلبى ...... 〃 〃
پەرھات مۇھەممەت ...... يوشۇرۇن كۆيـۈشلەر نەقەدەر ئازاب ...... 〃 〃
ھوشۇر ئىبراھىم ...... پارچىلار ...... 〃 〃
نەيىم يۈسۈپ ...... شېئىرلار ...... 〃 〃
تۇراپ ساۋۇت ...... گۈل خۇمارمەن ...... 〃 〃
ئىدرىس ئېلى ...... دوختۇرغا ئاپىرىن ...... 〃 〃
جۈرئەت نۇرۇللا ...... يۈرەكلەردە ئىزگۈ ئارمانلار ...... 〃 〃
روزى سايىت ...... شېئىرلار ...... 2 - سان
تۇردى ئەخمەت ...... جەننەت بۇ ماكان ...... 〃 〃
غەنىزات غەيۇرانى ...... شۇ باشلىق ئورنىغا تىكىلگەن كۆزۈم ...... 〃 〃
ئوسمانجان ساۋۇت ...... ئالماشمايدىغان بېكەتلەر ...... 〃 〃
ياسىنجان قاسىم ...... تۈگىمەس گەپلەر ...... 〃 〃
تۇرسۇن موسا ...... ئىككى شېئىر ...... 〃 〃
ئۆمەرجان مۇھەممىدى ...... سەھرا ناخشىلىرى ...... 〃 〃
ئابدۇلئەھەد قادىرى ...... يۈرىكىمدىن چىققان سادالار ...... 〃 〃
تۇراپ دائىم ...... شېئىرلار ...... 〃 〃
ئەركىن داۋۇت ...... سېغىنىدىمەن، سېغىنىدىم سېنى ...... 〃 〃
ئىلھامجان ئابلىز ...... ھايات ۋە سۆيگۈ ...... 〃 〃
ئەركىن مۇھەممەت ...... لىرىكىلار ...... 〃 〃
ئۆمەر قادىر ...... سۆيگۈ ساھىلىدىكى سىرلار ...... 〃 〃
مۇختار سوپى ...... كۇگۇم تەبەسسۇمى ...... 〃 〃
ئەنۋەر داۋۇت ...... ئۇيغۇر يىگىتى ...... 〃 〃
ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر ...... ھەرمۇقامدا ئېيتىلغان ناخشىلار ...... 〃 〃

| | | |
|---|---|---|
| تۇرسۇنجان ھاشىمى | شېئىرلار | 2 - سان |
| نۇرگۈل يۇنۇس | ئۇمىدلىرىم قالسۇن چېچەكلەپ | 〃 〃 |
| ئەلقەم ئەختەم | سەبىر - تاقەت يوق | 〃 〃 |
| رەخىم قاسىم | ئەلۋىدا، ئۇستاز | 〃 〃 |
| ھاجى ئەخمەت | مەرسىيە | 〃 〃 |
| ئابدۇروسۇل ئۆمەر | سىزنى ئەسلەپ | 〃 〃 |
| ماخمۇت مۇھەممەت | مەن ئوقۇسام مەرسىيەمنى | 〃 〃 |
| سېيىتنىسا لوقمان | ئەلۋىدا | 〃 〃 |
| مۇھەممەت روزى | شاد ئاۋازلار تىنىدى نېمشقا | 〃 〃 |
| ئابدۇكېرىم ئوسمان | ئېھە، يۇرتۇمنىڭ جىمجىت كېچىسى | 3 - سان |
| ئەسقەر ياسىن | شېئىرلار | 〃 〃 |
| ئابدۇقادىر جالالدىن | سۇمۇرغ ناخشىسى | 〃 〃 |
| ئەركىن مۇھەممەت كامالى | شېئىرلار | 〃 〃 |
| تەلئەت ئاتاۋۇللا | قۇياش قەسىدىسى | 〃 〃 |
| ئابدۇللا ئەبەيدۇللىن | شېئىرلار | 〃 〃 |
| ئادىلجان تۇنىياز | شېئىرلار | 〃 〃 |
| ئابىلجان ھېيىت | لىرىكىلار | 〃 〃 |
| ئابلىز ئوسمان | شېئىرلار | 〃 〃 |
| ئەزىم ناسىر | يۈرەك يىغلايدۇ | 〃 〃 |
| ئاۋۇت مۇھەممىدى | ھەر قەتىردە بار بىر تىلەك | 〃 〃 |
| تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن | قەلبىم تۆرىدە | 〃 〃 |
| ئامىنگۈل ھېكىم | شېئىرلار | 〃 〃 |
| نۇرگۈل يۇنۇس | ئىككى شېئىر | 〃 〃 |
| بۇۋىھەجەر ئارمىيە | رازى مەندەك قىزىدىن | 〃 〃 |
| ھەبىبۇللا رەجەپ | قىڭغىرلىق | 〃 〃 |
| مەھەممەتجان ئەمەت | دوستۇم بۇڭا رەنجىش بىمەنە | 〃 〃 |
| ئەمەتجان قادىر | ئەلۋىدا، ئەھمەت زىيائى | 〃 〃 |
| ئۇچقۇنجان ئۆمەر | ئەھمەت زىيائى ھەققىدە مۇخەممەس | 〃 〃 |
| ئابلىكىم تۇردى | شېئىرلار | 〃 〃 |
| ئابلىز ھوشۇر | غەزەللەر | 〃 〃 |
| غەيرەت غوپۇر | شېئىرلار | 〃 〃 |
| تۇرسۇن نىياز | مۇھەببىتىم | 〃 〃 |
| دولقۇن روزى | ئۈچ شېئىر | 〃 〃 |
| ئابلىمىت تۇردى | شېئىرلار | 〃 〃 |
| ئابدۇرېشىت غوجا | شېئىرلار | 〃 〃 |

قۇدرەت قۇربان ............ شېئىرلار ............ 3 - سان

ئۆمەرجان مۇھەممەدى ........ شېئىرلار ............ 〃 〃

ھاشىمجان قادىرى ............ ئىككى شېئىر ............ 〃 〃

مەھمۇد زەيىدى ............ ساياھەت ئىلھاملىرى ............ 〃 〃

ئەمەت يولداش ............ لىرىكىلار ............ 〃 〃

باتۇر روزى ............ شېئىرلار ............ 〃 〃

مۇھەممەتجان سادىق ........ شېئىرلار ............ 4 - سان

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن... غەزەللەر ............ 〃 〃

مامۇت زايىت ............ شېئىرلار ............ 〃 〃

مىجىت تاش............ شائىر قەلبى ............ 〃 〃

تۇرسۇنجان ھاشىمى ........ نازۇك ھېسلار ............ 〃 〃

كېرىمجان سۇلايمان ........ ئاخشامقى لىرىكىلار ............ 〃 〃

تۇردى ئەخمەت ............ شېئىرلار ............ 〃 〃

ئۆمەر رەجەپ ............ كۆل سۈيىدەك تىنىق ئىدى بۇ كۆڭلۈم ............ 〃 〃

غاپپار جاپپار ............ يۇرتۇم ............ 〃 〃

ئابلىمىت تۇردى ............ ياشا شۇنداق، يەتمىگەي خەۋپ ............ 〃 〃

ئابابەكرى توختى ............ ئاقار يۇلتۇزلار ............ 〃 〃

سەمەت دۇگايلى ............ شېئىرلار ............ 〃 〃

مەمتىمىن ئابدۇقادىر ........ ئىككى شېئىر ............ 〃 〃

ئابدۇلئەھەد سەلەي ............ ئىككى شېئىر ............ 〃 〃

رىزۋانگۈل ھۈسەيىن ........ شېئىرلار ............ 〃 〃

بەگمەت يۈسۈپ ............ قەلبىمدە بار ناخشا ئۇلۇغ ۋە راۋان ............ 〃 〃

پەرھات مۇھەممەت ............ بالىلىقتا خاتىمە ............ 〃 〃

مۇختار سۈپۈرگى ............ «كۆزى يامان» قىز ............ 〃 〃

ئابدۇرىشىت بارات ............ ئىككى شېئىر ............ 〃 〃

ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر ...... شېئىرلار ............ 〃 〃

مەھەممەت سالىم ............ خاتىمە بەر ھىجرانغا ............ 〃 〃

ئاتىكە مۇرەخمەت ............ ئۈمىد ............ 〃 〃

ئەركىن ياسىن ............ شېئىرلار ............ 〃 〃

سىدىق قاۋۇز ............ مېھرى - شەپقەت ئاسمىنىدىكى چولپانلار ............ 5 - سان

مۇھەممەتئىمىن ھېيىت ........ ئىناقلىق كۈيلىرى ............ 〃 〃

ئابدۇللا سۇلايمان ............ دوستلۇقتىن ياشنايدۇ بۇ ئۆمۈر ............ 〃 〃

مۇسا ئەھەد ............ ئىناقلىق ............ 〃 〃

نەجمىدىن سىدىق ............ ئىتتىپاقلىق — ھاياتلىق ............ 〃 〃

مامۇت زايىت ............ بارچە مىللەت بولدۇق بەزمىدە ............ 〃 〃


ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەھەد مۇھەممەدى ......... دوستلۇق كۈيى ......................٥ - سان
ھەسەن ئىلىۋالدى ......... بىلىمەن ئىناقلىق ھەممىدىن قىممەت ........" "
مۇھەممەت روزى ......... يازدىم شېئىر ......................" "
ئابدۇرېشىت ئىمىن ......... ئىتتىپاقلىق شەنىگە ......................" "
ماخمۇت مۇھەممەت ......... ئىتتىپاقلىق ناخشىلىرى......................" "
تۆمۈر داۋامەت ......... ئۈچ شېئىر ......................" "
رەخىم قاسىم ......... باھار كۈيلىرى ......................" "
رەشىدە سىيىت......... شېئىرلار ......................" "
ئەرشىدىن تاتلىق ......... ئىسسىقكۆل ......................" "
ئارسلان ......... مۇھەببەت لىرىكىلىرى......................" "
غوپۇر رەخىم......... ئانىلارنى تۆرگە ئالايلى ......................" "
تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم ......... ئاچچىق كۈلكىلەر ......................" "
ئۆمەرجان نىيازى ......... دىلبەر ......................" "
نەمەت ناسىرى ......... رۇبائىلار......................" "
ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن ......... گىرىمسەن سىيمالار......................" "
سېتىۋالدى كېرىم......... سەھرادا سەھەر ......................" "
ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر ......... ئىلھامبەخش تۈيغۇلار ......................" "
توختىمۇھەممەت تۇردى ......... ئولتۇرىمىز جانان بىلەن خۇش چىراي ......................" "
تۆمۈر داۋامەت ......... چىن قېرىنداش بىز......................6 - سان
مەھەممەت خېۋىر ......... ئەبجەش چۇقانلار ......................" "
ئابدۇكېرىم ئوسمان ......... دىلدا ئاققان تىلسىم تۇيغۇلار ......................" "
قۇربان ئىمىن ......... جانىجان ئانا ......................" "
ئابدۇسەمەت خېلىل ......... ئىككى شېئىر ......................" "
ئايبېك ئۆمەر ......... مەن شۇنداق شائىر ......................" "
ئابلەت ئابدۇللا ......... رەڭدار زەررىلەر......................" "
ئابلىجان ھېيىت ......... كۆڭلۈمدىكى سۈرەتلەر ......................" "
روزى نىياز ......... ئۈچ شېئىر ......................" "
ئابلىكىم تۇردى ......... بىر كۈپلېتلىق شېئىرلار ......................" "
ئوسمانجان ساۋۇت ......... ئاشىق دىلنىڭ مىڭبىر كۆزى بار ......................7 - سان
توختىھاجى روزى ......... شېئىرلار ......................" "
ئارسلان......... ئۈچ غەزەل......................" "
ئادىلجان تۇنىياز ......... سالام سېنىڭ چوغدەك تېڭىڭغا......................" "
چىمەنگۈل ئاۋۇت......... بۇلۇت ئارا مارايدۇ چولپان ......................" "
زاماندىن پاكزاد ......... ئىسسىق يول ......................" "
ئەزىزى ......... ئىككى شېئىر......................" "

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


| | | |
|---|---|---|
| ئابدۇرېشىت ھېمىت | جىلۋە | 7 - سان |
| مەھەممەتجان ئەمەت | چىغىرىيول | " " |
| ئەركىن روزى | ئىزلىرىڭنى سوراپ شامالدىن | " " |
| ئەنۋەر شەيدايى | گۈللىدى ياشلىق بېغىم | " " |
| تۇراپ دايىم | دان | " " |
| مۇختار سۈپۈرگى | چىمەنلەر يولۇمغا سالار پايانداز | " " |
| ئابدۇشۈكۈر قاۋۇل | قەلبىمدىكى شاۋقۇنلار | " " |
| مەھمۇد زەيىدى | شېئىرلار | " " |
| يالقۇن ئۆمەر | ئىككى غەزەل | " " |
| غالىب قۇربان | يېشىل ياپراق بەرگىدە شەبنەم | " " |
| مېھراي مۇھەممەت | قەلبىمدىكى ناخشىلار | " " |
| غوجا ئابدۇللا ناسىرى | قايرىلىپ قارايدۇ بىر گۈزەل بويان | " " |
| تۇرسۇن مۇسا | شېئىرلار | " " |
| ياسىن ئىسمايىل | ئىككى شېئىر | " " |
| مەھەممەتجان راشىدىن | ئادەملەرگە سۆيگۈ قەرزىم بار | 8 - سان |
| ئابدۇللا سۇلايمان | تەبىئەتكە تۇتاشتۇر قەلبىم | " " |
| مەھەممەت رەھىم | رەڭمۇرەڭ ھىس - تۇيغۇلار | " " |
| ئابدۇلئەھەد قادىرى | ئوتلۇق سادالار | " " |
| ئابدۇللا ئەبەيدۇللىن | شېئىرلار | " " |
| ئىلغارجان سادىق | تىنچلىقتا مۆگدەر ئورمانلار | " " |
| ياسىن زىلال | ئانا (داستان) | " " |
| سەيپىدىن ئەزىزى | ئارماننى كۆردۈم | 9 - سان |
| ئەسقەر ياسىن | پارلاق ھىسلار، قايناق ئىلھاملار | " " |
| ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر | تەبىئەت ھېكمىتى | " " |
| ئىبراھىم نىياز | ئىككى شېئىر | " " |
| ئەزىم ناسىر | ھاياتقا تاشلىنىش | " " |
| ئېزىز ئىمىر | نېمە دەيدۇ يۈرىكىم | " " |
| ئەركىن مۇھەممەت كامالى | قەلبىمدىكى ناخشىلار | " " |
| سادىقەتجان ھاجى | تىلسىمات دۇنياسى | " " |
| ئېزىز ھېيىت | كۆز ئېقىدەك سۈزۈلگەن سەھەر | " " |
| ئابدۇللا ساۋۇت | غەزەللەر | " " |
| ماموت زايىت | غەزەللەر | " " |
| ئادىلجان تۇنىياز | مېنىڭ ئادرېسىم (داستان) | " " |
| ئابلىز ھەسەن | ئىككى شېئىر | " " |
| ئاۋۇت مۇھەممىدى | ئاھ، گۈزەل سۆيۈملۈك ئورۇمچى | " " |

مۇھەممەتجان ئەمەت.......... شېئىر ۋە رۇبائىلار ........................ 9 - سان
باۋۇدۇن نىياز ............ خەۋەر بەرگىن ........................ 〃 〃
غەيرەت غوپۇر ............ ئىككى شېئىر ........................ 〃 〃
توختى نەمتۇللا ............ دىمىغىدا غىڭشىپ ئۆتەر چال........... 〃 〃
ھاشىمجان قادىرى ............ ئالەمگە سىغماس ئىستىكىم .............. 〃 〃
ۋارىسجان قاسىم ............ قونسام مەن ئوت يانغان كىرپىكلىرىڭگە ........ 〃 〃
ئابدۇراخمان روزى ............ رۇبائىي ........................ 〃 〃
مۇھەممەت موسا ............ ئىككى شېئىر........................ 〃 〃
ئابدۇرېھىم سىدىق ............ قۇياش ۋە بۇلۇت ........................ 〃 〃
ئوبۇل ئەزىزى ............ ئىككى شېئىر ........................ 〃 〃
ھەبىبۇللا ئوسمان ............ پەرىشتەم ........................ 〃 〃
ئابدۇرېھىم مۇھەممەت ......... مەن يېشىل دۇنيانىڭ يېشىل بالىسى ........... 10 - سان
ئابابەكرى توختى ............ كۆزلىرىمدە يانار بىر قۇياش........................ 〃 〃
پەرھات مۇھەممەت ............ ئون سەككىز ياش تۇيغۇلىرى........................ 〃 〃
مىجىت تاش............ غەزەللەر ........................ 〃 〃
ئابدۇقادىر جالالىدىن ......... سۆيگۈ بىلەن ھەممە جاي يورۇق جاھان ئەمەسمۇ... 〃 〃
رىزۋانگۈل ھۈسەيىن ......... ئانا يۇرتۇم پەخرىمسەن مېنىڭ........................ 〃 〃
قۇربان ئىمىن............ سۇ ........................ 〃 〃
جاپپار ئەمەت ............ كېچىكىپ كەلگەن ئىلھاملار........................ 〃 〃
ئالىمجان ناسىر ............ تاڭ ئويغاتقان ئىزگۈ تۇيغۇلار........................ 〃 〃
ئابدۇشۈكۈر ئابدۇراخمان...... ئانا قەسىدىسى........................ 〃 〃
داۋۇتجان سەيدىن............ كۆمۈلدۈ ئارمانلىرىم ........................ 〃 〃
خوجا ئابدۇللا ناسىرى ...... تومۇچۇق........................ 〃 〃
مۇھەممەت روزى ............ قەشقەر قىزى ........................ 〃 〃
مۇھەممەتجان سادىق ............ تەڭرىتاغ ئوغلى (باللادا) ........................ 11 - سان
ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن ......... باشئەگىمدە ئوخچۇغان كۈيلەر ........................ 〃 〃
كېرىمجان سۇلايمان ......... لىرىك ناخشىلار ........................ 〃 〃
باتۇر روزى ............ غەزەللەر ........................ 〃 〃
ئادىلجان تۇنىياز ............ سۆيگۈ كۈيلىرى ........................ 〃 〃
ھەسەنجان بارات ............ سەھرا ناخشىلىرى........................ 〃 〃
ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر............ ئىككى شېئىر ........................ 〃 〃
قۇندۇز مۇھەممەت ............ چۈچۈك قەترىلەر ........................ 〃 〃
سەييارە سەلەي ............ ئاقارغان تاڭمۇ سەن........................ 〃 〃
نەيىم يۈسۈپ ............ قاراماي ئىلھاملىرى ........................ 〃 〃
جېلىلى ............ سۆيگۈ نەزمىلىرى ........................ 〃 〃

ئۆمەرجان مۇھەممەدى ......... ھەيرانلىق ........................................ 11 - سان
مۇھەممەت رەھىم ............ ياشلىق ئەسلىمىلىرى ................................ " "
ئەركىن داۋۇت .............. ئۇتلۇق كۆزلەر ماڭا ئىللىق تىكىلىدۇ ............... " "
ئابدۇرېشىت بارات ............. داغدا قالغان تىلەكلەر ............................ " "
نۇرمەھەممەت جېلىل ........... تەمىچىم ........................................ " "
ئېلى زاھىت .................. قىران دەرياسى ................................. " "
مۇتىئىللا ئىبراھىم ............ گۈزەللىك ئىلاھىغا ............................ " "
ئوبۇلخەيرى ئىبراھىم......... پارچىلار........................................ " "
ئۆمەر رەجەپ ................. تېرىككەك مۇدىر ................................ " "


### بالىلار ئەدەبىياتى


مۇھەممەت ئەخمەت ............ «ئاق يولۋاس» (ھېكايە).............................4 - سان
ئەركىن داۋۇت.................. غۇنچىلار تىلىدىن ياڭرىغان كۈيلەر (شېئىر)..........5 - سان
ئېلى زايىت .................... ئىرادە قەترىلىرى (شېئىر)............................ " "
ئىلھام ئاتاۋۇللا ............... شېئىرلار ............................................ " "
تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن ......... ئۈچ ھېكايە........................................ 6 - سان
قۇربان توختى ................. ئىككى كوچا (ھېكايە) .............................. " "
ماخمۇت مۇھەممەت ........... يۇمرانلارغا يۇمران مىسرالار (شېئىر).................. " "
تۇرسۇن قۇربان ............... چۈچۈك مىسرالار (شېئىر)........................... " "
ھەسەن تىلىۋالدى ............. غۇنچىلار ساداسى (شېئىر) .......................... " "
ھاجى ئەخمەت.................. ئالەم گۈزەل، گۈل گۈزەل (شېئىر)....................7 - سان


### ئەدىبلىرىمىز چەت ئەللەردە


سەيپۇل يۇسۇپ ................ ئۇنتۇلماس تەسىراتلار (زىيارەت خاتىرىسى) ......1 - سان
قەييۇم تۇردى ................. ئۇنتۇلماس دوستلۇق سەپىرى (زىيارەت خاتىرىسى)... 4-سان


### بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز


شائىر ئىمىن ئەخمىدى........................................8 - سان
شائىر، ئەدەبىي تەنقىدچى ماخمۇتجان ئىسلام ...... " "
تىرىشچان قەلەم ئىگىسى، ئىشچان باغۋەن......... 9 - سان
جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ياش تالانت................... 10 - سان


### مۇھاكىمە ۋە تەقرىزلەر


ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ............ ھەۋزىخان خاراكتېرى — ھەقىقىي رېئالىزملىق روھنىڭ مەھسۇلى..........................................2 - سان
ئەبىجان ماخمۇت .............. روھىي دۇنياغا مۇۋەپپەقىيەتلىك تاشلانغان قەدەم... 2-سان

مۇھەممەت پولات ........ سەنئەت كۆچى بىلەن جانلاندۇرۇلغان خاراكتېرلار چىنـ
لىقى ........................................ 3 - سان
يارمۇھەممەت تاھىر ........ ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم... 3 - سان
ئەگەر ئەدەبىيات بولمىغان بولسا.................. 3 - سان
ئىبراھىم ئىزاقى ........... شائىر ۋە شېئىرىيەت ماھىرلىقى.................. 4 - سان
نەبىجان ماخمۇت ........... «سىرلىق سەبدە» نى ئاسرايلى.................. 6 - سان
ئەخمەتجان قۇربان ........... شېئىرىي مۇھىت، شېئىرىي كەڭلىك ۋە شېئىرىي تىل
ھەققىدە ئويلىغانلىرىم.............................. 7 - سان
يۈي پياۋ ................ ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى توغرىسىدىكى
بەس - مۇنازىرە................................. 8 - سان
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن... خەلقنى ئۇيرازلىق تەپەككۇر قىلىش — ئۇيغۇر ئەدەبىياتى
نى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى.................... 8 - سان
ئازاد سۇلتان ............. ئۇيغۇر پروزىسىدىكى تراگېدىيە ئېڭى توغرىسىدا... 10 - سان
مەھمۇد زەيىدى ............ «تارىم» ۋە شېئىرىيىتىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى... 11 - سان
ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ........... تۇرمۇش ۋە يازغۇچى ............................ " "
ئابلىكىم ئۇبۇلھەسەن ھاجى ... بىر دەريا بار جىمجىت ئاققان يىل - يىللاپ ......... " "
دىلىك زىرىن ............... ئۇ ئۈز ئەسەرلىرى بىلەن بىللە ياشايدۇ ............ " "

كىتابخانلاردىن خەت

«قىزلىرىمىزغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيلى» قاتارلىق تۆت پار-
چە خەت........................................ 1 - سان
«بۇ چۈش ئەمەس»، بەلكى ھەقىقىي رېئاللىق ...3 - سان
بىزگە مۇشۇنداق ئەسەرلەر كېرەك.................. 4 - سان
«خەير، ياشلىقىم» توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم........... " "
يۈكسەك ئىدىيە سىڭدۈرۈلگەن ھېكايە............... 5 - سان
«سادا» ھېكايىسىدىكى سادا .......................... " "
قايتا پەيدا بولغان «خامىلىيون» ................. 6 - سان
پاكلىق خىتابى............................ 7 - سان

قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

قۇرمانئەلى ئوسپان ............ شېئىرلار ........................................... 5 - سان
تەلئەت ناسىرى ............. ئىككى شېئىر ............................................ " "
جاۋ جىگو ..................... ئوت ئۆچۈرۈلگەندىن كېيىن (ھېكايە) ............. 7 - سان

www.uyghurkitap.com

جاك گوۋيتىك ............ ۋەتەنگە مەدھىيە (شېئىر) ............ 8 - سان
ئاتىكەم زەمىرى ............ باھار ئىلھامى (شېئىر) ............ " "
تۇرغانباي قىلىچبېك ......... بىر سىقىم تۇپراق (ھېكايە) ............ " "
شانىياز كەپەل ............ گۈزەل تاشقورغان (شېئىر) ............ 9 - سان
ئادالەت ھېبىبۇللا ............ كىچىككىنە ئېيتىلغان ناخشا (ھېكايە) ............ " "

سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن

قۇربان توختەمۇۋ ............ شۇ بىر كېچە (ھېكايە) ............ 1 - سان
ئەخمەتجان ھاشىروۋ ............ ئادەمنىڭ كۆڭلى دېگەن (ھېكايە) ............ 2 - سان
شايىم شاۋايېۋ ............ ئېيىق بالىسى (ھېكايە) ............ 4 - سان

چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

ئالبېرت مۇراۋىيا ............ پايلاش (ھېكايە) ............ 4 - سان
كامىلوخوس سېلا ............ تاتلىق ئاپېلسىن قىشنىڭ مېۋىسى (ھېكايە) ...... 6 - سان
گىلازىيا دېلېددا ............ ئەر ۋە ئايال (ھېكايە) ............ 8 - سان
ئىساك سىنگېر ............ ئايالچە ياسىنىۋالغان ئەركەك (ھېكايە) ............ 9 - سان
شەرخان مۇرتازايېۋ ............ يۈرەككە قورۇق چۈشمەيدۇ (ھېكايە) ............ 10 - سان

مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىدىن

سەي خۇڭچۈن ............ مەن خەلق يازغۇچىسى ............ 3 - سان
«مەن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلىغانىدىم...» ............ 6 - سان
تولېستوي ۋە جۇڭگو ............ 8 - سان

ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

1 -، 2 -، 4 -، 10 - ۋە 11 - سان

ق. تۇرسۇن رەتلىگەن.

**ئاپتور ۋە مۇشتەرىلەر دىققىتىگە**

تەھرىر بۆلۈمىمىز يېڭى خىزمەت بىناسىغا كۆچتى. ئالاقىلىشىدىغان يولداشلارنىڭ يېڭى ئادرىس بويىچە ئالاقىلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 - قورۇ «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى. تېلېفون نومۇرى: 416214، پوچتا نومۇرى: 830000

مەرھۇم ياسىن ھاجى خۇدا بەردىنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە



ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكوم شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ
مەرھۇمنىڭ جەسىدى بىلەن
ۋىدالىشىش مۇراسىمىدا.



رەئىس تۆمۈر داۋامەت
مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن
ھال سورىدى.



مەرھۇمنىڭ قەبرىسى بېشىدا.

سۈرەتلەرنى قەييۇم تۇرسۇن تارتقان.

www.uyghurkitap.com






《塔 里 木》 文学月刊 （维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL
IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1990 ـ يىل 12 ـ سان (358 ـ سان)، 40 ـ يىل نەشرى.
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 ـ قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 78784.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国内统一刊号： CN 65－1010／I
本刊代号：58－66 定　价：1.40元
邮政编码：830002

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 ـ 1010 / I
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى: 66 ـ 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 1.40 يۈەن.
پوچتا نومۇرى: